ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (توركىتاب 6-قىسىم)

# دىن، ئىلىم ـ پەن، ۋە زامانىۋىلىق (3 ـ بۆلۈم)



ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

تەھرىر، مەسئۇل مۇھەررىر، ۋە بەتلىگۈچى: پىداكار
مۇقاۋىچى: ئەركىن سىدىق



**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق (10 .3 .2017)**

# بېغىشلىما

بۇ كىتابنى قەدىرلىك ئىنىلىرىم «پىداكار» بىلەن ئابدۇلئەزىز بەشتوغراققا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

**2017-يىلى 25-ماي**

# مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشتا ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ

## — ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى —

مەن 2014-يىلى 2-ئايدىن 2016-يىلى 5-ئايغىچە ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇقۇملارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ياكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇقۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 45 پارچىدەك يازما تەييارلاپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى تورلاردا ئېلان قىلدىم. ئۇ يازمىلار ئاساسىي جەھەتتىن دىنىمىز ھەققىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ھەمدە ئۇيغۇرلار ھازىر دۇچ كەلگەن بىر قىسىم مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب تېپىش يۈزىسىدىن تەييارلانغان. مەن ئۇ ماقالىلەرنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە 3 گۇرۇپپىغا بۆلگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇنداق ماقالىلەرنىڭ 3-گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن دىنىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىر قىسىم دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ قالغانلىقىم ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ تور كىتابىنىڭ 4-قىسمى (دىن ھەققىدىكى تور كىتابىمنىڭ 1-بۆلۈمى) نىڭ «كىرىش سۆزى» دە يېتەرلىك دەرىجىدە توختالدىم. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۇ مەزمۇنلارنى قايتا تەكرارلىمايمەن.

مەن دىن ھەققىدىكى 1-كىتابىمدا مۇنداق دېدىم: «مەلۇم بىر خىل ناچار ئەھۋال ئاستىدا قالغان خەلق ئۆزى تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشتا مۇنداق ئۈچ مەنبەدىن ياردەم ئىستەيدۇ: (1) ئاللاھ، (2) باشقىلار، (3) ئۆزى.» ھەمدە ئۆزۈمنىڭ «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق—بەدرى ئۇرۇشىدىن ئۆيلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە ئاللاھنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ئورۇنلاش زۆرۈر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز كۆز-قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر بىر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشى ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىشىچە، نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە بىزنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ئاللاھتىن شەرتسىز كېلىدىغان ياردەم بىلەن باشقىلاردىن كېلىدىغان ياردەم ھەققىدە ھەر خىل خاتا چۈشەنچە ۋە قۇرۇق ئۈمىدتە بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانىمۇ ئانچە ئاز بولمىدى. ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن خەۋپلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتە ئۈمىدنى ئۆزىدىن ئەمەس، باشقىلاردىن كۈتىۋاتقانلار ھازىرمۇ ئاز ئەمەس. تېخى يېقىندىلا مەندىن چەت ئەلدىكى بىر قانچە ئۇكىلار «خەلقئارا سىستېمىدا بىر ئېزىلگەن مىللەت، بىر ئادالەتسىزلىككە ئۇچراۋاتقان مىللەتكە ياردەم قىلىدىغان ئورۇنلار بارمۇ؟» دېگەنگە يېقىن سوئاللارنى سورىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشتا ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆز-ئۆزىگە تايانمىسا بولمايدۇ. ئەگەر بىر مىللەتكە ياردەم قىلىش ياردەم قىلغۇچى يەنە بىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن، ياكى ياردەم قىلغۇچى مىللەتكە بەلگىلىك پايدا ئېلىپ كەلمەيدىكەن، ئۇ مىللەت

ياردەمگە ئېرىشكۈچى مىللەتكە ھەرگىزمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەمەلىي قىممىتى بار ياردەملەرنى قىلمايدۇ. يەنى، خەلقئارا سىستېمىدىكى ئۆز-ئارا ياردەم «بېرىپ ئال» تەرتىپى ياكى «بېرىپ ئال» مۇناسىۋىتى بويىچە بولىدۇ: سىز ئالدى بىلەن باشقىلارغا بېرىپ، ئاندىن ئۇلاردىن ئالىسىز. ئەگەر سىزدە باشقىلارغا بەرگۈدەك بىر نەرسە بولمىسا، باشقىلاردىنمۇ ئالالمايسىز. بۇنىڭ تىپىك مىسالى قىلىپ كۇردلارنى ۋە بىر قىسىم ئافرىقىلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئامېرىكىلىق دوكتور ۋە پروفېسسور جون مىئېرشايمېر خەلقئارا سىياسەت ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان بىر مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى 5 خىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان:

(1) ئوخشىمىغان ئەللەر خەلقئارا سىياسىيسىدا مۇھىم رول ئالىدىغان ئوخشىمىغان ئارتىسلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئاشۇ ئەللەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا بىر نوپۇزلۇق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ساھەسىدە بىز بۇنى «رەتسىزلىك» (**anarchy**) دەپ ئاتايمىز. بۇ «مەرتىۋە تۈزۈمى» (**hierarchy**) نىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر خىل دۆلەتلەر ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇق ئورگىنى مەۋجۇت ئەمەس، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئوخشىمىغان ئەللەر بىر بىليارت ئۈستىلىدىكى شارسىمان توپلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى ئۆز-ئارا ئوخشىمايدۇ، ئەمما، ھوقۇق جەھەتتە ھەممىسى باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر تېخىمۇ نوپۇزلۇق نەرسە يوق.

(2) ھەممە ئەللەر مەلۇم دەرىجىدىكى باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەربىي قابىلىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتلەر ساھەسىدە ئوخشىمىغان ئەللەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھازىر ئامېرىكا باشقا بارلىق ئەللەردىن كۈچلۈك. ئىسرائىلىيەگە ئوخشاش ئەللەرنىڭمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ھەربىي قابىلىيىتى بار. ئەمما، ئىيوردانىيە، شۋېتسىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق ئەللەر بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ئاجىز.

(3) خەلقئارا مۇناسىۋەتتە نىيەت ۋە قابىلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بار بولۇپ، نىيەت ھەققىدىكى ئەھۋال مۇنداق بولىدۇ: ھېچ قانداق بىر دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ نىيەتلىرىنى ئېنىق بىلەلمەيدۇ. نىيەتنى بايقاش ئىنتايىن تەس. چۈنكى، نىيەت كىشلەرنىڭ كاللىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، سىز ئۇنى كۆرەلمەيسىز، ياكى ئۇنى ئۆلچىيەلمەيسىز. مەسىلەن، سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكا سوۋېتنىڭ تەھدىتىنى توغرا مۆلچەرلەشكە ئىنتايىن كۆپ ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلدى. ئامېرىكا سوۋېتنىڭ قانداق قابىلىيەتلىرى بارلىقىنى ئانچە قىينالمايلا بىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر خىل ھەربىي قورالىدىن قانچىسى بارلىقىنى ئاسانلا ساناپ چىقتى. بۇنداق ماددىي قابىلىيەتلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىلگىلى بولىدۇ، ۋە سانىغىلى بولىدۇ. ئەمما، سوۋېتنىڭ نىيىتىنى بىلىش ئامېرىكا ئۈچۈن ئىنتايىن تەسكە توختىدى. سوۋېتنىڭ نىيىتىنى مۆلچەرلەشتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئىختىلاپلار يۈز بەردى. قىسقىسى، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ نىيىتىنى توغرا بىلەلمەيدۇ.

(4) دۆلەتلەرنىڭ تۈپ نىشانى ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش. ئەگەر بىر دۆلەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدىكەن، ئۇ باشقا نىشانلارنى قوغلىشىپ ماڭالمايدۇ.

(5) دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى راتسىئونال‌لىق بىلەن ئويلاپ ۋە ئىستراتېگىيىلىك ھېسابلاپ ئىش قىلىدىغان ئارتىسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاقىلانە ئىستراتېگىيىلەرنى ئويلاپ چىقىشقا قادىر كېلىدۇ.

دوكتور جون مىئېرشايمېرنىڭ قارىشچە، دۇنيادىكى ئەللەر يۇقىرىدىكى 5 پەرەزنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا، تۆۋەندىكىدەك 3 خىل ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ:

1) خەلقئارا سىستېمىدىكى ئوخشىمىغان ئەللەر بىر-بىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن كۈچلۈك ئەللەرگە قارىتىلغان. ئۇنىڭ مۇنداق 2 سەۋەبى بار: بىرىنچى، سىزنىڭ قوشنىڭىز ناھايىتى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، ھەمدە كۆڭلىدە بىر يامان نىيەتنى ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بىر 1900-يىللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان بولسىڭىز، گېرمانىيەنىڭ بىر جاھانگىر ياكى ناتسىست گېرمانىيەگە ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولاتتىڭىز. ئىككىنچى، ئەگەر سىز ئامېرىكىدا بولۇپ، بىرەر جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسىڭىز، 911 نومۇرغا تېلېفون قىلىپ، دەرھال قۇتقۇزۇلىنىشنى ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسىز. ئەمما، خەلقئارا سىستېمىدا ئەگەر سىز 911 نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز، تېلېفونىنىڭ قارشى تەرىپىدە سىزگە ھېچ كىم جاۋاب بەرمەيدۇ. سىزنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ھېچ قانداق ئورۇن چىقمايدۇ. ھەممە ئەللەر باراۋەر بولۇپ، نوپۇزدا بارلىق ئەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئورگان مەۋجۇت ئەمەس.

2) ئۆزىنى ئۆزى يۆلەيدۇ. بارلىق دۆلەتلەر جىددىي ئەھۋالدا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان باشقا بىرەر دۆلەت ياكى ئورۇننىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ناھايىتى تېز بايقاپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇلدۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلىش يولىغا ماڭىدۇ.

3) خەلقئارا سىستېمىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۆزىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈش. ئامېرىكىدا ئاخشىمى كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن كانادا ۋە مېكسىكىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەيدىغان بىرەر ئادەم يوق. سەۋەبى، ئامېرىكا ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ھېچ كىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە ئاجىز دۆلەتلەر بار، شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە بولسا بېلىقلار بار. بۇ بىر ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك غايىۋى ئەھۋالدۇر. قىسقىسى، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بىر چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەت بولۇش.

دوكتور جون مىئېرشايمېر ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى (https://www.youtube.com/watch?v=CXov7MkgPB4&t=3223s).

مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ دىن ھەققىدىكى 2-كىتابى (تور كىتاب 5-قىسىم) نىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمدەك، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ئۇنۇملۇك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە قىلىشقا تېگىشلىك 1-مۇھىم ئىش «سىياسەتچى»، «دىنچى»، «پەنچى» ۋە «باشقىچى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ھەممە ۋەتەنداشلار «ئۇيغۇرلار» دېگەندىن ئىبارەت بىرلا بايراقنىڭ ئاستىغا توپلىنىشى، يەنى ھەممە ئۇيغۇرلار بىر تال ئۇيۇلتاشتەك قاتتىق ئىتتىپاقلىششى كېرەك. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈشى كېرەك. باشقىلارنىڭ بىزگە ھېسداشلىق كۆرسىتىشى خۇددى بوۋاق بالىنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئېمىزەك سېلىپ قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، ئۇ ھېچ قانداق ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ

بىرەلمەيدۇ. بۇ نۇقتا دوكتور مىئىرشايىمىرنىڭ يۇقىرىدىكى نەزەرىيىسى بىلەن ئوخشاش. ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش دېگەنلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغانلار باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇش، باكلاۋۇر ئۇنۋانى بارلار ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بارلار دوكتورلۇقتا ئوقۇش، مەلۇم بىر كەسىپتە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر چوقۇم ئۆزىنىڭ كەسپىي قابىلىيەت ۋە كەسپىي بىلىملىرىنى تولۇق ئىشقا سالالايدىغان بىر ئورۇندىن خىزمەت تېپىش، ئۆزى ياشاۋاتقان ئەلنىڭ جەمئىيىتىدە ئىمكانقەدەر يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى» مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە يېتەرلىك مەزمۇن بايان قىلغىلى بولىدىغان ئورۇن ئەمەس بولۇپ، مەن «مەن مىللەت ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ھەر بىر ۋەتەنداشتىن «ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش» ھەققىدە قايتىدىن بىر قېتىم قاتتىق ئويلىنىپ بېقىشنى، ھەمدە دەرھال ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2015-يىلى يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «20-ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ ــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن» دېگەن تېمىدىكى بىر پارچە ماقالىسى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «مىسرانىم مۇنبىرى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم زىيالىي ۋە بىر قىسىم توردا شلار ئارىسىدا كۈچلۈك بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. مەن ئىشنىڭ يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنى توسۇشقا بىر ئاز پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، ئاشۇ مۇنازىرىگە قارىتا 3 پارچە ئىنكاس يازدىم. بۇ قېتىم ئاشۇ ئىنكاس خاراكتېرلىك يازمىلىرىمنى بىر تور كىتاب شەكلىدە ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈپ قويدۇم. يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «20-ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ ــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن» دېگەن ماقالىسىنى بولسا «پەيلاسوپ مۇنازىرىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» دېگەن يازمامنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئىنىمىز 2015-يىللىرى مىسىر قاتارلىق بىر قانچە ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ كەلدى. ئاندىن ئۆز تەسىراتلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ، تورلاردا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ۋەتەنداشلارمۇ ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئىنىمىزنىڭ ماقالىلىرى ھەققىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارغان بولۇپ، مەن شۇ ھەقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى 2 پارچە ئىنكاس قىلىپ يېزىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقىرىپ قويغان ئىدىم. بىر تور كىتاب شەكلىدە ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئاشۇ ئىنكاس خاراكتېرلىك يازمىلىرىمنىمۇ مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

مەن تەييارلىغان دىن ھەققىدىكى يازمىلاردا نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالغانلىقى، ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مۇناسىۋىتى، ھەمدە مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىر قىسىم مەزمۇنلار بار. ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى دوكتور مۇھەممەد ئابدۇل سالامنىڭ يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان بىر نۇتقى بار بولۇپ، مەن ئۇنى مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈپ قويدۇم. تېخى ئوقۇپ باقمىغان ۋەتەنداشلارغا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئالدىنقى 12 كىتاب بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ تور كىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. يەنە بىر قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق بولسا مېنىڭ 7 دانە باسما كىتابلىرىمنىڭ مۇقاۋىسىنى تەييار قىلىش، كىتابلارنى باستۇرۇش، ۋە ئۇلارنى تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قىلدى. ھازىر ئاشۇ كىتابلارنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش ئىشىنى داۋاملىق ھالدا بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىككى نەپەر قەدىرلىك ئىنىلىرىمغا چىڭ كۆڭلۈمدىن كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى قەدىرلىك ئىنىلىرىم «پىداكار» بىلەن ئابدۇلئەزىز بەشتوغراققا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق
ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى
2017-يىلى 25-ماي

# مۇندەرىجە

ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 5
نېمىشقا مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى؟ ........................................ 11
تىلتۇمار، تۇمار، تىلسىم ۋە بېشارەت ........................................ 24
ئىلىم-پەن ۋە دىن ........................................ 29
مەدەنىيەت، ئىسلام ۋە بىدئەت ........................................ 41
ئىسلام زىيالىيلىقى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ........................................ 55
تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان تۆت چوڭ قىيىنچىلىق ھەققىدە ........................................ 66
تۆت چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۇسۇلى ........................................ 76
تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلار ........................................ 91
ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ........................................ 97
دىنىمىزنى قىينالاشتۇرۇۋەتكەن ئۆزىمىز ........................................ 107
«پەيلاسوپ» مۇنازىرىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................................ 121
بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ ........................................ 130
زۇلپىقار ئەپەندىگە تەكلىپ ........................................ 133
ئابدۇۋەلى ئايۇپ ماقالىلىرى ئۈستىدىكى مۇنازىرە ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................................ 136
ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ئائىت يازمامغا تولۇقلىما ........................................ 146
نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى دوكتور مۇھەممەد ئابدۇل سالامنىڭ نۇتقى ........................................ 159
چۈشكەن ئىنكاس ۋە كەلگەن خەتلەردىن تاللانمىلار ........................................ 167

## نېمىشقا مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى؟

**2015-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى**

ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى باشقا نوپۇس سانى 10 مىليوندىن ئاشىدىغان مىللەتلەرگە ئوخشاش ھەممە ساھەلەردە تەرەققىي قىلىشنى ئويلايدۇ. تېز تەرەققىي قىلىشنى ئويلايدۇ. ئاشۇنداق قىلىشنى كېچە-كۈندۈز ئويلايدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىر دىن ۋە ئېتىقاد بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا داۋاملىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان كىشىلەر چوقۇم دىن ۋە ئېتىقادنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر خىل روھىي تۈۋرۈك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئامىلنى ئەستىن چىقىرىپ قويسا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۇ نەرسىلەردىن ئايرىۋېتىشنى شەرت قىلىش ئاساسىدىكى يېڭى ئىدىيىلەرنىڭمۇ ھازىرچە ئانچە قىممىتى بولمايدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرچە تورلاردا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، بەزى تورداشلار ھازىرغىچە ياخشى تەرەققىي قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى دىن، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە دىن بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تەھلىل قىلىش، ۋە ئۇنىڭغا ئادىل ۋە توغرا باھا بېرىش ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي سالاھىيەت تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش بولۇپ، ئۇنداق تېما ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشتا ئۇيغۇرچە تور مۇنبەرلىرى بىر مۇۋاپىق سورۇن بولالمايدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تورلاردا ئەركىن پىكىر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق بىر شارائىتتا، ئۇيغۇرچە تورلاردا ئۇنداق بىر تېما ئۈستىدە ئادىل بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. دىننى ۋە دىنىي تارىخنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بىلەن دىننى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەيدىغان، ھەمدە دىنغا گۇمانلىق ياكى ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن دىننىڭ تەرەققىياتقا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارسا، ئۇ پەقەت ۋاقىت ئىسراپچىلىقىلا بولىدۇ. ئەمما، ھەممە كىشى دىن ۋە تەرەققىيات ئۈستىدە ئازراق ئىزدەنسە، ھەمدە بۇ ساھەدە يېڭى ۋە زۆرۈر بىلىملەرگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بولىدۇ. باشقا بارلىق پايدىلارنى بىر ياققا قايرىپ قويغان تەقدىردىمۇ، بىزلەر بىر مۇسۇلمان خەلق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

شۇڭلاشقا مەن يېقىندىن بۇيان مۇسۇلمانلارنى تەرەققىياتتا ئارقىدا قالدۇرغان ئامىللار زادى نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئامىللارمۇ بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇلار قايسىلار؟ دېگەن سوئاللار ئۈستىدە بىر ئاز ئىزدەندىم. نەتىجىدە دوكتور ياسىر قازىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغان بىر قانچە دوكلاتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى قايتا-قايتا ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر دوكلات 2015-يىلى 6-سېنتەبىر كۈنى

ئامېرىكا ئىللىنوئىس (Illinois) شتاتىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى» قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلار — ھازىرقى قىيىن ۋاقىتلار ئۈچۈن كۆرسەتمە» ئىكەن [1]. بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنى بىزنىڭ بەزى نازۇك مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۆز چۈشەنچىلىرىمىزنى توغرىلىۋېلىشىمىزغا زور پايدىسى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە مەن ئالدىنقى قېتىملىق «نېمىشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن ماقالەمدە بايان قىلغان بەزى ئۇقۇملارغا ئائىت بىر قىسىم مەزمۇنلارمۇ بار ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ ماقالە «نېمىشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟» نىڭ 2-قىسمى، دەپ چۈشىنىلسىمۇ بولىدۇ .

ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر دوكلاتىدا يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشىنىڭ 3 چوڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، 1-سەۋەبتە مەن ئۆزۈمنىڭ 2014-يىلىدىكى «ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟» [2] ۋە «مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار» [3] دېگەن ماقالىلىرىدە تونۇشتۇرغان بىر قىسىم مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان توردىشلارغا ئاشۇ ئىككى پارچە ماقالىنىمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن (ئۇ ماقالىلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاستىدا بار).

يۇقىرىدىكى دوكلاتتىن باشقا، مەن يەنە ياسىر قازىنىڭ «نېمىشقا ئۇممەتلەرگە بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن بىر قىسقا نۇتۇقىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنىمۇ تونۇشتۇرىمەن. بۇ نۇتۇقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ 3-سەۋەبىنىڭ داۋامى ۋە 4-سەۋەبى چۈشەندۈرۈلگەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ «ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلار — ھازىرقى قىيىن ۋاقىتلار ئۈچۈن كۆرسەتمە» دېگەن دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى. كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر ئەسلىدىكى مەزمۇنغا مەن ئۆزۈمنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇلارنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.




1-رەسىم: دوكتور ياسىر قازى 2015-يىلى 6-سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكا ئىللىنوئىس شتاتىدىكى بىر مۇسۇلمانلار يىغىلىشىدا دوكلات بەرگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

## 1. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ ئۈچ چوڭ سەۋەبى

ئالدىنقى كۈنى ئامېرىكىنىڭ «مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى» نىڭ قۇرۇلتىيى جەريانىدا بىر ياش ئوقۇغۇچى قېشىمغا كېلىپ، مەندىن ناھايىتى قىيىن سوئالدىن بىرنى سورىدى. ھازىر بىز بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقان باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاشلا، ئۇمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشتە گاڭگىراپ قېلىپتۇ:

--نېمىشقا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار خەۋەرلەرگە شۇنچە كۆپ چىقىپ قالىدۇ؟

--نېمىشقا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ خەۋەرلەر سەلبىي مەزمۇن بىلەن چىقىدۇ؟

--نېمىشقا مۇسۇلمانلار دۇنياسى شۇنچە قەبىھلىك بىلەن تولۇپ كېتىدۇ؟

--نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ جەھەتلەردە مۇسۇلمانلار دۇنياسى باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ؟

ھېلىقى قېرىندىشىمىز يەنە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى، دۇنياغا داڭلىق ئالىملار، دوختۇرلار، ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ سانى، ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى رەزىل دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالدى. ئۇ يەنە غەرب دۇنياسى بىلەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئاشۇنداق روشەن پەرقلەر ئۆزىنىڭ ئىمانىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ھەققىدە سوئال سوراۋاتىدۇ. ئۇ «ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىز بىر ھەق دىن بولسا، نېمە ئۈچۈن يەنە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز شۇنچە ئارقىدا قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسلامنى رەت قىلغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئىسلامنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ شۇنچە گۈللىنىپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى داۋاملىق ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ ۋە زوراۋانلىقلارنىڭ ئىچىدىلا يۈرىدۇ؟» دەپ ھەيران قېلىۋېتىپتۇ. ھەممە بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى، ئىسلامنىڭ بىر ھەق دىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز-قارىشى، ۋە قۇرئاننىڭ بىر مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئۆزىدىكى ھېلىقىدەك گۇمانلىرىنى بايان قىلدى.

ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل ئەھۋال بىر ئالاھىدە ئەھۋال ئەمەس. قىسمەن ئۇچرايدىغان ئەھۋالمۇ ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن بۈگۈنكى بۇ ئاممىۋى سورۇندا ئۆزۈمنىڭ نۇتۇقىنى يۇقىرىدىكى سوئاللار بىلەن باشلاشقا مەجبۇرى بولدۇم. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلە ئاسانلىقچە چېقىلىشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە بولسىمۇ، مەن بۈگۈن ئۆزۈمگە بېرىلگەن 15 مىنۇت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ باقماقچى.

بىز توغرا يول تۇتقان ياخشى كىشىلىرىمىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمما، بىز شۇنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھازىر بىز ئېھتىرام بىلدۈرمەكچى بولغان ھەر بىر ياخشى ئادەمگە دىنىمىزدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاۋاتقان 10 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ھازىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ناھايىتى ئوبدان گۈللىنىۋاتىدۇ، ئەمما، بۇ بىرلەشمىگە ئەزا بولۇپ كىرىۋاتقان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئىسلامغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان 3-4 ئوقۇغۇچى توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ بىرلەشمىگە كىرمەكچى بولغان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا دىنىمىزدىن گۇمانلىنىۋاتقان 5-6 ئوقۇغۇچى توغرا كېلىۋاتىدۇ. گۇمانلىنىش ۋە قايمۇقۇپ قېلىش تۇيغۇلىرى ھازىر بىزنىڭ تېنىمىزگە سىڭىپ كىرىشكە

**باشلىدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دەۋرىدە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. گەرچە بۇ مەسىلە بىر ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدىغان بىر تېما بولسىمۇ، بىز بۇ قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلالايدىغان غەيرەتكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.**

**كېيىنكى 12 مىنۇتتەك ۋاقىت ئىچىدە، مەن ئاشۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە بىر سۆھبەتنى باشلىماقچى. ئاشۇنداق سۆھبەتنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر مەسىلىلەر ئۈستىدە يېڭىچە ئويلىنىش، ۋە ئۇ مەسىلىلەرنى يېڭىچە ئانالىز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىشى، ئولتۇرغانلارنىڭ چوڭقۇرراق ئويلىنىش قىزغىنلىقىغا ئىگە بولالىشى مۇمكىن.**

**مېنىڭ بۈگۈن دەيدىغانلىرىم ئۆزۈمنىڭ مەندىن سوئال سورىغان ھېلىقى ياشقا بېرىدىغان ئۈچۈرلىرىم، شۇنداقلا ئۇ ئارقىلىق ئاشۇ ياش بىلەن ئوخشاش قىيىنچىلىقلار ۋە ئوخشاش مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان باشقا بارلىق ياش قېرىنداشلىرىمغا بېرىدىغان مەلۇماتلىرىمدىن ئىبارەت.**

**نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان دۇنياسى ئارقىدا قالدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسى قەبىھلىككە، ۋە زوراۋانلىققا پېتىپ قالدۇ؟ نېمشقا مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ دۆلەت كىرىمى تۆۋەن بولىدۇ؟ نېمشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئىلىم-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەلىرىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىگىلى بولىدۇ. ئەمما مەن بۈگۈن بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى 3 ئاددىي نۇقتىغا يىغىنچاقلايمەن. ھەمدە ئولتۇرغانلاردىن بۇ ھەقتە كۆپرەك ۋە چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىشنى سورايمەن.**

## (1) تارىخىي سەۋەبلەر

**بىزنىڭ قانداق قىلىپ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىزنىڭ تۈنۈگۈن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز شەرت. بۈگۈنكى ۋەقەلەرنى تۈنۈگۈنكى ۋەقەلەردىن ئايرىپ تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. 2015-يىلى بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن بۇرۇن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. تارىختىكى بىز قاراپ بېقىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتلارنىڭ بىرى بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇنقى 1915-يىلدۇر. 1915-يىلى بەك قەدىمىي ۋاقىتلارمۇ ئەمەس. مېنىڭ بوۋام ئۇ ۋاقىتلاردا ئون نەچچە ياشلىق بىر يىگىت ئىدى. ئۇ چاغدىكى دۇنيا ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. ئۇ چاغدا خەلىپىلىك تۈزۈمى تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ، گەرچە ئۇ خەلىپىلىك بەك داڭلىق بولمىسىمۇ، ئۇ 1350 يىللىق ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ داۋامىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئەمما شۇ يىلى، يەنى 1915-يىلى ئەنگلىيە ۋە باشقا بىرلەشمە ئارمىيە قوشۇنلىرى بىرلىكتە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قارشى تۈنجى ھۇجۇمنى باشلىدى. خەلىپىلىككە ھۇجۇم باشلىدى. خەلىپىلىك ئولتۇراقلاشقان ئىستانبۇلغا ھۇجۇم باشلىدى. مۇشۇ ئۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىگىچە داۋاملاشقان سىياسىي قۇرۇلمىنىڭ يىمىرىلىپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە «پارچىلاپ بويسۇندۇرۇش» تاكتىكىسىنى ئاللىقاچان باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئۈممەتلەرنىڭ قەلبىگە «مىللەتچىلىك» ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۈممەتلەر «مىللەتپەرۋەرلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلمەيتتى. ئەنگلىيىلىكلەر ئەرەبلىكلەرگە «سىلەر قانداقمۇ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايسىلەر؟ گەرچە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى سىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار ئەمەس» دېدى. ھەمدە ئەرەبلەرگە «ئەگەر سىلەر تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يەڭسەڭلار، سىلەرگە ئىراقتىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقىغىچە**

بولغان زېمىننى ئايرىپ بېرىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر خەلىپىلىكى بار بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىمىز. يېرۇسالېم ۋە پەلەستىنمۇ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار بولىدۇ» دېگەن ۋەدىلەرنى بەردى. بىر گۇرۇپپا ئەرەبلەر بۇ قۇرۇق ۋەدىلەرگە ئالدىنىپ، خەلىپىلىككە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ھەمدە ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن كۈچىنى بىرلەشتۈردى. ئەنگلىيە ئۇرۇش قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئاشۇ گۇرۇپپىغا بېرىپ، ئۇلارنى خەلىپىلىككە قارشى ئۇرۇشقا سالدى.

ئەنگلىيە بىر تەرەپتىن ئەرەبلەرگە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ھەققىدە ۋەدە بېرىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە بىر تەرەپتىن فىرانسىيە ۋە رۇسىيە بىلەن بىرلىكتە ئەرەب زېمىنلىرىنى ئۆزلىرىگە قانداق تەقسىم قىلىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۈگۈنكى سۈرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان، ئىراق، ۋە ئەرەبىستان، قىسقىسى بارلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى شۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە تەرىپىدىن لايىھىلىنىپ چىقىلغان. شۇ چاغدا تۈزۈلگەن لايىھە «سايكس-پىكوت كېلىشىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، ئەنگلىيە شۇ چاغدا ئىنچىل تۈردە ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بىر ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىرلىككە كەلگەن خەلىپىلىكنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىنچىل تۈردە بىلىپ تۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتمۇ دەل شۇنداق بولدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى گۇمران قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئۈممەتلەر يۇقىرىدىكىدەك ئەللەرگە بۆلۈپ تاشلاندى.

ئەرەبلەرگە بەرگەن ئاشكارا ۋەدىسى بىلەن فىرانسىيە ۋە رۇسىيەگە بەرگەن مەخپىي ۋەدىسىدىن باشقا، ئەنگلىيە 3-ۋەدىنى، يەنى «بالفور خىتابنامىسى» (The Balfour Declaration) دەپ ئاتىلىدىغان 3-ۋەدىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇلار بۇ ۋەدىسى ئاستىدا دۇنيا يەھۇدىي زىئونىست فېدىراتسىيەسى بىلەن مەخپىي كېڭەشىش سۆھبىتى (negotiation) ئۆتكۈزۈپ، ئەگەر ئەنگلىيەگە 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلسا، ئۇلارغا پەلەستىنلىكلەر زېمىنىنىڭ كىندىكىدە بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

دېمەك، شۇ چاغدا ئەنگلىيە ئاشۇنداق 3 خىل ۋەدىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى ھەممە مۇسۇلمانلار بىلىشى كېرەك. بۈنىڭدىن 100 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە، 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، بىرلەشمە ئارمىيە قوشۇنلىرى ئالدى بىلەن دەمەشققە كىردى، ئاندىن يېرۇسالېمغا، ئاندىن باغدادقا، ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئىستانبۇلنىڭ ئۆزىگە كىردى. ئۇلار كىرگەن شەھەرلەر بۈنىڭدىن جىق كۆپ، ئەمما مەن بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ 4 شەھەرنىلا تىلغا ئالدىم. سەۋەبى بۇ 4 شەھەر ئەينى ۋاقىتتا خەلىپىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ ئەڭ ئېچىنىشلىق بولدى. يېرۇسالېم بولسا 3 چوڭ دىنىنىڭ بىر ئەڭ مۇقەددەس جايىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۈممەييەنىڭ خەلىپىلىكى دەمەشققە جايلاشقان ئىدى. ئۇ يەرنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى داغدام قەدەملەر بىلەن كىرىپ ئىگىلىۋالدى. يېرۇسالېمنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ چاغدا باغداد ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئورنى ئىدى. ئىستانبۇل بولسا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى خەلىپىلىكى جايلاشقان ئورۇن ئىدى. ئاشۇ 2-3 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئىسلامنىڭ سىمۋولى بولغان ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەگەر بىز ھازىرقىدىن 200 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتساق، ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھەققىدە سۆزلىيەلەيمىز. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا قايتساق، يەنە نۇرغۇن ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلالايمىز. ئەمما بۇ يەردە ئۇ ھەقتە سۆزلىمەي قويايلى.

قىسقىسى، ھازىر ئوتتۇرا شەرقتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەللەر شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز

ئارزۇسى بىلەن ئورگانىك ھالدا شەكىللەنگەن ئەمەس. ھازىر ئاشۇ رايوندا ھەر خىل توقۇنۇشلارنىڭ مەنبەسى بولۇۋاتقان دۆلەت، مىللەت، چېگرا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تاشقى كۈچلەرنىڭ قولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشمۇ ئەنگلىيەنىڭ باشقا بىر ئەلنىڭ يېرىنى زىئونىست يەھۇدىيلارغا بۆلۈپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بۇ يەردە مۇسۇلمانلار جۇدائىزم بىلەن زىئونىزمدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى مەن ئۆزۈم ئاشۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلغان. مەن ئۇنىڭغا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە پۇشايمان قىلمەن. ئۇ مەندىن كەتكەن بىر خاتالىق. بىز بىلەن جۇدائىزم دىنى ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مەسىلە يوق. بىزنىڭ ياقتۇرمايدىغىنىمىز زىئونىزمدىن ئىبارەت ئىرقىي كەمسىتكۈچى سىياسىي پەلسەپە قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. تارىختىن بۇيان يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن. ئىسرائىلىيە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ياخشى ئۆتكەن. ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلار ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر زېمىنىدا تۇغۇلۇپ، ئەرەبلەر زېمىنىدا ياشاپ، ھەمدە ئەرەبلەر زېمىنىدا روناق تاپقان. تارىختا بىر قانچە قېتىم خرىستىئانلار يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار زېمىنىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن پاناھلىق جاي تاپقان. شۇڭلاشقا، قېرىنداشلار، بىزنىڭ دىنىمىزدا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى (anti-semitism) گە ئورۇن يوق. ئەمما، بىز سەممىي ۋە ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشىمىز كېرەك: ئىسرائىلىيەنى تەنقىدلەش ۋە ئىسرائىلىيەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تارىخى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق.

مېنىڭ بۈگۈن دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، بۈگۈن مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان توقۇنۇشلار ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، تۈنۈگۈن ئاشۇ زېمىنلاردا يۈز بەرگەن زەنجىرسىمان ۋەقەلەرنى ئۇنتۇلۇپ قالساق بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز تارىخنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. تارىخنىڭ مۇنداق ئىككى تەرىپىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، مۇستەملىكىچىلىك. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولسا، 1-دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى. ئەگەر سىز مۇشۇ ئىككى نەرسىنى چۈشەنسىڭىز، ھازىر بىزنىڭ مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بىر قىسىم توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلەيسىز.

### (2) سىياسىي سەۋەبلەر

دۇنيا سەھنىسىدە ئاساسلىق رول ئېلىۋاتقان بىر قانچە چوڭ كۈچلەر بار بولۇپ، دۇنيا ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش قائىدىلىرىنى ئاشۇ كۈچلەر تۈزۈپ چىقىدۇ. باشقا نۇرغۇنلىغان كىچىك كۈچلەر ئاشۇ قائىدىلەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۆزلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقلاپ مېڭىشقا تىرىشىدۇ. سىياسەت بىر خىل مەينەت ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ ئويۇندا زىيانغا ئۇچرايدىغانلار بايلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئەمەس. بۇ مەينەت ئويۇننىڭ كاساپىتىدىن زىيانغا ئۇچرايدىغانلار كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت. سىياسەت ئىككى تەرەپ باراۋەر ھالەتتە تۇرۇپ مۇسابىقىگە چۈشىدىغان مەيدان ئەمەس. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار زېمىنلىرى ھەممىدىن كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ ھازىر زوراۋانلىق ۋە ئىسلامىي رادىكالىزملىقنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان جايلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇ دېگەنلىك «رادىكالىزم بىر ئورۇنلۇق ئىش» دېگەنلىك ئەمەس. «ئىسلام دۆلىتى» نىڭ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىز ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. بىز ئۇلار

كۆتۈرۈپ چىققان ئىسلام چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلمايمىز. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىز ئۇلار سادىر قىلغان جىنايەتلەرنى باشقىلارغا ئارتمايمىز. ئۇ جىنايەتلەرنى شۇلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما، بىز ئاشۇ ئىشلارنى توغرا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىمىز. بىز ئاشۇ زوراۋانلىقلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتىمىز. ئۇ زوراۋانلىقلار قۇرئاندىن كەلمەيدۇ. ئۇلارنى بىزنىڭ ئەنئەنىمىز كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. بىزنىڭ باشقا ئامىللار ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» گە بىر پارچە ماقالە چىقتى. ئۇنىڭدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئەرەب باھارى» ئىشلىرىدا قانداق مەخپىي رولارنى ئوينىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى بەزى كىشلەرنىڭ تەسرى بىلەن «ئەرەب باھارى» دىكى بەزى كىشلەر سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ياقتۇرىدىغان بەزى كىشلەر دەسستىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەھۋاللارنىڭ ھازىرقىدەك بولۇپ قېلىشى ئۆزلۈكىدىن ياكى تاسادىپىي ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشلار ئەمەس. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىشلار ئاشۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلمايۋاتىدۇ. «ئىسلام دۆلىتى» نىڭ ئىراق ۋە سۈرىيەدە پەيدا بولۇۋاتقىنى تەبىئىي ھالدا يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس. رادىكالىزمنىڭ رەزىل دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان يەرلەردە يۈز بېرىۋاتقىنى تاسادىپىي ھادىسىلەر ئەمەس. بىز بۇ يەردە «ئىسلام دۆلىتى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشلەرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ئەمەسمىز، بەلكى، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنى توغرا چۈشەندۈرمەكچىمىز. سىز گۇناھنى مۇسۇلمانلارغا، پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ئارتىشتىن بۇرۇن، ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، تارىخنى ۋاراقلاپ بېقىڭ، ھەمدە سىياسەتنى تەتقىق قىلىپ بېقىڭ. تارىخ بىلەن سىياسەت ئىسلام ۋە ئىسلام دىنىغا قارىغاندا بىزگە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

### (3) ئەقىدە جەھەتتىكى سەۋەبلەر

ئاللاھقا ئىشىنىدىغان كىشلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى ھازىر شۇنچە ئېغىر ئازابلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىر ئەقىدە نۇقتىسىدىن قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ شۇنچە ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ تارىخىي ۋە سىياسىي سەۋەبلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىزگە ئوخشاش ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىدىغان كىشلەر، ۋە مۇقەددەس كىتابقا ئىشىنىدىغان كىشلەر بىر كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى بۇگۈنكىدەك سىناقلار بىلەن سىنىشىنى بىر ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قانداق چۈشىنىشى كېرەك؟ بۇ بىر ئىنتايىن چوڭقۇر پەلسەپىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ رەزىللىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە بىر ئادەمنىڭ رەزىللىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قانداق چۈشىنىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ مەسىلىنى مېنىڭ قېلىپ قالغان 5 مىنۇت ۋاقتىمدا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەمما بىز مۇنداق بىر خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز: بىز مۇسۇلمانلار رەزىللىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەتتىن كېلىپ چىقىدىغان ياخشىلىق ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ۋە توغرا يول تۇتقان ئادەم دۇچ كەلگەن رەزىللىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئورنىنى ئاللاھ ئۇلاردىن جىق كۆپ بولغان مۇكاپاتلار بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايمىز ( the good that comes out of evil and of suffering outweighs the bad, and that any evil and suffering that happens to a righteous person shall be

(rewarded much more than the evil and the pain itself). باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىر توغرا يول تۇتقان ئادەم ھەر قانداق قىيىنچىلىق، ھەر قانداق ئازاب، ۋە ھەر قانداق قايغۇنىڭ دەردىنى تارتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر ھاياتىدا شۇنچە كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ (بۇ يەردىكى قالغان ئازراق مەزمۇن قىسقارتىلدى) [1].

## 2. نېمىشقا ئۇممەتلەر ھازىرقىدەك كۈنگە قالدۇ؟

تۆۋەندە مەن ياسىر قازىنىڭ «نېمىشقا ئۇممەتلەرگە بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن بىر قىسقا نۇتقىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرىمەن [4]. بۇ نۇتۇق بىر مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن «ئۇممەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى» دېگەن بىر سائەتلىك دوكلاتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ [5]، تورلارغا بىر ئايرىم 12 مىنۇتلۇق سىن ھۆججىتى قىلىپ يوللىنىپتۇ.

تۆۋەندىكىسى «نېمىشقا ئۇممەتلەرگە بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن نۇتۇقنىڭ مەزمۇنلىرى.

- -ئۇممەتلەر نېمىشقا بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كىرىپ قالدى؟
- -بىز مۇسۇلمانلار ئەمەسمۇ؟
- -بىز ئاللاھقا ئىشەنگۈچىلەر ئەمەسمۇ؟
- -بىز مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممەتلىرى ئەمەسمۇ؟
- -بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئادەملىرى ئەمەسمۇ؟ بىز ئەلۋەتتە شۇنداق.
- -ئاللاھ بىز تەرەپتە تۇرمامدۇ؟
- -ئۇنداقتا نېمىشقا ھازىرقىدەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟
- -بىز نېمىشقا ھازىرقىدەك سەلبىي ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىمىز؟
- -نېمە ئۈچۈن بىز توغرۇلۇق چىققان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكۈنلۈككە تولدۇ؟
- -بىزنىڭ ئىززىتىمىز ۋە شۆھرىتىمىز نەگە كەتتى؟

مانا بۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىدىغان ھەر بىر دىندار مۇسۇلمان، ھەر بىر ئەقىللىق، تەپەككۇرچى ۋە راتسىئونال ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە شەكىللەندۈرۈۋاتقان سوئاللار. ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» ھەدىسىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پات يېقىندا شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، يەر يۈزىدىكى ئەللەر بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ ۋە رىقابەتلىشىدۇ. ئۇلار كېلىپ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. خۇددى ئاچ قالغان كىشىلەر كۆپلىگەن يېمەكلىكلەر قويۇلغان بىر ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، يەر يۈزىدىكى ئەللەر مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلىنىدۇ.» ساھابىلەر «بىزنىڭ سانىمىز بەك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ياق، ئۇنداق ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولمايدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغان، ئەمما ئۇلار دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپۈكلىرىگە ئوخشاپ قالغان بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ.» دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپۈكلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۈپىتى بولمايدۇ. دېڭىز

سۈيىگە قارىساق، ھەممە يەرلەردە ئاشۇنداق كۆپۈكلەرنى كۆرىمىز. ئەمما ئۇلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ. بىر جايدا ئازراق ۋاقىت ساقلىنىپ تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى يوق. ئۇنىڭ مەقسىتى يوق. ئۇنىڭ قىممىتى يوق. سانى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما سۈپىتى ئىنتايىن تۆۋەن. ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكى ماددىي ھاياتقا قاتتىق بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇلۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ نىشانى، نەزەر دائىرىسى، ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى مۇشۇ دۇنيانىلا مەركەز قىلغان. ئاخىرەتتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ قالغان.

بىزنىڭ ھازىر دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز بىر خىل سىناق بولۇپ، بۇ سىناقتا مەلۇم بىر ھېكمەت، مەلۇم بىر غايە يوشۇرۇنغان. ئۇ نىشان قۇرئاندا ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. سۈرە ئەنكە بۇت (29-سۈرە) دە مۇنداق مەزمۇنلار بار: ئىنسانلار ئۆزلىرىنى سىناقسىز قالىدۇ، ئۆزلىرىگە سىناقلار چۈشۈرۈلمەيدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۆزلىرىنى «مەن ئىشىنىمەن» دەپ قويسىلا ئىش پۈتىدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ بىز بۇرۇنقىلارنى سىناقلارنى چۈشۈرۈپ سىنىغان. ئۇنداق قىلىشتىن مەقسەت كىملەرنىڭ ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر ئىكەنلىكى، ۋە كىملەرنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈش.

بىر ئادەم «مەن مۇسۇلمان» دەپ قويسىلا ئاللاھ شۇ بويىچە ئىشەنمەيدۇ. بەلكى بىر قىسىم سىناقلارنى چۈشۈرۈپ، كىمنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكى، ۋە كىمنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى سىنايدۇ. بىز ئۆگىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق دىنىمىز بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

ئىلاۋە: مەن يېقىندا تورلاردا ئېلان قىلغان «ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى»، «تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت»، ۋە «نېمىشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن 3 پارچە ماقالىدە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم.

بىر تال شامنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى كۆيدۈرۈش ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىش. سىزدىكى بىلىملەرنىڭ مەقسىتى ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىدە ساقلىنىش ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا تارقىلىش. سىز ئىسلامنىڭ ۋەكىلى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇنداق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك. ئائىلىڭىزدە، بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا، دوستلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە، تونۇشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە، ۋە خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە سىز ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىسىز. سىز بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. سىز ئاشۇنداق مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭىز كېرەك. ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىزنى ئىشلىتىڭ. ئۇلارنى ئىش-ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇڭ. ئۇلارنى بىكار قويۇپ قويماڭ. مۇسۇلمانلار ھەقىقىي مۇسۇلماندەك ئىش تۇتقاندىلا ئاندىن ئىسلام باشقىلارغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ ئىدېئالىغا لايىق ئىش قىلغاندىلا، دەۋەتچىلىك سۆزلەر بىلەن ئەمەس، ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قېرىنداشلار، مەن سۆزۈمنى مۇنداق بىر نۇقتىنى ئۇتتۇرىغا قويۇش بىلەن خۇلاسىلەي: كۆپىنچىمىز «سىناقلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن مەن قانداق ئىشلارنى قىلالايمەن؟ مەن ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋى ئەھۋالىنى قانداق ئۆزگەرتەلەيمەن؟ مېنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشتىكى مەقسىتىم نېمە؟ » دەپ ئويلايمىز. مېنىڭ جاۋابىم: دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز نەزىرىڭىزدىن چۈشۈرۈپ قويماڭ، ئەمما ياخشى ئەمەللەرنى ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان يەردە قىلىڭ.

--مەن ئۆز ئائىلەمدە نېمە ئىشلارنى قىلالايمەن؟

--مەن ئۆز جەمئىيىتىمدە نېمە ئىشلارنى قىلالايمەن؟
--مەن ئۆز دوستلىرىم چەمبىرىكى ئىچىدە نېمە ئىشلارنى قىلالايمەن؟

سىزنىڭ ئىش باشلاش نۇقتىڭىز ئەنە شۇنداق باشلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز، سىز سىناقلاردىن ئۆتۈپ، سىناقلاردىن ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قالالايسىز. شۇنداق قىلسىڭىز، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى باشقىلارغىمۇ تارقىتالايسىز. ئەگەر ھەممىمىز مۇشۇنداق قىلىشنى باشلىساق، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ بىر تىنچلىق دولقۇنى، بىر ئىسلام دولقۇنى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بىزنىڭ ئىستەيدىغىنىمىز ئەنە شۇ. بىز كىشىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي تەلىماتلىرىنى بىلىۋېلىشىنى ئىستەيمىز. ئەگەر بىز ھەممىمىز ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇشۇنداق قىلىشقا باشلىساق، ئاندىن شۇ چاغدا، پەقەت شۇ چاغدىلا بۈگۈنكى ئۈممەتلەر دۇچ كەلگەن سىناقلارغا تاقابىل تۇرالايمىز.
قېرىنداشلار، ئىسلامنى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ ئەڭ ياخشى يولغا قويۇڭ. ئاللاھنىڭ سىزدىن كۈتىدىغىنى ئەنە شۇ. سىزنىڭ قىلالايدىغىنىڭىزمۇ ئەنە شۇ. ھازىر دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىمۇ ئەنە شۇ.

ياسىر قازىنىڭ «نېمىشقا ئۈممەتلەرگە بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن نۇتۇقىنىڭ مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن بۇ يەردە بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن 3 چوڭ سەۋەبنىڭ ئىچىدىكى 3-سەۋەبنىڭ داۋامى، ھەمدە 4-سەۋەب، دەپ چۈشەندىم. يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەھۋاللارغا كىرىپ قېلىشىدىكى 4-سەۋەب، ئۆزلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياكى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەن يېقىندا ئۆز تېمىلىرىمغا چۈشكەن ئىنكاسلارغا جاۋابەن بىر قىسىم كۆز-قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن ئۇ جاۋابلارنى يازغاندا «ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلار — ھازىرقى قىيىن ۋاقىتلار ئۈچۈن كۆرسەتمە» دېگەن دوكلاتنى تېخى ئاڭلىمىغان، شۇنداقلا «نېمىشقا ئۈممەتلەرگە بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن نۇتۇقتىكى مەزمۇنلارنى ئېسىمگە كەلتۈرمىگەن ئىدىم. ئۇ كۆز-قاراشلارنىڭ بىر قىسمى نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسى ۋە ئۇيغۇرلار ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كىرىپ قالغانلىقى ھەققىدە بولۇپ، مەن ئۇلارنى مەزكۇر ماقالىگە تۆۋەندىكىدەك قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:
-- ئىنسانلار 3 خىل ئېھتىياج بىلەن يارىتىلغان: (1) فىزىكىلىق، جىسمانىي، ياكى ماددىي ئېھتىياج. (2) ئىلاھىي، دىنىي، ياكى روھىي (sipiritual) ئېھتىياج. (3) ئەقلىي (intellectual) ئېھتىياج. ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن 1-ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق بولىدۇ. ئەمما، 2- ۋە 3-ئېھتىياجنىڭ ھەر بىر ئىنساندىكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشىمىغان ئىنسانلارغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. دىنغا بەكرەك بېرىلىپ، پەنگە بوشراق بېرىلىدىغان ياشلار روھىي ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك بولغانلارغا كىرىدۇ. پەنگە بەكرەك بېرىلىپ، دىنغا بوشراق بېرىلىدىغان ياشلار بولسا ئەقلىي ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك بولغانلىرىغا كىرىدۇ. مېنىڭچە ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ 2- ۋە 3-ئېھتىياجلىرى بىر-بىرىنى

چەتكە قاقمايتتى. ئەسلىدە بىر-بىرىنى تولۇقلايتتى. ئەمما ھازىر ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەسلىك، ياكى توغرا چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن يۈقىرىدىكى ئىككى خىل ياشلار پەيدا بولدى. مەن ھازىر ئاشۇ ئىككى خىل ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىۋاتىمەن.

-- مېنىڭچە ھازىر يەر شارىدىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناچار ئىشلارنى دىن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. ئۇنى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمما «مۇسۇلمانلىق شەرتلىرى» گە ئاساسەن توشمايدىغان كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاشۇ كىشىلەر ناچار ئەھۋاللارنى ھازىرمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدا شەخسىي دۇكىنى بار «مۇسۇلمانلار» كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى يالغانچىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەتكە باج تۆلىمەيدىكەن. ئۇلاردىن «نېمىشقا باج تۆلىمەيسەن؟» دەپ سورىسىڭىز، «كاپىرلارغا باج تۆلىمىسە گۇناھ بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئەمما ئاشۇنداق جاۋاب بەرگەن بەزى كىشىلەر ئۆز دۇكانلىرىدا پىۋا بىلەن ھاراق ساتىدىكەن.

-- مەن مۇنداق ئويلايمەن: ئەگەر ئاللاھ بىر كۈنى ئىسلام دىنىنى ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ياپونلارغا بەرسە، ياپونلارنىڭ قولىدا بۇ دىندىن ھازىرقى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نەتىجە چىقىدۇ. سەۋەبى، (1) ياپونلاردا ئىسلام دىنىنى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنگۈدەك ئەقىل بار. بۇ ئەقىلنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت يولغا قويۇلغان يۇقىرى سۈپەتلىك مەجبۇرى مائارىپىدىن كەلگەن. (2) ئۇلاردا دىننى توغرا ئېلىپ ماڭالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئاڭ ۋە سەممىيلىك بار. (3) ئۇلاردا ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق. مېنىڭچە ئاللاھ ئەسلىدە مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام دىنىغا خۇددى ياپونلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلغان. مۇسۇلمانلاردىن ئاخىرەتنى ئۇنتۇلۇپ قالمىغان ئاساستا بىر ئىناق، ئادىل، ئەركىن، ۋە ھۆرلۈككە تولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ئۆزىدىكى بارلىق ئەقىل، بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە باشقا بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، شۇ ئاساستا ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ تۇرۇپ ياشاشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما مېنىڭچە ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئاللاھنى رەنجىتتى. ئىسلامنىڭ يۈزىنى تۆكتى. باشقا ھەممە ئىشلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ بىر، قۇرئان بىر ۋە پەيغەمبىرىمىز بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا يۇقىرىراق ساپا بار بولغان بولسا، ئۇلار ئەقىل ئىشلەتكەن بولسا، ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ گۇرۇھ-مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى. بىر-بىرىنى ۋەيران قىلىش ئىشى تېخىمۇ يۈز بەرمەيتتى.

-- ھازىر ئۆز ئىچىمىزدىكى دىنىمىز ھەققىدە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرگەن كىشىلەر ئاساسەن دىنىمىز توغرىلىق ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ باقمىغان، دىنىمىزنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەيدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. مېنىڭچە ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشكە دىنىي ئېتىقاد زىيانلىق ئەمەس بولۇشى، ئەمما بىر ئىنسانپەرۋەرلىككە باي، ئادىل، ئەركىن، ئەخلاقلىق ۋە گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا چوقۇم بىر دىنىي ئېتىقاد ياكى باشقا بىرەر ئېتىقاد (مەسىلەن، ياپونلارغا ئوخشاش ئەجدادلارنىڭ روھىغا بولغان ئېتىقاد) كەم بولسا بولماسلىقى مۇمكىن. پۇلغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن تولغان بىر جەمئىيەت ۋاقتىنچە ماددىي جەھەتتىن باياشات ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن بىچارە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەقسىتى بولمايدۇ، ھەمدە ئازراق

**شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.**

**--مېنىڭ مەقسىتىم مۇنبەرلەردىكى باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش: مىللەتنىڭ كۈننى ياخشىلاش ۋە مىللەتنى كەلگۈسىدە روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ ياشاش. مەن ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سانىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ مېڭىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. يېقىندىن بۇيان تورلارغا «ئىسلامنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان زىينى» ھەققىدىكى سۆزلەر چىقىۋاتىدۇ. مەن بىر تەبىئىي-پەنچى بولغاچقا، بۇنداق ئىشلاردا ئابستراكت بايانلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، بەلكى پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئىستەيمەن. مېنىڭچە ھازىر يۇرتتىكىلەر دىنغا مايىل كىشىلەر بىلەن دىنغا مايىل ئەمەس كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ئادىل ۋە باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان شارائىتقا ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ سىياسەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولۇشى بىلەن دىنغا مايىل ئەمەسلەر قورقماي تۇرۇپ بىر قىسىم نەرسىلەرنى يېزىۋاتقان بىلەن، يەنە بىر تەرەپ ئۇنداق قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن شەخسەن تورلاردا دىنىي تېمىلاردا بەك كۆپ بەس-مۇنازىرە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. مەن دىن ھەققىدە ئىزدەنگەنسېرى دىن ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنداق ئاددىي ياكى ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ بەدەل ياكى ئەجىر تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان خېلى كۆپ ناچار ئىشلارنىڭ سەۋەبى ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال بىلىم سەۋىيىسى ياكى بىلىم ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنى ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە ئەكېلىپ قويغان نەرسىمۇ ئەنە شۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كىشىلىك ساپانىڭ تۆۋەنلىكى. ساپاسى تۆۋەن خەلققە بىر دانە گۆھەر بەرسىڭىز، ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر تال تاشنىڭ ئورنىدا پايدىلىنىدىغان گەپ ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن گۇناھنى ئىسلامغا ئارتىۋاتقان قېرىنداشلارغا ئىنچىل تۈردە يامان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسان ئامىلى بىلەن دىنىي ئامىللارنى ئايرىپ چىقىشنى، مەسىلىلەرگە بۇ ئىككى ئامىلنى پەرقلەندۈرگەن ئاساستا قاراشنى، ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا ۋە تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا باھا بەرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ جەھەتتە مېنىڭ مەيدانىم ھازىرمۇ ئوخشاش. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئىش پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. ئۇيغۇرلارنى ماددىي ۋە ئەقلىي تۇرمۇشتا تەرەققىي قىلغان ئەللەر خەلقلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مائارىپقا تايىنىپ، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىنى بارلىق كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، شۇ ئاساستا پۈتۈن ئۇيغۇرلار نوپۇسى ئىچىدىكى ئىشچىلار بىلەن ئىنژېنېرلارنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، سانائەت بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بەزى دىنسىز جەمئىيەتتە پۇلدارلارنىڭ سانى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپەيگەن بىلەن، ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىت، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ساپاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە، ھەمدە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە بۇزۇلدى ۋە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاشۇنداق ئەھۋالنى بىر خىل دىنسىز تۈزۈلمە ياكى ئىلاھىي ئېتىقادسىز تۈزۈلمە ئاستىدا تۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولامدۇ-يوق، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ.**

**يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ شەخسىي كۆز-قاراشلىرىم. ئەمدى مەن مەزكۇر ماقالىنى ياسىر قازىنىڭ**

**«ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلار ــ ھازىرقى قىيىن ۋاقىتلار ئۈچۈن كۆرسەتمە» دېگەن دوكلاتنىڭ خۇلاسە قىسمى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:**

**«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردە ئىلاھلىق (sipirituality) بار بولغان، گۈزەل ئەخلاق بار بولغان، ھەممە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەقستى بار بولغان. بىزنىڭ ئۈممەتلىرىمىزدە بار بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر دەل ئەنە شۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مەقسەتنى بىلىمىز. بىز ئەخلاققا ئەڭ باي، ئەڭ مەرد، ياشانغانلارغا ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان، ۋە ئادەمگەرچىلىكى بىلەن غۇرۇرى بار كىشىلەرمىز. ئاشۇ سۈپەتلەر بۇ دۇنيادىكى ماددىي مۇكاپاتلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىزنىڭ دۇنياغا بېرەلەيدىغىنىمىز بىزنىڭ پۇلىمىز ئەمەس، بىزنىڭ ئۇنۇۋانىمىزمۇ ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە بىر ئىسپاتچى بولۇپ يارىتىلغانلىقىمىز. زىممىمىزگە باشقىلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش، ئەخلاقلىق ئۈستىدە تەلىم بېرىش، ئادالەتلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇسۇلمانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، ئالىيجانابلىقنى كۆرستىپ بېرىش، ھەممە، ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۈچۈرغا ۋەكىللىك قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. قېرىنداشلار، بىز ھازىر بىر ناھايىتى قالايمىقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سىلەردىن ئۆزۈڭلارنىڭ ئەنئەنە ۋە يادىكارلىقلىرىدىن پەخىرلىنىشنى، ئۆزۈڭلارنىڭ كىملىكىدىن پەخىرلىنىشنى، ئۆزۈڭلارنىڭ روھىي قانداشلىقىدىن مىننەتدار بولۇشنى تەلەپ قىلىمەن. ياراتقۇچىمىز سىلەرگە ئاتا قىلغان سوۋغاتنىڭ بىر ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى، ئۇ سوۋغات سىلەرگە دۇنيا بىلەن ھەمبەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغانلىقىنى، ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ سوۋغاتنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. »**

## **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**


**[1] Doubts about Islam - Guidance for Challenging Times**
**https://www.youtube.com/watch?v=-dL-SDO2k2w**

**[2] بىلىمخۇمار: ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟**
**http://bbs.bagdax.cn/thread-23219-1-1.html**

**[3] بىلىمخۇمار: مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار**
**http://bbs.bagdax.cn/thread-23424-1-1.html**

**[4] Why Is This Happening To The Ummah**
**https://www.youtube.com/watch?v=BZaGcLkwzfU**


**[5] Current State of the Ummah**
**https://www.youtube.com/watch?v=htwB5-n-Qos**

# تىلتۇمار، تۇمار، تىلسىم ۋە بېشارەت

**2015-يىلى 12-ئاينىڭ 11-كۈنى**

مەن يېقىندا «سېھىرگەرلىكنىڭ رېئاللىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن يازمىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، بەزى ئوقۇرمەنلەر مەندىن «تۇمار ئېسىش ۋە ساقلاش» ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، بىر پارچە ماقالە تەييارلىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ياسىر قازى بىلەن «ئويغان» نىڭ مۇناسىۋەتلىك لېكسىيە-دوكلات سىن ھۆججەتلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، ئاشۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر سىن ھۆججىتىنى تاپتىم. بۇ سىن ھۆججىتى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «دىنىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى» دېگەن بىر تېلېۋىزور پروگراممىسىنىڭ 3-قىسمىنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مىنۇت ئىكەن. ئۇنىڭدا ياسىر قازى تىلتۇمار، تۇمار، تىلسىم ۋە بېشارەتلەرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئۇلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىكەن. مەن مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازى ئاشۇ پروگراممىدا بەرگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.

بۈگۈن بىز دۇنيادىكى ھەممە مەدەنىيەتلەر ۋە بارلىق جەمئىيەتلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر ئىش ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىم تاقاش ۋە بېشارەت ئىستەشتىن ئىبارەت. «تىلتۇمار، تۇمار، تىلسىم» دېگىنىمىز قولغا سېلىۋالىدىغان ياكى بويىنغا ئېسىۋالىدىغان مەلۇم بىر خىل «ياخشى تەلەي» بۇيۇمىدىن ئىبارەت. ئۇنداق قىلىشتىن مەقسەت مەلۇم بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشىش، ياكى مەلۇم بىر يامانلىقتىن ساقلىنىش. «بېشارەت» بولسا يارىتىلغان نەرسىلەر ئىچىدىكى بىر تەبىئىي بەلگە بولۇپ، سىز ئاشۇ بەلگىگە بىرەر ياخشى ياكى يامان تەلەينى باغلاپ قويىسىز. شۇڭلاشقا تۇمار كىشىلەر ياسىغان نەرسە بولۇپ، بېشارەت بولسا تەبىئىي ھادىسىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. كىشىلەر تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارنى قولغا ئۈتكۈزۈۋالىدۇ، ياكى بولمىسا بويىنغا ئېسىۋالىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە بىر ياخشى تەلەي ئىستەيدۇ، ياكى بولمىسا ئۆزىنى بىر يامانلىقتىن قوغدىماقچى بولىدۇ. «بېشارەت» دېگىنىمىز سىز كۆرگەن بىر نەرسىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، بىر قارا مۈشۈك ئالدىڭىزدىن يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولمىغان بىر ئىش تۈپەيلىدىن مەلۇم بىر يامان تەلەيگە ئۇچرايمەن، دەپ ئويلايسىز.




Talismans, amulets, & omens wearing them for seeking good luck & blessings

**1-رەسىم: «دىنىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى» دېگەن تېلېۋىزور پروگراممىسى باشلىنىش قىسمىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.**

بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەممىسى شېرىكلىكنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ئىككى ئىش بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئاللاھقا تولۇق تاپشۇرۇشىمىزغا خىلاپلىق كېلىدۇ. بىزنىڭ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى «بىز ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان خۇدا يوق» دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك ئاللاھ ھەممىگە قادىر كېلىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇمىسا ماڭا ھېچ قانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىۋالغان بىر نەرسە مېنى ھېچ قانداق نەرسىدىن قوغدىيالمايدۇ. پەقەت ئاللاھلا ئۆز بەندىلىرىنى قوغدايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ئاشۇنداق بۇيۇملارغا باغلاپ قويۇشىمىز، ياكى تەبئىي نەرسىلەردىن ياخشى ياكى يامان بېشارەتلەرگە ئىگە بولماقچى بولۇشىمىز، بىزنىڭ يۈرىكىمىزنىڭ ئاللاھ بىلەن باغلانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈرىكىمىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا نەرسىگە باغلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر خىل شېرىكلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ئادەتتىكى تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىم

سۈرە زۇمەر (39-سۈرە) 38-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا، يا ئاللاھ ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، ئاللاھتىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلغۇاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا ئاللاھ كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن).»

ئىلاۋە: ئۇيغانىنىڭ دېيىشىچە، ئەرەبچىدە «كائىنات» دېگەن سۆز «ئاسمانلار ۋە زېمىن» دەپ

**ئېلىنىدىكەن. يەنى، قۇرئاندىكى «ئاسمانلار ۋە زېمىن» دېگەن سۆز «كائىنات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.**

**بۇ ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: سەن ئاللاھتىن باشقا سەن ياردەم سورىغان تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىم قاتارلىق نەرسىلەر سېنى بىرەر يامانلىقتىن قوغدايدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ سېنىڭچە ئۇلار ئاللاھتىنمۇ قۇدرەتلىكمۇ؟ ئۇلار ساڭا ياخشى تەلەي ئېلىپ كېلەلەمدۇ؟ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق قىلالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قۇدرىتى بارمۇ؟ ئۇلار يىپ، مېتال ۋە ياغاچ دېگەنلەردىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ؟ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار بولۇشى مۇمكىنمۇ؟**

**شۇڭلاشقا، «ماڭا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ»، دەپ ئويلاپ، ياكى «مېنى يامانلىقتىن ساقلايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئاشۇنداق نەرسىلەرنى بويىنغا ئېسىۋېلىش ياكى قولغا ئۆتكۈزۈۋېلىش بىر خىل شېرىكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ھېچ قانداق مەزمۇن يوق بولغان ئەھۋالدىمۇ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىز توغرا ئىدى. چۈنكى، بىزدىكى ئومۇمىي پاكىت شۇكى، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىشىنىمىز. بىز پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم سورايمىز. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشنى باشقا ھېچ قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىمىز.**

**شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىز مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى كۈچلۈك ھەدىسلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا پەيغەمبىرىمىز تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارنى بىۋاستە چەكلىگەن. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئىسلام باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر جەمئىيىتىدە كىشىلەر تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارنى ئىشلەتكەن، ۋە بېشارەتلەرگە ئىشەنگەن. تۇمارنى باللىرىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇلارنى يامان كۆزدىن ساقلىماقچى بولغان. تۇمارنى ئاتلىرىغا ۋە تۆگىلىرىگە ئېسىپ قويۇپ، ئۇلارنى يامان تەلەيدىن ساقلىماقچى بولغان. تۇمارنى ئۆزلىرى ئېسىۋېلىپ، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى چىڭىتماقچى بولغان. ئاياللار مەخسۇس تۇمار ياساپ ساتىدىغان كىشىلەردىن تۇمارلارنى ئېلىپ، ئۇلارنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەرلىرىنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ جەلپ قىلماقچى بولغان. تۇمارنى يۇقىرىقى بىلەن قارىمۇ-قارشى مەقسەت ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن. يەنى، بەزىلەر باشقا بىر ئادەمگە بىرەر نەرسىنى بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەمگە يامان تەلەي ئاتا قىلماقچى بولغان. ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى بۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغان.**

**ئىسلامدىن بۇرۇن يۇقىرىقىدەك ئىشلار مەۋجۇت بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق ئىشلارنى ئوچۇق چەكلىگەن.**

**بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەرنىڭ قولىغا مىستىن ياسالغان بىر بىلەيزۈكنى سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق قىلغىنىنى سورايدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغان بىر خىل كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئۆزۈۋېتىپ ئېلىۋەت. ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇ سېنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىڭنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سەۋەبى، بۇ قىلغىنىڭ سېنىڭ ئىمان (Tawhid, Tawheed, Towheed) ىڭغا خىلاپ. دېمەك، ئاشۇنداق تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارنى ئېسىۋېلىش ياكى تاقىۋېلىش ئىمانغا خىلاپ كېلىدۇ.**

**بىر ھەدىستە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، «ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ**

(يەنى ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ) 12:106» دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارنى ئىشلىتىش بار ئىكەن. يەنە بىر ھەدىستە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، ئاللاھ تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارغا ئوخشاش ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنى بوينىغا ئېسىۋالغان ياكى قولىغا سېلىۋالغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى پۈتتۈنلەي ئۈزىدىكەن. ئاللاھ ئۇنداق ئادەملەرنى قوغدىماي، ئۇلارنى ئاشۇ بوينىغا ئېسىۋالغان ياكى قولىغا سېلىۋالغان نەرسىگە تاشلاپ بېرىدىكەن.

يەنە بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر مېلىغا ياخشى تەلەي ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى ئېسىپ قويىدىكەن، مەن ئۇ ئادەمدىن پۈتتۈنلەي قول ئۈزىمەن.» دېمەك، بىر ئادەم بىرەر تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىمنى ئۆزىگە، ئائىلىگە ياكى بالىسىغا ئېسىپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ. ئۇنداق قىلساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىلا شېرىكلىككە كىرگەن بولىمىز. ئاللاھ «بۇنداق ئادەمگە لەنەت ئوقۇلىدۇ»، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا «مەن ئۇنداق ئادەملەردىن قول ئۈزىمەن. ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنى ئاشۇ نەرسىگە تاشلاپ بېرىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، ھەر خىل تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىمنىڭ ھەممىسى بىر خىل شېرىكلىكتىن ئىبارەت.

## 2. قۇرئاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىم

ئەگەر قۇرئاندىكى بىر ئايەتنى بىر نەرسىگە يېزىپ، ئاندىن ئۇ نەرسىنى بوينىمىزغا ئېسىۋالساق قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئىشقا نىسبەتەن ئۆلىمالارنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل بولدى. ئەمما، كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئىشقىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرى تۈزگەن «ئەلمۇسەننەف» دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق شەكىلدىكى تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىملارغا ئۆچ ئىكەندۇق. يەنى ئۇلار قۇرئانىي ۋە قۇرئانىي ئەمەس تۇمارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆچ كۆرگەن ئىكەن.

ئۇنداق بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار: (1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باققانلىقى توغرىسىدا ھېچ قانداق دەلىل يوق. يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قۇرئانىي تۇمارنى ئۆزىگە ياكى ئائىلىسىدىكى بىرەر كىشىگە ئېسىپ قويۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر بۇ بىر ياخشى ئىش بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوقۇم بىرەر قۇرئانىي تۇمارنى ئىشلىتىپ باققان بولاتتى. (2) باشقا بىر ئادەم سىزنىڭ بىرەر تۇمارنى ئېسىۋالغانلىقىڭىزنى كۆرسە، ئۇ ئادەم سىزدىكى تۇمارنىڭ قۇرئانىي ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «پالانى شەيخ ياكى پوكۇنى ئىمام بىر تۇمارنى ئېسىۋاپتۇ. شۇڭا مەن شۇنداق قىلسامۇ بولىۋېرىدىكەن» دەپ ئويلاپ، قۇرئانىي ئەمەس تۇماردىن بىرەرنى ئېسىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا قۇرئانىي تۇمارنىمۇ ئاساسلىق توغرا ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (3) قۇرئانىي تۇمارنى ئېسىۋالغان كىشى ئۇنى نامۇۋاپىق مۇھىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ كىشى ئۇبورنىغا كىرگەندە، بوينىغا بىر ئايەتنى ئېسىپ كىرىدۇ. ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىدىمۇ بوينىغا ئاشۇنداق تۇماردىن بىرنى ئېسىۋېلىشىمۇ مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. ئەگەر ئۇنى بىر كىچىك بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا، تۇمارغا بىرەر مەينەت نەرسە يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۈگۈلاشقا قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى بىر نەرسىگە يېزىپ، ئۇنى بويىنىمىزغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ياكى ياخشى تەلەيگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېسىۋالساق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ، ئاندىن قولىغا پۈۋلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ قولى بىلەن ئۆز بەدىنىنى سىلىغان.

## 3. بېشارەت

«بېشارەت» دېگىنىمىز تەبىئىي ھادىسىدىن ئىبارەت. بىر ھەدىستە (يەنى، ئەبۇ داۋۇتتىكى 3906-ھەدىس) رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق خىلدىكى بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئارقا-ئارقىدىن 3 قېتىم قىلغان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇرۇنقى ئەرەبلەر بەزى قۇشلارنى كۆرسە ئۇنى «يامان تەلەينىڭ بېشارىتى» دەپ ھېسابلىغان. يەنە بىر خىل قۇشنى كۆرسە ئۇنى «ياخشى تەلەينىڭ بېشارىتى» دەپ ھېسابلىغان. بۇنداق ئىشلار بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ بار. بەزى كىشىلەر بىر قارا مۈشۈكنى كۆرسە، «ئۇ يامان تەلەينىڭ بېشارىتى» دەپ ئويلايدۇ. يەنە بەزىلەر ئاققان يۇلتۇزنى كۆرسە، «ئۇ ياخشى تەلەي» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە خىلدىكى بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى شېرىك، دېگەن.

قىسقىسى، ھەر قانداق شەكىلدىكى تۇمار ۋە بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىمانىمىزغا خىلاپلىق كېلىدۇ. تىلتۇمار، تۇمار ۋە تىلسىم ۋە بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى شېرىكلىكنىڭ ئىپادىسى. دىنىمىزدا تۇمار ئېسىش چەكلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تۇمار ئېسىۋالغان كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇمار ئاسقان كىشىلەردىن قول ئۈزگەن.

دوكتور ياسىر قازىنىڭ «دىنىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى» دېگەن تېلېۋىزور پروگراممىسى 3-قىسمىدا سۆزلىگەن دەرسنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**Talismans, amulets, & omens wearing them for seeking good luck & blessings**

**https://www.youtube.com/watch?v=2he1IV-jzPU**

# ئىلىم-پەن ۋە دىن

**2015-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى**

مەن يېقىندا ۋەتەندىكى بىر ئىنىمىزدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپتۇ:

*«بىلىمخۇمار ئاكا، مېنىڭ مۇشۇ ئىنجىل ۋە تەۋرات قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئالدى بولۇپ ماڭغىنىنى بىلگۈم بار. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىدا ئاشۇ كىتابلارنىڭ رولى بارمۇ، قانداق؟ سىز ئاشۇ كىتابلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ئىمكانىيەت يار بەرسە، ئويغان ۋە ياسىر قازى ئەپەندىلەردىن ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇسا بولامدۇ-يوق، شۇنىڭغا ئائىت ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بولسا شۇ كىتابلارغا ئائىت بىرەر پارچە ماقالە يازسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەر مەنپەئەت ئالاتتى. سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم. رەھمەت سىزگە!»*

مەن ئۆزۈمنىڭ 2014-يىلى تورلاردا ئېلان قىلغان «مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار» [1] دېگەن ماقالىسى بىلەن يېقىندا تورلارغا چىقارغان «نېمىشقا مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى؟» دېگەن ماقالىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر گۈللىنىش باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر چېكىنىش باسقۇچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدىم. بۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلە، قانداق قىلىپ غەرب ئەللىرىنىڭ بىر مۇسۇلمانلاردىن كېيىن قېلىش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا مېڭىش دەۋرىنى باشلىغانلىقى. يۇقىرىدىكى ئىنىمىز قىزىققان مەسىلىنىڭ يېرىمى ئەنە شۇ. قالغان يېرىمى ھەققىدە مەن ئۆزۈمنىڭ 2013-يىلى تورلاردا ئېلان قىلغان «يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار» [2] ۋە «يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار» [3] دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىدە توختالغان ئىدىم. غەرب ئەللىرىنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللار كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر قىزىقىدىغان بىر مەسىلە بولغاچقا، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم «ئويغان» نىڭ بىر قېتىملىق «ئۈممەتلەرنىڭ روناق تېپىشى» ناملىق مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن «ئىلىم-پەن ۋە دىن» دېگەن 30 مىنۇتلۇق دوكلاتى بولۇپ [4]، ئۇ تورلارغا 2014-يىلى 14-ئۆكتەبىردە چىقىرىلىپتۇ. ئويغان بۇ دوكلاتىدا خرىستىئان دىنىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ گۈللىنىش تارىخى ئۈستىدە توختىلىپلا قالماي، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ھەمدە ئىسلام دىنى مودېلىدا بار بولغان كۆرۈنىدىغان دۇنيا بىلەن كۆرۈنمەيدىغان دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى تەكپۇتلۇق چۈشەنچىسى ئۈستىدىمۇ توختىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ دوكلاتتىكى مەزمۇنلارنى ھەممە كىشىلەر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىلىملەر، دەپ ئويلايمەن.

تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ دوكلاتىنىڭ مەزمۇنلىرى. ماقالىدىكى كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم

قويدۇم. ئەگەر ماقالىگە ئۆزۈمنىڭ كۆز-قارىشىنى قىستۇرۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر ئايرىم «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزۈپ قويىمەن.

مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە يولۇققان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياۋروپا تارىخى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئىشلارنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. تارىختىكى بىر ۋاقىتلاردا كىشىلەر چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ چاغدا ياۋروپا بىر دىنىي جەمئىيەت بولۇپ، ھەممە ھوقۇقلار چېركاۋلارنىڭ قولىدا ئىدى. چېركاۋلار خەلقلەر ئۈستىدىن ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى ئېزىش سىياستىنى يولغا قويدى. «پوپ» دېگەن سۆز «خۇدا» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇردى. پوپقا قارشى چىقىش بىر كۇفرلىق ئىش-ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلاندى. چېركاۋغا قارشى ئىش تۇتقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئاشۇنداق ئۆلۈم جازاسى ئۈتتۈرلا ئىجرا قىلىنماي، ئالدى بىلەن گۇناھكارلار قاتتىق تەن جازالىرىغا ئۇچراپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاشۇنداق قىلىش گۇناھكارلارنىڭ روھىنى پاكلاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، دەپ قارالدى.



1-رەسىم: پەننىي ئوقۇش ۋە ناماز

## 1. پروتېستانت دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى

ياۋروپادا يۈقىرىقىدەك دىنىي تۈزۈم خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئىككى ھەرىكەت ئاساسەن ئوخشاش مەزگىلدە مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى 1517-يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇ «پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتى» (protestant reformation) دەپ ئاتىلىدۇ [5]. بۇ ھەرىكەتتىن بۇرۇن چېركاۋلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىنجىلنى ئوقۇشىنى چەكلەيتتى. ئىنجىلنى پوپ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەرلا ئوقۇپ، ئىنجىلنى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئاشۇ يۇقىرى ئورۇندىكى كىشىلەرلا چۈشەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ھەممە ئادەم بويسۇنمىسا بولمايتتى. «پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتى» ھەرىكىتى ئۇنداق ئەھۋالغا قارشى تۇرۇپ، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىنجىلنى بىۋاستە ئوقۇشىغا، ئىنجىلنى ئۆزى ئوقۇپ، ئۆزى چۈشىنىشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

## 2. فىرانسىيە ئىنقىلابى

شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە يەنە بىر ھەرىكەت مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەرىكەت ئالدىنقى ھەرىكەتكە ئەگىشىپ باغلانغان بولسىمۇ، ئۇ ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ھەرىكەت بولدى. بۇ ئىككىنچى ھەرىكەت «چېركاۋلارنىڭ تەلىماتلىرى ئىلىم-پەن جەھەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بۇرۇنقى پەلسەپە كىتابلىرىنى كۆيدۈردى. بۇرۇنقى تەبىئىي-پەن كىتابلىرىنى كۆيدۈردى. ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەزمۇندىكى ھەممە كىتابلارنى، مەسىلەن، «يەر شارى كائىناتنىڭ مەركىزى» دەيدىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى. ئەينى ۋاقىتتا كاتولىك دىندار گۇرۇھلىرىنىڭ ئىنجىللىرى «يەر شارى كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن نەزەرىيىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەتنى قوزغىغۇچىلار «يەر شارى كائىناتنىڭ مەركىزى دەيدىغان نەزەرىيە يېڭى ئىلىم-پەن بايقاشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز ئۇنداق نەزەرىيىنى، ۋە ئاشۇنداق نەزەرىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېتىقادنى قوبۇل قىلمايمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا قارىتا چېركاۋلار ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلەرگە «كۇفرىلىق» دېگەن قالپاقنى كىيدۈردى. كۇتۇپخانىلارنى چېقىپ، پەننىي كىتابلارنى كۆيدۈردى. ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپە ئەھلىلىرىنى ئۆلتۈردى. 1789-يىلى باشلانغان بۇ ھەرىكەت «فىرانسىيە ئىنقىلابى» دەپ ئاتىلىدۇ [6].

ئىلاۋە: ئويغان يۇقىرىدىكى ئىككى ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى تىلغا ئالمىدى. مەن تورلارنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى تېپىپ، يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا ئۆزۈم قوشۇپ قويدۇم.

خرىستىئانلارنىڭ تەلىماتلىرى بىرىنچىدىن باشقىلارنى ئېزىش تۈسىنى ئالغان، ئىككىنچىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنقىلاب قىلغۇچىلار پەقەت ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىلىم-پەن، پەلسەپە، لوگىكا ۋە راتسىئونالىلىق قاتارلىقلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھى دىنىي ساھەدە چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمران ئورنىغا قارشى ئىش ئېلىپ باردى، ئىلىم-پەن ۋە دىنسىزلىق ساھەسىدە بولسا يەنە بىر ئىنقىلابچىلار گۇرۇھى ئىسيان كۆتۈردى. نەتىجىدە چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

بۇ ئىنقىلاب دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ ئىنقىلاب باشلانغاندىن كېيىن، ياۋروپا بىر ئەركىن تەپەككۇر جەمئىيىتىگە ئايلاندى. نېمىگە ئىشىنىش كېرەكلىكى، قانداق ئەقىدىلەرنى ساقلاش كېرەكلىكى، ۋە ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە بولۇشى كېرەكلىكى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇلار يېڭىدىن بايقاشقا باشلىدى. ياۋروپا جەمئىيىتى يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ بىر «ئەركىن بازىرى» غا ئايلاندى.

ئاشۇ مەزگىلدە ياۋروپادا بىر قانچە پەلسەپە قۇرۇلمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. ياۋروپادا ئەڭ دەسلەپىدە مەيدانغا كەلگەن پەننىي ئالىملارنىڭ ھەممىسى پەيلاسوپلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، پەن بىلەن پەلسەپە ئۆز-ئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇنداق بىر ئىدىيەلەرنىڭ ئەركىن بازىرىدا ئوخشىمىغان خىلدىكى پەلسەپىلىك ئىدىيەلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلارمۇ يۈز بەردى.

ئەمما، ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئورتاق ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. ھەممە ئۇ ياۋروپانىڭ ئىچىدىلا ساقلىنىپ قالماي، پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيدى. ئاشۇ ئىدىيە بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان دۇنياغىمۇ داۋاملىق تۈردە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

## 3. قەدىمكى زاماندىكى خۇدا، روھ ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى

قەدىمكى زاماندىكى جەمئىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن دىنىي جەمئىيەتلەردىن تەركىب تاپقان. قانداق دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەلۇم بىر دىنىي سىستېما مەۋجۇت بولغان. دىنىي جەمئىيەتتە دىنىي تەلىماتلار ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە بولىدۇ. ئىلىم-پەن ھەممىدىن مۇھىم نەرسە بولمايدۇ. ئىگىلىك ھەممىدىن مۇھىم نەرسە بولمايدۇ. ھوقۇق جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ دىنىي لىدېر (باشلىق) لاردىن ئىبارەت بولىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا پوپ، روھانىي، ئىمام، ۋە ئالىم قاتارلىق دىنىي زاتلار جەمئىيەتتە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن تۇتقان. بۇنداق كىشىلەردىن سىز ئاساسەن مۇنداق 3 نەرسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى ئۆگىنىسىز: (1) خۇدا. ئوخشىمىغان دىنلار ئۆچۈن «خۇدا» دېگەن سۆز ئوخشىمىغان مەنىگە ئىگە بولغان بولۇپ، بەزى جەمئىيەتلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق خۇداسى بار بولغان. يەنى ئۇ سۆز مەلۇم بىر خىل كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان خۇدانى كۆرسىتىدۇ. (2) روھ (**soul**). ئىنسانلارنىڭ بەدىنى ۋە روھى بار بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى بارلىق دىنلار روھنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويغان. بىزنىڭ ئىچىمىزدە كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر سىرلىق نەرسە بار بولۇپ، ئۇ چوقۇم قوغدىلىشقا تېگىشلىك بىر نەرسە، دەپ قارالغان. (3) ئاخىرەت ياكى يەنە بىر دۇنيادىكى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچە. مەيلى سىز بىر دەرەخ ياكى قۇشقاچ بولۇپ قايتا تىرىلىڭ (**resurrection**)، ياكى دوزاختا ياكى جەننەتكە كىرىڭ، ھازىرقى ھايات بىردىنبىر ھايات بولماستىن، ئۇنىڭدىن يەنە كېيىن يەنە بىر ھايات مەۋجۇت، دەپ قارالغان. قىسقىسى، قەدىمكى زاماندىكى ھەممە دىنلار خۇدا، روھ ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت 3 نەرسىنى قاتتىق تەكىتلىگەن. بۇ خىل قاراش ئىسلامدىمۇ ئوخشاش.

## 4. ئىككى ھەرىكەتتىن كېيىن ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان پەلسەپىۋى ئىدىيە — فىزىكىلىق كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنيا

ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى چېركاۋلارمۇ خۇدا، روھ ۋە يەنە بىر ھاياتتىن ئىبارەت 3 نەرسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئىدى. ئەمما، ھېلىقى ئىككى ھەرىكەتتىن كېيىن، كىشىلەر مۇنداق ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزغا قاراپ باق. ئۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! چېركاۋلار بىزگە قىلىپ بەرگەن ئىشلارغا قاراپ باق. بىز بۇرۇن پەقەت خۇدانىلا ئويلىدۇق. بىز خاتا نەرسىنى ئويلىدۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېنېرگىيىسىنى، تەپەككۇرىنى ۋە ئەقلىنى كائىناتقا قارىتىشىمىز كېرەك. بىز خۇدانى ئويلىماي، فىزىكىلىق كائىناتنى ئويلىشىمىز كېرەك. خۇدادىن باشقا چوڭ نەرسە كائىناتتىن ئىبارەت. بىز بارلىق كۈچىمىزنى فىزىكىلىق كائىناتنى چۈشىنىشكە قارىتىشىمىز كېرەك. فىزىكىلىق كائىناتنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ئىلىم-پەندىن ئىبارەت. سىز كائىناتنى

تەتقىق قىلىسىڭىز، يېڭىلىقلارنى بايقايسىز. بايقالغان يېڭىلىقلار دۇنيانى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتىدۇ. كائىنات ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ھەر خىل كەشپىياتلارنى، ۋە ھەر خىل يېڭى ئىشلىتىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر دېيدىكى، بۇرۇنقىلار خۇدانى تەتقىق قىلىپ، ياراتقان نەرسىسى نېمە بولدى؟ كائىناتنى تەتقىق قىلغان كىشىلەرگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار نەقەدەر ئېسىل نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بىز ياساپ چىققان ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرىگە قاراپ بېقىڭلار! بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىلگىرىلەشلەرگە قاراپ بېقىڭلار! شۇڭا بىز دىققىتىمىزنى خۇدادىن فىزىكىلىق دۇنياغا يۆتكىشىمىز كېرەك.

روھ دېگەن نېمە؟ ئۇنى كۆرۈپ باققان بىرەر ئادەم بارمۇ؟ روھنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بىز روھقا شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىكەنمىز. ئۇنداقتا دۇنيادىكى كېسەللىكلەرچۇ؟ جىسمانىي بەدەنچۇ؟ شۇڭا بىز دىققەت ئېتىبارىمىزنى روھنى تەتقىق قىلىشتىن بەدەننى تەتقىق قىلىشقا يۆتكىشىمىز كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ ئالدىنقى بىر قانچە ئەسىرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ بەدىنى بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا بەكرەك تەتقىق قىلىندى. فىزىكىلىق دۇنيامۇ بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىندى. بىر زىيالىيلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلىپ خۇدانىڭ ئورنىنى كائىنات ئالدى. روھنىڭ ئورنىنى بەدەن ئالدى. بۇرۇن جەمئىيەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆگەنگۈچىلەر خۇدا بىلەن روھنى ئۆگىنىدىغانلار بولغان بولسا، يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە جەمئىيەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆگەنگۈچىلەر تەبىئي-پەن ۋە دورىگەرچىلىك دوكتورلىرىغا ئۆزگەردى.

بۇرۇنقىلار «بىز بۇ دۇنيادا ئازابلىنىمىز، ئەمما جەننەتتىكى ھايات ناھايىتىمۇ ياخشى بولىدۇ» دەپ قارايتتى. ئەمما ياۋروپالىقلار مۇنداق دېدى: بىز بۇنداق گەپلەرگە جاق تويدۇق. بىز يەنە بىر ھايات بار-يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيمىز. بىز مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ باقايلى. سىياسەت ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنى تەتقىق قىلىپ باقايلى. جەمئىيەتنى ياخشىلايدىغان، ئۆزىمىزنى ياخشىراق تەرەپكە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يۇقىرىدىكى پەنلەرنى تەتقىق قىلىپ باقايلى.

ياۋروپالىقلار شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىياتى، سىياسەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىلىم-پەنلەرنى كۈچەپ تەتقىق قىلغانسېرى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ياۋروپاغا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدىكى ئىجابىي تەسىرى بولدى. يېڭى يوللار ياسىلىشقا، بىنالار قەد كۆتۈرۈشكە، ۋە سودىلار كېڭىيىشكە، ۋە كەشپىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، دۇنيا سەھنىسىدە ياۋروپا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدى. ياۋروپا يۇقىرىقىدەك پەنگە يۈزلىنىش قىلىشنى ئۆز ئىچىدە ئېلىپ بېرىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلۈكى تۈپەيلىدىن، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىشكە تىرىشتى. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيىلىنىپ باققان. پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى كۆپىنچە ئاممىۋى مەكتەپ قۇرۇلمىسى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەھۋال بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ بۇ يەردە يۇقىرىدىكى گەپلەرنى قىلىشىمدىكى سەۋەب، ئىمان، ئېتىقاد ۋە خۇداغا نېمە بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت. ياۋروپادا «خۇدا يوق، دىن يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى

ئادەملەر ئۆزلىرى ياساپ چىققان»، دېگەنگە ئوخشاش بەس-مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ياۋروپادىكى بىر قىسىم كىشىلەر دىنسىزلاشتى. مەن بۇ يىل شۋېتسارىيەگە باردىم. ئۇ يەردە 400-500 يىللىق چېركاۋلار بار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن ياخشى ساقلىنىپتۇ. ئەمما ئۇ چېركاۋلارغا ھېچ كىم بارمايدىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆز تارىخىنى قەدىرلەيدىكەن، ئەمما، ھېچ قانداق دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن. مەن بەزى كىشىلەردىن دىنغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپ باقسام، ئۇلار «مەن دىنغا ئىشەنمەيمەن»، دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھازىرمۇ مۇددەتلىك ھالدا چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇرىقىنى چېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆز تارىخىنى ساقلاپ قېلىش ئىكەن.

نيۇ يورك شەھىرىدىمۇ ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان بىر چېركاۋ ھازىر بىر تارىخىي ئاسارەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆپلىگەن زامانىۋى بىنالار ئارىسىدا ئاشۇ 200 يىللىق كاتولىك چېركاۋ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ھېچ كىم كىرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ چېركاۋنى بىر ئاخشىمى كۆڭۈل ئېچىش ئورنى (night club) قىلىپ ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئاشۇ چېركاۋنىڭ ئالدىدىن ھەر كۈنى ئۆتەتتىم. ئۇلار بەزىدە «ھەر پەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى قىزلارغا بىكارلىق ئىچىملىك بېرىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ قوياتتى.

مەن يۇقىرىدىكى مەنزىرىلەرنى سىلەرگە مەلۇم بىر مەقسەتتە تەسۋىرلەپ بەردىم. بىز ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، روھقا ۋە قەلبكە ئىشەنگۈچىلەرمىز. بىز قەلبىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساغلاملىقى (integrity) نى قوغداشنى ئىستەيمىز. بىز قەلبىمىزدىكى كېسەللىكلەرنى تازىلىۋېتىشنى ئىستەيمىز. يۇقىرىدىكى پاراگرافلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپىلىك سۆز «روھ» (soul) نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغان.

پۈتۈن ياۋروپانى ئېگىلەپ كەتكەن ئاشۇ يېڭى ئىدىيىلەردە «سەن خۇداغا ئىشەنمىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ» دېيىلمىگەن. ئۇنىڭدا «ئەگەر خالىساڭ، خۇداغا ئىشەنسەڭ بولۇۋېرىدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنسەڭ بولۇۋېرىدۇ، ئۇنداق قىلىش سەن ئۆزۈڭ بىلەنلا قالسۇن، جەننەتكە ئىشىنىش بىر خىل نادانلىق، ئەمما سەن جەننەتكە ئىشەنسەڭ بولۇۋېرىدۇ»، دېيىلگەن. ئەمما، ياۋروپالىقلار دېگەن گەپلەرنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىكىدىنمۇ جىق خەتەرلىك بولغان بىر گەپ بار. ئۇ بولسىمۇ «سەن ئىشىنەمسەن-ئىشەنمەمسەن، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى» دېگەندىن ئىبارەت. يەنى، ئۇلار مۇنداق دېدى: سەن خۇداغا ئىشىنەمسەن-ئىشەنمەمسەن، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئەمما ئىلىم-پەن بىر رېئال نەرسە. روھقا ئىشىنەمسەن-يوق، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئەمما، تېبابەتچىلىك بىر رېئال نەرسە. جەننەتكە ئىشىنەمسەن-يوق، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئەمما، سىياسەت بىر رېئال نەرسە، ۋە ئىقتىسادمۇ بىر رېئال نەرسە. شۇڭلاشقا بىز رېئال دۇنيا ئۈچۈن باش قاتۇرايلى.

## 5. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى

ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيىلەنگەن. ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان مائارىپىدا ئوقۇغان. شۇنداق بولغاچقا، گەرچە بىز ئاللاھقا ئىشەنسەكمۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنسەكمۇ، ۋە روھقا ياكى قەلبىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە ئىشەنسەكمۇ، بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز ياۋروپالىقلار مەقسەت قىلغان نەرسىدىن

ئاساسەن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مەسلەن، ئامېرىكا ياكى باشقا بىرەر دۆلەتتىكى بىر ئوتتۇراھال مۇسۇلمان ئائىلىسىدىكىلەر بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇۋېلىشنى ئىستەيدۇ. بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇشتىن مەقسەت ئۇلارنى كەلگۈسىدە بىر ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بەزى بالىلار «مېنىڭ ياخشى ئوقۇپ چىققۇم بار، ئەمما، ئالدى بىلەن بىر ياخشى ئىسلام تەربىيىسى كۆرۈشنى ئىستەيمەن» دېسە، ئۆزىگە ساقال-بۇرۇت قويۇۋالغان مۇسۇلمان دادىلار، ۋە بېشىغا ھىجاب ئارتىۋالغان مۇسۇلمان ئانىلار بالىسىغا «ئۇنداق قىلساڭ، سەن قانداق خىزمەت قىلىسەن؟ تۇرمۇشۇڭنى قانداق قىلىسەن؟ قانداق توي قىلىسەن؟ قانداق ياشايسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ ھاياتىڭنى ئىسراپ قىلىۋەتمەمسەن؟» دەيدۇ.

دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر ئىسلام بىلەن بىر ئىنتايىن ئاجىز، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلار جۈمە نامىزىغا ئانچە-مۇنچە كېلىپ قويىدۇ. نامازغا ئەڭ ئاخىرىدا كىرىپ، مەسچىتتىن ئەڭ ئالدىدا چىقىپ كېتىدۇ. ھېيت نامىزىغا كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. ئاشۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىر دىن قانچىلىك رول ئويناۋاتىدۇ؟ يالغۇز مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، ھازىر دۇنيادىكى خىرىستىئان دىنى، جۇدائىزىم، ھىندى دىنى، ۋە باشقا بارلىق دىندىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. ھازىر دىننىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى رولى ئىنتايىن كىچىك. دىن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان بىر نەرسە ئەمەس. دىن سىزنىڭ بىر ئىشنى قىلىشىڭىزدىكى تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان بىر نەرسە ئەمەس. سىز نەدە ياشاش ۋە بالىلارنى قانداق تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشقا دىنىي ئىدىيىلەرنى يېتەكچى قىلمايسىز. سىز بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئەللەرنىڭ ئىدىيىسى بويىچە ئالىلقاچان قارار قىلىپ بولغان. بىز ئاشۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئاللىبۇرۇن ناھايىتى تولۇق قوبۇل قىلىپ بولغان.

## 6. ماتېرىيالىزملىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ياۋروپادىكى ئىككى ئىنقىلابتىن بۇرۇن، كاتولىك دىنى ئەنئەنىسىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ دۇنيا بىر ئىنتايىن يامان جاي، بۇ دۇنيا بىر قارغىشتېگەن جاي، ئىنسانلار پەقەت جەننەتتىلا بەختكە ئېرىشەلەيدۇ، ئۇلار يەر يۈزىگە خۇدا تەرىپىدىن بىر خىل جازا سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ياۋروپادا ھېلىقىدەك ئېچىنىشلىق ھالەتتە ياشىشى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش، ئورۇنلۇق ئىش. «پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتى» يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، بىر يېڭى تىپتىكى خىرىستىئان دىنىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ يېڭى دىندا سىز كۆپرەك دۇنياغا ئېرىشسىڭىز، بەكرەك باي بولسىڭىز، ياخشىراق خىزمەتكە ئېرىشسىڭىز، كۆپرەك پۇل تاپسىڭىز، ئۇ خۇدانىڭ سىزنى سۆيگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى، دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، بۇ يېڭى خىرىستىئان دىنى پەلسەپىلىك ئىدىيە جەھەتتىن ئەنئەنىۋى كاتولىك دىنى بىلەن قارىمۇ-قارشى تەرەپتە تۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا بارسىڭىز، خىرىستىئان دىنى تەبلىغچىلىرىنىڭ شۇ رايوندىكى ئەڭ باي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇ كىشىلەر ئۆزلىرى دىنغا كىرىشتىكى تۈپ مەقسەت ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىزمچىلىقى (materialism) نى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. سىزنىڭ خۇداغا ئەھمىيەت بەرمەي، دۇنياغا ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ماتېرىيالىزملىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىزنىڭ روھقا ئەھمىيەت بەرمەي، بەدەنگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ماتېرىيالىزملىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىزنىڭ كېيىنكى ھاياتقا ئەھمىيەت بەرمەي، ھازىرقى ھاياتقا ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ماتېرىيالىزملىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك،

**هازىرقى زامان خرىستىئان دىنچىلىقى ماتېرىيالىزملىقنى ئاقلايدىغان، ماتېرىيالىزملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قالدى.**

**مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلاردىن بەك ئارقىدا قالمىدى. ناماز ئوقۇمايدىغان، ۋە جۈمە نامىزىغا قاتناشمايدىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىر يېڭى ئۆي ئالسا، ئۆيىدە بىر دىنىي رەسمىيەت پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدۇ. نېمىشقا؟ ئۇلار «ئاللاھ مېنى مۇكاپاتلىدى، مۇشۇ ئاللاھنىڭ مەندىن رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن»، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئېرىشكەن دۇنيا قانچە كۆپ بولسا، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىن شۇنچە رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ. ئاشۇنداق بۇرمىلانغان ئىدىيە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىغا تارقىلىپ بولدى.**

## 7. «گۇناھ» دېگەن ئۇقۇم

**هازىرقى زامانغا كەلگەندە ئىلاھىيلىق (spirituality) نىڭ ئورنىنى پسىخولوگىيە ئالدى. بىز بىر قىسىم نەرسىلەرنى هازىر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىگە تايىنىپ چۈشىنىشكە ئەمەس، كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسىگە تايىنىپ چۈشەنمەكچى بولۇۋاتىمىز. مۇشۇنداق بولغاندا، ئەگەر سىز چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئىلاھىيلىق بىلەن هېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ سىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى بەزى خىمىيىلىك تەڭپۇڭسىزلىقتىن بولغان بولۇپ، سىز دورا يېسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، بىز كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەنبە كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرگە كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋاستىلەر بىلەن داۋا تېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئۇسۇل ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. هازىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى بۇرۇنقى هەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن يۇقىرى. هازىر ئامېرىكىدىكى ئەڭ باي ناھىيىلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىز ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىپ بارىمىز.**

**بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر خىل سەلبىي تۇيغۇ بار بولۇپ، ئۇ «گۇناھ» (guilt) دەپ ئاتىلىدۇ. بىر ئادەم يامان ئىشتىن بىرنى قىلسا كۆڭلىدە گۇناھ قىلغان تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. هازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىدە گۇناھ بىر خىل يامان ئىش. شۇڭلاشقا بىر ئادەم بىر پسىخولوگىيە دوختۇرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «مەن هاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئۆزۈمنى بىر خىل گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك هېس قىلىۋاتىمەن» دېسە، هېلىقى دوختۇر ئۇنىڭغا «سىز ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىنىپ، هېلىقىدەك تۇيغۇدىن ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىڭ»، دەيدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىر خىل ئىچكى نۇقسان هېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەردىن داۋاملىق خۇشال يۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.**

**سۈرە قىيامەت (75-سۈرە) مۇنداق دەپ باشلىنىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن هېساب ئېلىنىدۇ).» قىيامەت كۈنى بىلەن گۇناھنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئاللاھ بۇ يەردە بىزگە ئاجايىپ بىر خىل روھىي ۋە پسىخولوگىيەلىك رېئاللىقنى دەپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز هازىر «بىناغا ئوت كەتتى، بىنادىن چىقىپ كېتىڭلار!» دېگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىسىڭىز، سىز بىنادىن چىقىپ كېتىسىز. ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ مەقسىتى سىزگە بىر خەتەرنى بىلدۈرۈپ قويۇش. سىز يۇقىرىقىدەك ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندا، ئوتنى كۆرمىگەن بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرىسىز. ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئۆزىلا سىزگە**

كۈپايە قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر خىل ياخشى ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ياراتقان. ئىنسانلارنى تەبىئىي ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئىنتىلدۈرىدىغان خۇسۇسىيەت بىلەن ياراتقان. ئۇ خۇسۇسىيەت «فىترەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى ئاشۇنداق بىر خىل روھىي خۇسۇسىيەت بىلەن پروگراممىلانغان بولىدۇ. ئاشۇ خۇسۇسىيەتكە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئاللاھ يەنە بىر بىخەتەرلىك مېخانىزمىنى ياراتقان بولۇپ، ئاشۇ مېخانىزم «گۇناھ» دەپ ئاتىلىدۇ. «گۇناھ» ئاللاھنىڭ سوۋغىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى «قىلىۋاتقان ئىشىڭ سېنىڭ روھىڭغا خىلاپلىق كېلىدۇ»، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز خەتەرنى كۆرمەيسىز. روھىڭىزغا خىلاپلىق قىلغاندا، سىز خەتەرنى كۆرمەيسىز. ئىنسانلار ھازىرچە پەرۋا قىلمايۋاتقان خەتەرنى ھەقىقىي تۈردە كۆرىدىغان كۈن قىيامەت كۈنىدۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەلىلى ئىچىمىزدىكى «گۇناھ» دەيدىغان بىر پسىخولوگىيەلىك ھېسسىياتتىن ئىبارەت. ئۆزىمىزدە ھەر قېتىم پەيدا بولىدىغان گۇناھكارلىق ھېسسىياتى قىيامەت كۈنىنىڭ دەلىلى بولىدۇ. يالغۇز مۇسۇلمانلارلا گۇناھكارلىق ھېسسىياتىغا ئىگە بولۇپ قالماي، بۇ خىل ھېسسىيات بارلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان. شۇڭلاشقا ھەممە ئىنسانلار بىرەر خاتا ئىشنى قىلغاندا، ئىچىدە «مەن بۇ ئىشنى توغرا قىلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر جازاغا تارتىلىشىم مۇمكىن»، دەپ ئويلايدۇ. كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار تۇتۇلۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى بىر ئىجابىي نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، پسىخولوگىيە ئىلمىدە روھ (soul) مەۋجۇت ئەمەس. پسىخولوگىيە نەزەرىيىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى روھ ئۈستىدە توختالمايدۇ. پسىخولوگىيە دوختۇرلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى سىزگە «روھىڭىزنى قوغداڭ» دېمەيدۇ.

## 8. كۆرۈنىدىغان دۇنيا بىلەن كۆرۈنمەيدىغان دۇنيا

پەقەت مۇسۇلمانلاردىكى، پەقەت بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىزدىكى مودېللا كۆرۈنىدىغان دۇنيا بىلەن كۆرۈنمەيدىغان دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدۇ. كاتولىكلار كۆرۈنمەيدىغان دۇنيانى رەت قىلدى. پروتېستانت دىنىدىكىلەر كۆرۈنمەيدىغان دۇنيانى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوبۇل قىلدى. دىنسىزلار كۆرۈنمەيدىغان دۇنيانى پۈتۈنلەي رەت قىلدى. پەقەت بىزنىڭ دىنىمىزدىكى كىشىلەرلا كۆرۈنىدىغان دۇنيا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق كۆرۈنمەيدىغان رېئاللىقنى ياخشىلايدۇ.

مەن بىر مىسال كۆرستەي. بۇددا دىنىدىكىلەر سەجدە قىلغاندا كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئىلاھىي ئويلىنىش (sipiritual meditation) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپلىگەن ئەنئەنىلەردىكى كىشىلەر چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىدىمۇ كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئەمما بىز ناماز ئوقۇغاندا كۆزىمىزنى ئېچىپ تۇرۇپ ئوقۇيمىز. ئەمەلىيەتتە ئەگەر بىزمۇ نامازنى كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئوقۇساق، ناماز ئۆزىمىزگە سەل ئاسانراق توختايتتى. ئەمما بىز ئۇنداق قىلمايمىز. بىز كۆزىمىزنى ئوچۇق تۇتىمىز. بۇ بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئاساسى. سىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بۇ دۇنيادىن نەزىرىڭىزنى ساقىت قىلمىغان تۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى بىزگە كۆرۈنمەيدىغان ئاللاھ بىلەن باغلايسىز. بىز ناماز ئوقۇش جەريانىدىمۇ ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويمايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىر بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا، نامازنى بالدۇر ئاخىرلاشتۇرۇپ، دىققىتىنى

بالىغا بەرگەن ئىكەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا شۇ قەدەر چوڭقۇر كىرىشىپ كېتىپ، بالىنىڭ يىغلىشى ئەمەس، يەر تەۋرىسىمۇ ئۇنى تۇيماسلىقى كېرەك ئىدى.

بىز بۇ دۇنيادىكى ھاياتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىلاھىيلىق ھاياتنى ياشايدىغان كىشىلەردىن ئەمەسمىز. بىز چوقۇم مۇشۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تېپىشىمىز كېرەك. بىز ئاشۇ تەڭپۇڭلۇقنى يالغۇز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر دىنىنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭغا قارىتا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دىنىي ئاشقۇنلار بولۇپ پەيدا بولدى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب مۇقەددەس كىتابنىڭ يادرولۇق تەلىماتلىرىدىن چەتنىگەنلىكتىندۇر.

يۇقىرىدىكى ئۇقۇملارنىڭ كۆپىنچىسى پەلسەپىلىك ئۇقۇملار بولۇپ، مېنىڭ بۆگۈن ئۇ ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى سەۋەب، مۇسۇلمانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرىلىتىشتىن ئىبارەت. بىز ھەممىمىز شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. يالغۇز ناماز ئوقۇيدىغان، نۇتۇق سۆزلەيدىغان ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارلا ئەمەس، ئوتتۇراھال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇرراق تەپەككۇر قىلىشنى باشلىشى كېرەك. بىز ھازىر قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز؟ بىز قانداق كىرىزىسلارغا دۇچ كەلدۇق؟ ھازىر زامانىۋىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئىچىگىچە كىرىپ بولدى. بىز ئەڭ يادرولۇق يېرىدىن باشلاپ، ئىسلامغا يېڭىدىن ھاياتي كۈچ بېغىشلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىماتلىرىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۈممەتلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلغاي.

«ئويغان» نىڭ «ئۈممەتلەرنىڭ روناق تېپىشى» ناملىق مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا بەرگەن «ئىلىم-پەن ۋە دىن» دېگەن تېمىسىدىكى دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىلىۋالغىنىمىزدەك، ئىسلام دىنىدا خۇدا بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدا، روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا، ئاخىرەتتىكى ھايات بىلەن ھازىرقى دۇنيادىكى ھايات ئوتتۇرىدا ئىنتايىن مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ دىنىمىزدا پەن بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا بىر ناھايىتى مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ساقلانغان. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بۇ تەڭپۇڭلۇقنى توغرا چۈشەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 1550-يىللىرىغىچە، يەنى 900 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىيات جەھەتتە دۇنيادىكى باشقا زېمىن ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان. 1550-يىللىرىدىن كېيىن بولسا مۇسۇلمانلار ھېلىقى تەڭپۇڭلۇقنى ئەستىن چىقىرىپ قويغان، ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىغا چېكىنىشكە باشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقىدەك بىر خىل ئارقىدا قېلىپ خارلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ھازىرغىچە «مۇسۇلمانلىق» نى پەقەت «دىنچىلىق» بىلەنلا باغلاپ، ئىلىم-پەنگە سەل قارايدىغان، پەقەت دىنىنى ئۆگىنىشكىلا بېرىلىپ، پەننى ئۆگىنىشكە بېرىلمەيدىغان، پەقەت دىنىي ئىشلاردىلا ئاكتىپ بولۇپ، پەنني ئىشلاردا ئىنتايىن ھورۇن بولۇۋالىدىغان ئىشلار ئېغىر

دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى. شۇڭلاشقا بىز زىيانىنىمۇ يەتكۈچە تارتىپ كەلدۇق. ھەممە بىز ئېغىر زىيانلارنى ھازىرمۇ تارتىۋاتىمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى خېلى كۆپ يازمىلىرىدا دىنىمىزنىڭ ئىلىم-پەننى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ھازىرقىدەك ھالىتىمىزنى، ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالىتىنى ئىنسان ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلدىم. «ئويغان» نىڭ يۇقىرىدىكى دوكلاتى ئاشۇ كۆز-قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. مېنىڭ بۇ گەپلەرنى داۋاملىق دەپ تۇرۇشۇمدا مەلۇم مەقسىتىم بار. ئۇ بولسىمۇ دىندا ئاكتىپ، ئەمما پەندە ھۇرۇن كىشىلىرىمىزنىڭ بىر ئاز ئويلىنىشىنى، ۋە بىر ئاز ئويغىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇنداقلا ھازىر پەننى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، پەقەت دىن ئۆگىنىش يولىغا مېڭىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ ياشاش يولىنى توغرىلىۋېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. سىز يالغۇز دىننى ئۆگىنىپ، پەننى ئۆگەنمىسىڭىز، پەقەت دىنني ئىشلار بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، پەنني ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمىسىز، پەقەت ئىبادەتنىڭ 5 تۈرلۈك مۇسۇلمانلىق پەرزى قىسمىنىلا ئورۇنلاپ، ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇش قىسمىنى ئورۇنلىمىسىڭىز، سىز ھەرگىزمۇ تولۇق ئىبادەت قىلغان بولمايسىز. سىز ھەرگىزمۇ تولۇق مۇسۇلمان بولغان ھېسابلانمايسىز. ئاللاھنى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك رازى قىلالىشىڭىزمۇ، ئاللاھتىن كۈتكەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلىشىڭىزمۇ ناتايىن. دىنىمىز مۇسۇلمانلاردىن ئىلىم-پەن بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا بىر ساغلام تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلايدىكەنسىز، سىزمۇ شۇنداق قىلىشقا تىرىشىڭ.

مەن يېقىندا «خەلقئارالىق كومپيۇتېر ھەپتىسى پائالىيىتى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە يازما تەييارلىدىم [7]. ئۇنىڭدا بىر دۇنيا خەرىتىسى بار بولۇپ، ئۇ خەرىتىنىڭ ئۈستىدىكى ھازىر «خەلقئارالىق كومپيۇتېر ھەپتىسى پائالىيىتى» نى ئېلىپ بېرىۋاتقان زېمىنلارغا بەلگە ئۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى كۆرسىتىدىغان قىسمىغا ھېچ قانداق بەلگە ئۇرۇلماپتۇ. يەنى ھازىرقى زاماندىكى ئاشۇنداق ئەڭ مۇھىم ئىش ئۇيغۇر دىيارىدا تېخىچە قەتئىيلا يوق ئىكەن. شۇڭلاشقا ھېلىقى خەرىتىدە ئۇيغۇر دىيارى باشقىچىلا چېنىپ قاپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ناھايىتى يېرىم بولدى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ 21-ئەسىردىكى ئاشۇنداق بىر ھالىتىنى قوبۇل قىلالمىدىم. ئۇنى كۆرۈپ، سىز قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟

ھازىر ۋەتەندىكى ياشلار تورلاردا 2016-يىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە يىلى قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەت-مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ھەممە خېلى كۆپ تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە «كومپيۇتېر» يوق ئىكەن. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشتىن كېيىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى كومپيۇتېر. شۇڭلاشقا ئەگەر ۋەتەندىكىلەر كېلەر يىلنى چوقۇم بىرەر نەرسىنىڭ يىلى قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن «كومپيۇتېر» نى ئويلىشىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاشۇ باھانىدە بىر يىل پۇختا تەييارلىق قىلىپ، كېلەر يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ «خەلقئارالىق كومپيۇتېر ھەپتىسى پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر قايمۇقۇپ قالغان دىنغا ئائىت مۇھىم مەسىلىلەردىن خېلى كۆپلىرى بار بولۇپ، مەزكۇر يازمىدا مەن شۇلارنىڭ بىرى ئۈستىدە توختالدىم. ئاللاھ بۇيرۇسا كېيىنكى يازمىلىرىمدا يەنە بىر قانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم ئۆز خەلقىمىز ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن خاتا ۋە

قالايمىقان دىنىي چۈشەنچىلەرگە خاتىمە بېرىشكە ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇش. شۇڭلاشقا مەن بىر قىسىم تورداشلاردىن ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئويلىنىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] بىلىمخۇمار: مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار
http://bbs.bagdax.cn/thread-23424-1-1.html

[2] بىلىمخۇمار: يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار
http://book.menzil.biz/2013/07/13/2703.html

[3] بىلىمخۇمار: يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار
http://bbs.bagdax.cn/thread-21244-1-1.html

[4] Science VS Religion
https://www.youtube.com/watch?v=iVwF2k5KTk0

[5] Protestant Reformation
https://en.wikipedia.org/wiki/Protestant_Reformation

[6] French Revolution
https://en.wikipedia.org/wiki/French_Revolution

[7] خەلقئارالىق كومپيۇتېر تەربىيىسى ھەيئىتى پائالىيىتى ھەققىدە
http://bbs.bagdax.cn/thread-40386-1-1.html

# مەدەنىيەت، ئىسلام ۋە بىدئەت

**2015-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى**

يېقىندا بىر قېرىنداشىمىز مەن تورلارغا چىقارغان «تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت (2)» دېگەن ماقالىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس يېزىپ، ماڭا بىر ئىلتىماس سۇندى. ئۇنىڭ ئىنكاسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمى مۇنداق (نەقىل):

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئۇستاز! سىز ياسىر قازى ۋە ئۇيغانغا ئوخشاش دىنىي ئالىملارنىڭ تەبلىغلىرىدىن پايدىلىنىپ، ياكى ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، «بىدئەت» توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ توغرا مەنىسى «دىندا ئەسلى يوق بولۇپ، كېيىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەت»، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىنقلاپ بەرگەن بولسىڭىز. بىدئەت ھەققىدىكى كۆزقاراش ئۆز مەنىسىنى تاپسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئازغۇنلۇقلارنى پەسەيتىپ، ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى، دەپ قارايمەن. ئاللاھقا ئامانەت (ئەسلىدىكى ئىنكاسنىڭ قالغان قىسمى قىسقارتىلدى).*

بىدئەت مەسىلىسى مەن ئۆزۈممۇ چۈشىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر مەزمۇن بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئىنكاسنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن ياسىر قازى بىلەن «ئويغان» نىڭ تورلاردىكى لېكسىيە-دوكلاتلىرىنى بىر ئاز تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ھەممە ياسىر قازىنىڭ مۇشۇ تېما ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بىر سۆھبىتىنىڭ سىن ھۆججىتىنى تاپتىم. بۇ سۆھبەتنى ئامېرىكىدا ئىشلىنىدىغان، ئىنگلىزچە «The Dean Show» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تېلېۋىزور پروگراممىسى ياسىر قازى بىلەن ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ تورلارغا 2008-يىلى 3-ئىيۇلدا چىقىرىلىپتۇ. يەنى، بۇ سۆھبەت ياسىر قازى ئامېرىكىدىكى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئىسلام تەتقىقاتى» كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ [1]. بۇ سىن ھۆججىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 مىنۇت بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «مەدەنىيەت بىلەن ئىسلامنىڭ پەرقى، ۋە بىدئەت» ئىكەن. «The Dean Show» دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىزچە پروگراممىا پۈتۈن دۇنياغا سىملىق تېلېۋىزور ۋە سۈنئىي ھەمراھ دولقۇنلىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرگۈچىلىرى مىليونلاپ سانىلىدىكەن [2]. بۇ پروگراممىدا بۇگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار يولۇققان مەسىلىلەر ئۈستىدە ياسىر قازى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەر كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ بەشتىن كۆپرەكىنى قايتا-قايتا ئاڭلاپ چىقتىم. مەزكۇر يازمىدا «مەدەنىيەت بىلەن ئىسلامنىڭ پەرقى، ۋە بىدئەت» دېگەن تېمىدىكى سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرىمەن.



**1-رەسىم: ئۇيغۇرلارنىڭ توپا بېشىدىكى دىنىي پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.**

**ماقالىدىكى كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر بۇ يازمىغا ئۆزۈمنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم قىستۇرۇپ قويىمەن. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى. بۇ سۆھبەتتە بىر «ئەددى» (Eddie) ئىسىملىك پروگراممىا باشقۇرغۇچىسى ياسىر قازىدىن سوئال سورايدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا ياسىر قازى جاۋاب بېرىدۇ.**

**سوئال: نېمىنىڭ مەدەنىيەت، نېمىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى قانداق پەرق ئېتىمىز؟**

## 1. ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىندۇر

**بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق بىر ئىشقا ئىشىنىمىز: ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىزگە ئۈلگە قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قايسى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش، بىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىپ قويۇش. ئۇ بىزگە دىنىدىن خالىي ئىلىم-پەننى، ئىنژېنېرلىق، فىزىكا، ۋە ماتېماتىكىنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەمەس. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، بىزگە نېمىگە ئىشىنىشىمىز كېرەكلىكى، دىنىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بىزنىڭ قايسى ئىشلارنى قىلىمىز كېرەكلىكى، قانداق ئىشلار بىزنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ساقلاپ قالىدىغانلىقى، ۋە قانداق ئىشلار بىزنى جەننەتكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئاشۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىسلامنىڭ ھەممە ئۇچۇرلىرىنى تولۇق يەتكۈزدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يەتكۈزگەن ئۇچۇرلاردا ھېچ قانداق مۇجمەللىككە ئورۇن بەرمىدى. ھېچ قانداق ئۆزگىرىشكىمۇ ئورۇن قويمىدى. چۈنكى، ئۇ ئەكەلگەن تەلىماتلار مەڭگۈلۈك تەلىماتلاردۇر.**

**ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە «مەن سىلەر ئۈچۈن بىر تۈز يول، بىر نۇرلۇق يول ھازىرلاپ قويدۇم. ئۇ**

خۇددى كىچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىدەك ئېنىق»، دەيدۇ.

ئۇ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئۆزى بىلىدىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەن ئۆزى بىلىدىغان يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئۈممەتلىرىنى ئاشۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاشۇ يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە دەپ بەرگەن ئۇسۇللاردىن باشقا سىلەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئۇسۇل يوق. شۇنداقلا مەن سىلەرگە دەپ بېرىپ، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئىشلاردىن باشقا سىلەرنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇپ، دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارمۇ يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، خۇددى ئاللاھ قۇرئاندا دېگىنىدەك، ئىسلام دىنى بىر تەلتۆكۈس ۋە مۇكەممەل دىن، دەپ قارايمىز. قۇرئاندىكى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن بۈگۈن دىنىمنى سىلەر ئۈچۈن تەلتۆكۈس تاماملاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەردىم.

ئىلاۋە: يۇقىرىدىكىسى 5-سۈرە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مۇنداق دەپ ئېلىنىپتۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»

سىز مۇكەممەل نەرسىنى ياممايسىز. سىز ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋەتمەيسىز، ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى قوشۇپ قويمايسىز. مۇكەممەل نەرسىنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىسى بولمايدۇ، يەنى 1-نۇسخىسى، 2-نۇسخىسى، ۋە 3-نۇسخىسى دېگەندەك ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى بولمايدۇ. ئۇنداق نەرسە مۇكەممەل نەرسىدۇر. يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى بار بولىدۇ، سەۋەبى ئۇلار مۇكەممەل نەرسىلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ كاشىلىسى، مەسىلىسى ۋە نۇقسانلىرى بار بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۇلار ئۈستىدىن ياماقچىلىق ياكى ياخشىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يېڭى نۇسخىلىرىنى، ياكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىسىز. ئەگەر كىشىلەر بىر مەھسۇلات ئۈستىدە قىلغىلى بولىدىغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بىر مۇكەممەل مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقارغان بولسا، ئاندىن سىز بېرىپ ئۇنى ئۆزگەرتسىڭىز، ئۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالار ئىدى. يەنى، سىز ئۇنى ئۆزگەرتسىڭىز، ئۇنى پەقەت ناچارلىققىلا ئۆزگەرتىسىز. بىزنىڭ دىنىمىز ھەققىدىكى كۆز-قارىشىمىز ئەنە شۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئائىت بىز بىلىشكە تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى بىزگە دەپ بولغان. ئەگەر بىرەر ئادەم كېلىپ «مەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشىراق ئۇسۇلىنى بىلىمەن»، دەيدىكەن، ئۇ بىر ئېغىر مەسىلە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دېگىنى «مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىراق بىلىمەن»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ھېچ قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۇنداق گەپنى قىلمايدۇ.

## 2. دىنىي ئىبادەت ئىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە بولىدۇ

ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى «پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن بەزى ئىشلارنى قىلمىسىمۇ

بولىدۇ، ئەمما ئۇ قىلمىغان ئاشۇ ئىشلارنى بىز قىلساق بولۇۋېرىدۇ؛ بەزى ئىشلارنى بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك قىلساق بولۇۋېرىدۇ»، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا: «مېنىڭ سۈننىتىم (يەنى مېنىڭ ئۇسۇلۇم) ئەڭ ياخشى سۈننەت. ئەگەر بىر ئادەم مېنىڭ سۈننىتىمدىن ئايرىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىمەن»، دەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز بىزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسەن بىر مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ياشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئىبادەت پائالىيەتلىرىمۇ بار.

شۇڭلاشقا ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا بىر ئادەم كېلىپ: «بىز ئاللاھقا مۇنداق مۇنداق ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك»، دەيدىكەن، سىز ئۇ ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر ئاددىي سوئالنى سورىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ: «بۇ بىر ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە ئاشۇنداق ئىش-ھەرىكەتنى قىلغان، شۇنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟» ياكى سىز باشقا بىر ئۆلىمانىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ياكى بولمىسا سىز مۇسلىم ياكى بۇخارى ھەدىسلىرىنى ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ، ئاشۇنداق ئىشنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۆزىڭىز جەزملەشتۈرسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئاشۇنداق ئىزدىنىشىڭىزنىڭ نەتىجىسىدە سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلا ئاشۇنداق دېگىنىنى بايقىسىڭىز، سىز شۇ بويىچە ئىش كۆرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

ئەمما، ئەگەر ھېلىقى كىشى «ماڭا ئۇ گەپنى ئوقۇتقۇچىم دەپ بەرگەن»، ياكى «مېنىڭ دىنىي بىلىملىرىدىن گۇمانلىنىدىغانىغا سەن كىمتىڭ؟» دەيدىكەن، ئۇنىڭ قىلغىنى نامۇۋاپىق ئىش، قوپاللىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ بىلىمىدىن گۇمانلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلىمىنى جەزملەشتۈرۈشتىنلا ئىبارەت. ئەگەر بىر ئادەم ھەقىقەتەن بىلىملىك بولسا، ئۇ ئاشۇ بىلىمىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دىنىي ئىبادەت ئىش-ھەرىكەتلىرىگە كەلگەندە، ئەگەر بىر ئادەم «بۇ ئىشنى مۇنداق قىلىدۇ» دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن-دېمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى كېرەك.

## 3. چەكلەنمىگەن تەبىئىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولۇۋېرىدۇ

يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى يېيىش، ئىچىش، ۋە كىيىنىش قاتارلىق ئاددىي ئىشلار بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ دىنىمىز بۇنداق ئىشلاردا بىر ئومۇمىيۈزلۈك كۆرسەتمە بەرگەن. مەسىلەن، چوشقا گۆشى يېمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، ۋە باشقىلار. قالغان ئىشلار ئۆزىمىزگە باغلىق. ئەگەر بىر ئادەم ئەرەبلەرنىڭ تامىقىغا قارىغاندا پاكىستانلىقلارنىڭ تامىقىنى ياخشىراق كۆرىدىكەن، ئۇ پاكىستانلىقلارنىڭ تامىقىنى يېسە بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي يول قويۇلىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ دىنىمىز بۇنداق تاللاشلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسىنى بېكىتىپ بەرمىگەن. بۇنداق ئىشلاردا پەقەت بىزنىڭ دىنىي قانۇنلىرىمىزغا خىلاپلىق كېلىپ قالمىسىلا، سىز قايسىسىنى تاللىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى تەبىئىي ئىشلار. بۇ بىز ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، بىز يەيمىز، ئىچىمىز، كىيىمىز، خىزمەت قىلىمىز، ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىمىز، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىمىز، ۋە ماشىنا ھەيدەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئىشلار. بىر ئىشنىڭ

تەبىئىي ئىش ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىشتا مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت قىلساقلا بولىدۇ: ئۇ قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم قىلىدىغان ئىشلار. ئەگەر شەرىئەتتە چەكلەنمىگەنلا بولسا، تەبىئىي ئىشلارغا تەۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

مەسىلەن، ئەگەر سىز مەلۇم بىر خىل كىيىنىش يولىنى تاللىغان بولۇپ، بىرى كېلىپ سىزگە: «قېرىندىشىم، ئۇنداق كىيىنسىڭىز بولمايدۇ» دېسە، ئۇ سىزگە نېمىشقا سىز ئاشۇنداق كىيىنسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى دەپ بېرىشى كېرەك. سىزنىڭ ئاشۇنداق كىيىنسە بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش مەجبۇرىيىتىڭىز يوق. ھېلىقى كىشى سىزگە ئاشۇنداق كىيىنسە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك.

تەبىئىي ھاياتنىڭ كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپ ئەنە شۇ.

## 4. ئىسپاتى يوق دىنىي ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچ قاندىقىنى قىلىشقا بولمايدۇ

ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى خىلدىكى ئىش-ھەرىكىتى دىنىي ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت. دىنىي ئىش-ھەرىكەتلەر ئوخشىمىغان دىنلار ئۈچۈن ئوخشاش بولمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئىش-ھەرىكەتلەر ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئەگەر سىز ئامېرىكىدا بولسىڭىز، گەرچە ئىككى ئادەم ئوخشاش كىيىنىپ، ئوخشاش ئورۇندا ئىشلىسىمۇ، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئادەم جۈمە كۈنى مەسچىتكە بارىدۇ، خرىستىئانچى كىشى بولسا يەكشەنبە كۈنى چېركاۋغا بارىدۇ. شۇڭلاشقا كېيىنكىسى دىنىي ئىش-ھەرىكەت بولىدۇ.

دىنىي ئىش-ھەرىكەتلەرگە كەلگەندە، ئومۇمىي پرىنسىپ يۇقىرىدىكىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. يەنى، تەبىئىي ئىشلاردا يول قويۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىسپات يوق ھەر قانداق ئىشقا يول قويۇلىدۇ. ئەمما دىنىي ئىش-ھەرىكەتلەردە بولسا، سىز قىلسا بولىدىغانلىقىغا ئىسپات تېپىپ بېرەلمەيدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلسىڭىز بولمايدۇ.

مەسىلەن، بىر ئادەم بىر كۈنى «مەن بۈگۈن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن» دەپ، ئۇسسۇل ئويناپ، چاۋاك چېلىش ئىشلىرىنى قىلسا بولمايدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا سىز ئۇنىڭغا «ئۇكام، بۇنداق ئىشقا يول قويۇلمايدۇ»، دەيسىز. ئۇ «سەندە نېمە ئىسپات بار؟» دەپ سورىسا، سىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىسپات كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتىڭىز يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ئىسپاتنى يەنە بىر ئادەم، يەنى ھېلىقى ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم كۆرسىتىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا ئىسپات كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى ئىبادەت قىلىش ئىش-ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

## 5. «بىدئەت» دېگەن نېمە؟

يەنى، تەبىئىي ئىشلاردا بىر ئىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەجبۇرىيىتى ئاشۇ ئىشنى قىلىۋاتقان ئادەمنى توسقان ئادەمنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر خىل يېمەكلىكنى يېسىڭىز، بىر ئادەم كېلىپ سىزگە «بۇنى يېسىڭىز بولمايدۇ» دېسە، ئۇنى يېسە بولمايدىغانلىقىنى ئاشۇ ئادەم سىزگە ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ يېگىنىڭىز چوشقا گۆشى بولۇپ، ئۇ كىشى «ئاللاھ چوشقا گۆشى ھارام، دېگەن» دېسە، ئۇ ھالدا سىز ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. ئەمما سىزنىڭ يېگىنىڭىز

باشقا ھالال يېمەكلىكلەر بولسا، گەرچە ئۇنداق يېمەكلىكلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەپ باقمىغان بولسىمۇ، سىز ئۇنى يېسىڭىز بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ گۈرۈچ يەپ باقمىغان، ئەمما گۈرۈچ ھالال يېمەكلىككە كىرىدۇ. سىز گۈرۈچ تامىقى يەۋاتقاندا بىر ئادەم قېشىڭىزغا كېلىپ: «بۇ بىدئەت. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان بىر ئىشنى قىلغىلى تۇرۇۋېسەن» دېسە، سىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭ: سىز «بىدئەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيسىز.

بىدئەتنىڭ دۇنياۋى ئىشلاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بىدئەت پەقەت دىنىي ئىش-ھەرىكەتتىلا يۈز بېرىدۇ. يېڭى تېپتىكى ماشىنا كەشىپ قىلسىڭىز، يېڭى كومپيۇتېر ئىجاد قىلسىڭىز، ياكى باشقا بىر يېڭى تېخنىكا كەشىپ قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئۇنداق قىلىش بىدئەتكە كىرمەيدۇ. ئەمما، سىز بىر يېڭى خىلدىكى شورپا مەھسۇلاتى ئىشلەپ چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا چوشقا گۆشى خۇرۇچلىرىنى ئىشلەتسىڭىز بولمايدۇ. تەبىئىي ئىشلاردىكى يېڭىلىق يارىتىشنى شەرىئەت كونترول قىلمايدۇ.

ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن سىز بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، قۇرئان ياكى سۈننەتتە يوق ئىشلاردىن بىرىنى قىلماقچى بولسىڭىز، سىز بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق بىر يېڭى ئىشنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇ «بىدئەتلىك» بولىدۇ. ئۇنداق قىلىشنىڭ خەتىرى شۇكى، سىز ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى بىر پەيغەمبەرنىڭ ئورنىغا كۆتۈرۈۋالغان بولىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىز «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتا بىزگە يول كۆرسەتمىگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى مەن ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىلىمەن»، دېگەن بولىسىز. سىز ئۇنداق قىلسىڭىز، دىنىمىزنى ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئېچىۋەتكەن، ئۇنى كىم نېمىش قىلسا بولىۋېرىدىغان بىر دىنغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىسىز. ئۇنداق ئەھۋالدا ئوخشىمىغان ئادەم دىنىمىزنى ئوخشىمىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دىنىمىزنىڭ ھېچنېمىسى ساقلىنىپ قالمايدۇ. بىر ئەۋلاد مۇددىتى ئىچىدىلا دىنىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

### ئەگەر بىر ئادەم دىنىمىزغا بىر ياخشى نەرسىنى قوشماقچى بولسا، قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر بىر ئادەم دىنىمىزغا بىر ياخشى نەرسىنى ئېلىپ كىرسە، ئۇ ئادەم قىلغان ئاشۇ ياخشى ئەملى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر بىر ئادەم دىنىمىزغا بىرەر يامان نەرسىنى ئېلىپ كىرسە، ئاشۇ ئادەمگە بىر گۇناھ ئارتىلىپ، ئۇنىڭ سورىقى قىيامەت كۈنى قىلىنىدۇ. بۇ بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغان. بۇ يەردىكى «ياخشى نەرسە» بىلەن «يامان نەرسە» دېگەن نېمە؟ ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاشۇ ھەدىسنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

بۇ ھەدىسنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: بىر كەمبەغەل ئادەم ساھابىلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كىيىمى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى مۇۋاپىق ھالدا يېپىپ تۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق ئىچ ئاغرىتىدۇ. كۆڭلىدە «بۇ كىشى مېنىڭ ساھابىلىرىمنىڭ بىرى تۇرۇپ، ئۈچىسىدا تۈزۈكرەك كىيىممۇ يوق ئىكەن»، دەپ ئويلايدۇ. ھەمدە ساھابىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ھەققىدە تەلىم ۋە نەسىھەت بېرىدۇ. ئازراق ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ كەمبەغەل كىشىگە قارىتا ساھابىلەردىن ھېچكىم ھېچ ئىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم توپى ئىچىدىكى بىر ئادەم ئۆيىگە قايتىپ، كىچىككىنە چىلانغا ئوخشاش يېمەكلىكنى ئېلىپ كېلىپ، ھېلىقى يىرتىق كىيىملىك

ئادەمگە بېرىدۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئادەم كۆڭلىدە «مەن ئۇنىڭدىن ياخشىراق قىلالايمەن»، دەپ ئويلاپ، ئۆيىگە بېرىپ، سەل كۆپرەك نەرسە ئەكىلىپ، ھېلىقى يېرتىق كىيىملىك كىشىگە بېرىدۇ. بۇ ئىش 3-ئادەم ۋە 4-ئادەملەر بىلەن يەنە تەكرارلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1-ئادەم باشقا ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن باشلامچى بولۇش، ياكى كاتالىزاتور (catalyst) بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاشۇ ئەھۋالغا قارىتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بىر ئادەم يامان ئىشنى قىلىپ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە گۇناھ ئارتىلىدۇ.» بۇ يەردە يۈز بەرگىنى بىر ساخاۋەتلىك ئىشى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىشتۇر.

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلماي چۈشۈرۈپ قويغان، بىزنىڭ دىنىمىزغا قوشسا بولىدىغان ياخشى ئەمەل يوق. سىز بىزنىڭ دىنىمىزغا بىرەر يېڭى نەرسىنى قوشماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇ چوقۇم يامان نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ ھەدىس بۇخارىدا بىر رىۋايەت بار. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر ئادەم بىزنىڭ دىنىمىزغا بىر نەرسىنى ئېلىپ كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ نەرسە رەت قىلىنىدۇ.» بۇنىڭ مەنىسى، ئۇنداق نەرسىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق قانۇنلارنى بېكىتىپ بولغان بولۇپ، بىز پەقەت شۇلارغا ئەمەل قىلساقلا بولىدۇ.

## 6. سوئال-جاۋابلار

ئىلاۋە: مەزكۇر تېلېۋىزور پروگراممىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، باشقۇرغۇچى ياسىر قازىدىن دىنىمىزغا ئائىت بىر قىسىم سوئاللارنى سورىدى. ياسىر قازى ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بەردى. تۆۋەندە مەن ئاشۇ سوئال-جاۋابلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇھىم، دەپ قارىغان بىر قانچىسىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

--سوئال: سىز قۇرئاننى تولۇق بىلىسىز، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىسىز. سىز كىچىكلىكىڭىز ھەدىسلەرنىمۇ ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىمۇ تولۇق بىلىسىز. ئەگەر ھازىر سىز ئىسلامغا تەۋە ئەمەس بىر نەرسىنى دېسىڭىز، ئۇ سىز ئۈچۈن بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ قالامدۇ؟ سىز ئۇنداق قىلىشقا «ياق، ياق»، دەمسىز؟ سىزنىڭ بىر نەرسىنى ھالال، ياكى يەنە بىر نەرسىنى ھارام دېيىشىڭىزگە بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە شۇنداق. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمغا قەتئىي بولمايدۇ.

--سوئال: بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە ھەر ئاخشىمى سۈرە ياسىننى قىرائەت قىلىش، 7 كۈن ياكى 40 كۈن ئۆتكەندە بىر توپ ئادەم بىر مەسچىتكە يىغىلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن قۇرئاننى قىرائەت قىلىش ئىشى ئىسلامدا بار ئىشمۇ؟

جاۋاب: بىر توپ ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ، قۇرئاننى ئويچە قىرائەت قىلىش ئىشى بىزنىڭ قەدىمكى دىنىي كىتابلىرىمىزنىڭ ھېچ قايسىسىدا رىۋايەت قىلىنىپ باققان ئەمەس. ئەگەر بۇ بىر ياخشى ئىش بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ساھابىلەر شۇنداق قىلغان بولاتتى. ياكى

بولمىسا ساھابىلەردىن بىرەرى تۆگەپ كەتكەندە، ساھابىلەر ئۆز-ئارا شۇنداق قىلىشقان بولاتتى. ياكى بولمىسا ساھابىلەر ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇلار ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولاتتى. ئەمما ھەدىسلەردە ئۇنداق رىۋايەتلەر قەتئىيلا يوق. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇ ئىش نەدىن كەلگەن؟ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى 100 يىلدەك مەزگىلىدە بۇنداق ئىشلار بولۇپ باققان ئەمەس. بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ يېقىنلىرى «مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بىر ئىش قىلمىسام، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسام بولمايدۇ. قۇرئان ئەڭ ياخشى كىتاب، شۇڭا بىر توپ مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، قۇرئاننى قىرائەت قىلايلى»، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. بۇ ئىش ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتىن باشلانغان. ھېلىقىدەك كىشىلەرنىڭ نىيىتى توغرا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق ئىشلارنى قىلساق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆپلىگەن تەلىماتلارنى بەرگەن. يېقىنلىرىمىز تۆگەپ كەتكەندە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ئىشلارنى قىلساق بولىدۇ. مەسىلەن، ھەج قىلىش، ئۆمرە قىلىش، ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىش، كەمبەغەللەرنى يۆلەپ ئاللاھتىن مۇكاپات تىلەش، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن «بىسمىللاھ» دەپ مال قۇربانلىق قىلىش، ئۇ گۆشنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلاش قاتارلىقلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ بىر ئادەم ۋاپات بولۇپ 7 كۈن ياكى 40 كۈن ئۆتكەندە توپلىشىپ، قۇرئاننى قىرائەت قىلىڭلار، دەپ باققان ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ساھابىلەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئۇنداق قىلمىغان بولسا، نېمىشقا بىز شۇنداق قىلىمىز؟ بۇنداق ئىش ئىسلامنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئەمەس بولۇپ، بىز ئۇنى رەت قىلىشىمىز كېرەك.

--سوئال: بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، كىشىلەر بىر يەرلىكنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، سۈرە ياسىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئالاھىدە سۈرىنى قايتا-قايتا خەتمە قىلىش ئىشىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ساھابىلەردىن بىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يەرلىكىگە بارىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر يەرلىكلەرنى ئالدىن كولاپ قويمايدىكەندۇق. كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ساھابىنىڭ يەرلىكىنى كولاۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپلاشقان كىشىلەرگە «ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار» دېگەندەك ئۆلۈمنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ تۇرغان. مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ بولۇپ، يەرلىككە توپا تاشلاۋاتقاندا بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە يەرلىكتە ياتقان ئادەم ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى، چۈنكى شۇ چاغدا پەرىشتىلەر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 5 مىنۇت، 10 مىنۇت ياكى 15 مىنۇتتەك ۋاقىت يەرلىكنىڭ قېشىدا تۇرغان. ھەممە ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۇئا قىلغان. ئۇ كىشىلەرنى ئويچە دۇئا قىلىشقا تەشكىللىمىگەن. ئۇ دېگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغاچقا، ھېچ قانداق ئادەمنىڭ دۇئاسى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭ دۇئاسىدەك قوبۇل قىلىنمايدۇ. گەرچە شۇ چاغدا ئويچە دۇئا قىلىش پۇرستى بار بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان. ئۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۇئا قىلغان، ھەممە قالغان كىشىلەرگىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم دۇئا قىلىشنى تاپىلىغان. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەملەر يەرلىكتىكى ئادەم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئاللاھتىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى، ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلىگەن. ئۇلار قىلغان دۇئالار قۇرئان ۋە سۈننەتتە بار. ئەگەر سىز ھېلىقى دۇئالارنى بىلمىسىڭىز، ئۆلۈپ

كەتكەن كىشى ئۇچۇن ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىدا چىن يۈرىكىڭىزدىن چىقىرىپ باشقا دۇئالارنى قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. «ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىك، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى پاكلىۋېتىك، ئۇنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ بېرىلىك» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىپ كەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپا بېشىدا ئۇزاق ساقلاپ تۇرمىغان، ياكى قۇرئاندىكى بىرەر ئالاھىدە ئايەتنى ئوقۇمىغان.

**--سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئىشىغا قانداق قارايسىز؟**

**--جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ھەر يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى خاتىرىلەش ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، 600 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە پەيدا بولغان ئىش. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بىر قىسىم كىشىلەر خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ روژدېستۋا بايرىمى (Christmas) بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلىگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئىشىنى باشلىغان ئىكەن. ساھابىلەر دەۋرىدە ئۇنداق ئىش بولۇپ باققان ئەمەس. ھېچ قانداق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سادىقلىقتا ساھابىلەرنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ساھابىلەر قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىش توغرا ئەمەس. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول تۇتۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر سىز «مەن ياخشىراق بىلىمەن» دەپ، باشقا ئىشلارنى قىلىدىكەنسىز، قىلغان ئىشلىرىڭىز رەت قىلىنىدۇ. باشقا ئىشلار ئىسلامنىڭ ئىچىدىكى ئىشلار ئەمەس. بەزى ئادەملەر «مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزگە، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مەسىلە، ئاللاھقا مەلۇم بىر شەكىلدە دۇئا قىلىش ئۆرپ-ئادەت ياكى مەدەنىيەتكە تەۋە ئىش ئەمەس. ئۇ بىر دىنىي ئىش-ھەرىكەت. ئەگەر سىز بىر خرىستىئان بولسىڭىز، سىز ئۇنداق دۇئا قىلمايتتىڭىز. تەبىئىي ئىش، ۋە مەدەنىيەتكە تەۋە ئىشلار بىرەر دىنغا بېقىندىغان بولمايدۇ. ئەگەر سىز قىلىۋاتقان ئىش ئاللاھ، ئۇنىڭ ئەلچىسى، سۈننەت، زىكىر، دۇئا ۋە ناماز قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، ئۇلار مەدەنىيەتكە تەۋە ئىش-ھەرىكەت بولمايدۇ. مەدەنىيەتكە تەۋە ئىش سىزنىڭ دىنىڭىزنىڭ ئاساسلىرىغا ۋە ئەقىدىگە مەنسۇپ بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئومۇمىي پرىنسىپ مۇنداق: سىز «مېنى ئاللاھ بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ» دەپ ئويلاپ قىلغان ھەر قانداق ئىش دىنىي ئىش-ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جەھەتتە يول قويۇلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدىن تېپىلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ بىرەر تۇغقىنىڭىز ئۆلۈپ كېتىپ، سىز ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە بىرەر پايدا يەتكۈزىدۇ، دەپ ئويلاپ قىلغان ھەر قانداق ئىشمۇ دىنىي ئىش-ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**--سوئال: بىدئەتنىڭ ياخشىلىرى بارمۇ؟**

**--جاۋاب:** «ياخشى بىدئەت» ۋە «يامان بىدئەت» دەيدىغان ئىش يوق. «ياخشى بىدئەت» دېگەن ئۇقۇمنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىلىققا چىقارغانلىق بىلەن باراۋەر. چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىنىڭ دىنىمىزنى مۇكەممەل قىلىپ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. دىن قۇرئان بىلەن سۈننەتتىن كېلىدۇ. ئۇ بىرەر ئادەمدىن كەلمەيدۇ. مەن ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغۇلارچە ئەگىشىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى داۋاملىق تەكىتلەپ

تۇرىمەن. «ماڭا قارىغۇلارچە ئەگەش، سوئال سورىما، مەن نېمە دېسەم سەن شۇنداق قىل» دەيدىغان ھەر قانداق ئوقۇتقۇچى بىر خەتەرلىك كىشى بولۇپ، سىز ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزىڭىزنى يىراق تۇتۇشىڭىز كېرەك. مەن ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىمغا «ئەگەر مەن قۇرئان ياكى سۈننەتتىن نەقىل كەلتۈرمىگەن بولسام، ئەگەر مەن ئۇچۇرنىڭ مەنبەسىنى دەپ بەرمىگەن بولسام، بولۇپمۇ دىنىي ئىش-پائالىيەتلەرگە، ھەمدە ئېتىقاد ۋە ئەقىدىگە ئائىت ئىشلاردا شۇنداق قىلمىغان بولسام، مېنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدە گەپ قىلىش ھوقۇقۇم يوق»، دەيمەن. بىر نەرسىنى يېڭىدىن كەشىپ قىلىش ياكى بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىش بىر ئالىمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بىر زىيالىينىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. زىيالىيلارنىڭ ۋەزىپىسى كىتابلاردىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يەتكۈزۈش.

بەزى كىشىلەر بىر ئىشنى 10 – 20 يىل قىلىۋېرىپ، ئۇ دىنىمىز ئىچىدىكى ئىش، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي قالسىڭىز، ئاللاھ سىزگە بىر مېڭە ئاتا قىلغان، سىزگە ئەقىل بەرگەن، شۇلارنى ئىشلىتىپ ئويلاڭ. ھەمدە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەردىن سوراڭ، باشقىلار بىلەن سۆزلىشىڭ، تەتقىق قىلىڭ، كىتاب ئوقۇڭ، ۋە ئۆزىڭىز ئويلاڭ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر ئىشنىڭ قۇرئان بىلەن سۈننەتتە بار-يوقلۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ. بەزى ئىشلارنى كىشىلەر قىلىپ يۈرگىلى بىرەر 100 يىل بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما قۇرئان نازىل قىلىنغىلى ئاران 100 يىل بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈگۈندىن 14 ئەسىر بۇرۇن بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئۇچۇرلار بىلەن كەلگەن. بىرەر خاتا ئىشنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىغا قاراپ ئالدىنىپ قالماڭ. ھازىر دۇنيادا قانچىلىك ئادەملەر «ئاللاھنىڭ بالىسى بار»، دەپ ئويلايدۇ (بۇ سۆز خرىستىئانلارغا قارىتىلغان ــ بىلىمخۇمار)؟ ئاشۇنداق ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا سانىغا ئالدىنىپ قالماڭ. قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىگە قايتىپ بېرىڭ، ھەمدە ئاللاھتىن يول كۆرسىتىشنى تىلەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىسىز.

يۇقىرىدىكى تېلېۋىزور پروگراممىسىنىڭ مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 7. جامائەت بىلەن خۇراپات گۇرۇھى (Community and Cult)

ياسىر قازى يۇقىرىدا سۆزلىگەن مەزمۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئۇقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ جامائەت بىلەن خۇراپات گۇرۇھىنىڭ پەرقىدىن ئىبارەت. «ئويغان» بەرگەن بىر قېتىملىق خۇتبە نۇتقىدا جامائەت بىلەن خۇراپات گۇرۇھىنىڭ پەرقى ئۈستىدىمۇ توختالغان بولۇپ [3]، تۆۋەندە مەن ئاشۇ مەزمۇنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەزكۇر خۇتبىنىڭ سىن ھۆججىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر سائەت 16 مىنۇت بولۇپ، ئۇ تورلارغا 2011-يىلى 23-سېنتەبىردە چىقىرىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆز قولىڭىزدا ساقلاڭ» ئىكەن. تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ دېگەنلىرى (نومۇرلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم).

(1) بىر جامائەت ياكى بىر كوللېكتىپ ھەممە كىشىلەرنى قارشى ئالىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى رەڭدارلىقنى قەدىرلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى بىر ياخشى ئىش، دەپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى جامائەتنىڭ كۈچىگە كۈچ ۋە سۈپىتىگە سۈپەت قوشىدۇ. ئەمما،

خۇراپات گۇرۇھى بولسا ھەممە كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممە ئەزالاردىن ئوخشاش سۆزلەشنى، ئوخشاش كىيىنىشنى، ئوخشاش يۈرۈش-تۇرۇشقا ئىگە بولۇشنى، قىسقىسى، ئەزالارنىڭ ھەممە جەھەتلەردە بىرلىككە كەلگەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(2) بىر جامائەت ئىچىدە ئەگەر بىر ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، جامائەت ئەزالىرى ئۇ ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، «كېلىڭ، بىز ھەممىمىز خاتالىق ئۆتكۈزىمىز، بىز سىزگە ياردەم قىلايلى»، دەيدۇ. ھەمدە ئۇ كىشىگە ئۆزىنى تولۇق ئوڭشىۋالغۇچە ياردەم قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، جامائەت ئىچىدە ھەممە ئادەم بىللە سەپەر قىلىدىغان بولۇپ، بىرەر ئادەم يىقىلىپ چۈشكەن بولسا ئۇنى يۆلەپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. خۇراپات گۇرۇھىدا بولسا بىر ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇ گۇرۇپپىدىن چىقىرىلىدۇ. خاتالىققا يول قويۇلمايدۇ.

(3) بىر جامائەت ئىچىدە، ئەگەر سىزدە بىر يېڭى ئىدىيە بار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئىشنى سىز ئوچۇق-ئاشكارا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىسىز. سوئال سوراشنى تەشەببۇس قىلىسىز، ھەمدە سوئال سورىغانلارنى تەنقىد قىلمايسىز. سوئال سوراشتىن قورقماي، ئېنىق بولمىغان ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىسىز. جامائەت كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۆزىگە قالايمىقان قالپاق كىيدۈرۈلۈشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرماي، ھەر قانداق سوئالنى سوراۋېرىدۇ. خۇراپات گۇرۇھىدا سىزنىڭ سوئال سورىشىڭىزغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر سىز مەلۇم بىر سوئالنى سورىسىڭىز، «يۈرىكىڭ ئاشۇنداق سوئالنى سورىغۇدەك يوغناپ كەتتىمۇ؟ ئۆزۈڭدىن نومۇس قىل. سەن نېمىشقا باشقىلاردەك بولمايسەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايسىز.

(4) بىر جامائەت ئىچىدە بىز يالغۇز ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ قوشنىلىرىنى چۈشىنىشكىمۇ ھاجەتمەن بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز چېركاۋلارغىمۇ بارىمىز، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگىمۇ بارىمىز، قوشنىمىزنىڭكىگىمۇ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ بىزنىڭكىگە تەكلىپ قىلىمىز. ئۇلارغا «ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئېتىقادى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ، مەنمۇ سىزگە شۇنداق قىلاي»، دەيمىز. ياخشى ئىشلار ۋە تەقۋالىق ئۈچۈن ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىمىز. بىر قىسىم ئىشلاردا بىر-بىرىمىزنى قوللايمىز. جامائەت ئەزالىرى سىرتتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بىلىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. خۇراپات گۇرۇھى بولسا سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم تۇتۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۆز ئەزالىرىغا «باشقا ھېچ كىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى بىخەتەر ساقلاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاش. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز توغرا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەنلەر. ئۇلار سىلەرنىڭ ئەقىدەڭلارنى بۇزۇۋېتىدۇ. ماۋۇ زاتنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭلار. ئاۋۇ قۇرۇلتايغا بارماڭلار. پالانى مەسچىتكە كىرمەڭلار. ئۇ يەرگە بارماڭلار، بۇ يەرگە كىرمەڭلار. ئۇ يەرلەردە ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ قويىسىلەر، سىلەرنى پەقەت بىزلا ياخشى قوغداپ تۇرالايمىز»، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدۇ.

(5) جامائەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئائىلىلەرنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم قىلىش. جامائەت سىزنى ياخشىراق دادا بولۇشقا، ياخشىراق ئەر بولۇشقا، ياخشىراق خوتۇن بولۇشقا، ياخشىراق بالا بولۇشقا، ۋە ياخشىراق قوشنا بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. سىزنى باشقىلار بىلەن ياخشىراق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تەربىيىلەيدۇ. خۇراپات گۇرۇھى بولسا سىزنى ئائىلىڭىزدىن ئايرىۋېتىدۇ. سىز بىلەن ئائىلىڭىزدىكىلەر

ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن پىكىر ئوخشىماسلىقى ۋە تالاش-تارتىش پەيدا قىلىدۇ. ئۆيىڭىزنى بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى سىز ئائىلىڭىزدىكىلەرنى ئۆز ئىرادىڭىز بويىچە ئۆزگەرتمەكچى بولىسىز، ئەمما ئۇلار سىز تەرغىب قىلغان خۇراپاتلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىڭىزدىكىلەر سىزنىڭ دۈشمىنىڭىزگە ئايلىنىدۇ. خۇراپات گۇرۇھى ھەتتا سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى بىر «گۇناھكار ئائىلە» گە چىقىرىۋېتەلەيدۇ. سىزگە «ئۆيۈڭدىكىلەر مۇشۇ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپتۇ، بىزلەر بولساق ھەقىقىي دىنچىلار، شۇڭا ئۆيۈڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگىن»، دەيدۇ.

مېنىڭ بۇ ئىككى قۇرۇلمىنى يۇقىرىقىدەك پەرقلەندۈرۈشۈمدىكى سەۋەب، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مەسچىتلەر خۇراپات گۇرۇھلىرى بولۇپ، بىزگە زۆرۈر بولغىنى بولسا جامائەتتىن ئىبارەت. بىز جامائەتكە تولىمۇ ئېھتىياجلىق. بىز يۇقىرىقىدەك پەرقلەرنى چۈشىنىشىمىز، ھەمدە ئۆز مەسچىتلىرىمىزنىڭ خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا بىر جامائەتكە ئۆزگىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز بەزىدە ئاشۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالىمىز. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئۆز مەسچىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ساغلام، ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ بارىدىغان جامائەتكە ئايلاندۇرۇش، ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇراپات گۇرۇھىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئويغانىنىڭ مەن بۇ قېتىم بايان قىلماقچى بولغان سۆزى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 8. ئاخىرقى سۆز

مەن يېقىندا تورلارغا يوللىغان «نېمىشقا مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى؟» دېگەن ماقالىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك 4 سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم:

--(1) تارىخىي سەۋەب

--(2) سىياسىي سەۋەب

--(3) ئەقىدىگە ئائىت سەۋەبلەر

--(4) مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ، ئەمما سۈپىتى تۆۋەن بولۇشى

مەن تورلارغا ئالدىنقى ھەپتە يوللىغان «ئىلىم-پەن ۋە دىن» دېگەن ماقالىدىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك ئارقىدا قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىنى بايقىيالايمىز. يەنى:

--(5) مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت ئاللاھ، روھ ۋە ئاخىرەتنى تەكىتلەپ، كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنياغا سەل قارىشى، ياكى پەقەت دىنغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم-پەنگە سەل قارىشى.

مېنىڭچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 5-سەۋەب ئەمەلىيەتتە 4-سەۋەبنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغان 1550-يىللارغىچە بولغان مەزگىلدە دۇنيادىكى باشقا زېمىنلار، بولۇپمۇ ياۋروپامۇ كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنيانى چۈشىنىش جەھەتتە ئۇنچىۋالا تەرەققىي قىلمىغان. يەنى، مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن رىقابەتمۇ ئانچە كۈچلۈك بولمىغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپا پۈتۈن دىققىتىنى خۇدا، روھ ۋە ئاخىرەتتىن كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنياغا يۆتكەشكە باشلىغان 1550-يىللىرىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئاساسەن ياۋروپالىقلارنىڭ تەتۈرىچە يول تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى ئارىلىق تەدرىجىي چوڭىيىپ، مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. مانا بۇ مېنىڭ ئويغاننىڭ مەزكۇر دوكلاتىدىن ئالغان بىر تەسىراتىم.

مەن دىنىمىز ھەققىدە بىر مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن يەنە بىر تەسىرات شۇكى، بىزنىڭ دىنىمىزنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىش كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنيا ھەققىدىكى كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملەرنىمۇ تەلەپ قىلىدىكەن. يېقىنقى 5 ئەسىردەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ئېغىر دەرىجىدىكى خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلىك ئەھۋالى مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ مەزگىلدە كائىنات، بەدەن ۋە ھازىرقى دۇنيانى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنى چۈشىنىشكە سەل قارىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مەن ئاشۇنداق ئەھۋالنىڭ بەزى تەرەپلىرى ھەققىدە ئۆزۈم بۇنىڭدىن كېيىن تورلارغا يوللايدىغان بىر قانچە ماقالىلەردە يەنە مەخسۇس توختىلىمەن.

بەزى تورداشلار مەندىن «ئويغان» ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ، ماقالىنى ئاخىرلاشتۇراي.

ئويغاننىڭ دادىسى بۇرۇن پاكىستاننىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، ئويغان شۇ مەزگىلدە بېرلىندا تۇغۇلغان. ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇشىنى باشلىغاندا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خىزمىتى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىگە يۆتكىلىپ، ئويغان كېيىنكى 6 يىللىق ئوقۇشىنى شۇ يەردە تاماملىغان. ئاندىن ئامېرىكىغا كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى ۋە ئالىي مەكتەپنى نيۇ يورك شەھىرىدە ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپتە ياۋروپا تارىخى، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ۋە ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئوقۇغان. كېيىن نيۇ يورك شەھىرىدىكى «Nassau Community College» دېگەن ئالىي مەكتەپتە ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 2006-يىلى ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدىغان، ئىنگلىزچە « The Bayyinah and the Institute for Arabic and Qur'anic Studies» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنستىتۇتنى قۇرغان بولۇپ [4]، ئۇ ھازىر ئاشۇ مەكتەپتە لىدېر ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ [5]. ئۇنىڭ مەكتىپىدە 9 ئاي ئوقۇغان ئادەم ئەرەب تىلىنى پۇختا ئىگىلىيەلەيدىكەن. ئۇ يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇرئاننى توغرا چۈشەندۈرۈش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇ يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە بولغان لېكسىيە ياكى دوكلاتتا پەقەت قۇرئاندىكى بىر ياكى ئىككى ئايەتنىلا چۈشەندۈرىدۇ. ئويغان ھازىر 40 – 45 ياشلاردا بولۇپ (بۇ مېنىڭ پەرىزىم)، ئۇنىڭ 6 بالىسى بار ئىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىن تەييارلايدىغان يازمىلىرىدا ئويغان قىلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا يەنە تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Culture vs. Islam - Bid'ah - Yasir Qadhi - The Deen Show
https://www.youtube.com/watch?v=BA92oxF9Bm8

[2] http://www.thedeenshow.com/

[3] **Take Hold of Your Future (starting from 51:00 – 55:46)**
https://www.youtube.com/watch?v=UPLjU4jhsUY

[4] http://bayyinah.com/

[5] https://en.wikipedia.org/wiki/Nouman_Ali_Khan

# ئىسلام زىيالىيلىقى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

**2016-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى**

مەن 2015-يىلى كۈزدە چەت ئەللەردە ساياھەت قىلىش جەريانىدا مىسىردا ئوقۇۋاتقان ۋە ئۇ يەردە بۇرۇن ئوقۇپ باققان بىر قانچە ئىنىلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ھازىر مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2000 – 3000 چىقىدىكەن. ئۇلاردىن باشقا، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مالايسىيا ۋە پاكىستان قاتارلىق باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئوقۇۋاتقان، ھەمدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى دىنىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ئالىي مەكتەپلەردە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ، ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا ئىمام، موللام قاتارلىق دىنىي ئۆلىمالىق رولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداقلا دىننى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەت ئۈچۈن بىر قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، بىز ھەممىمىز ئۇلارنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ئۆز روللىرىنى ئۈنۈملۈك ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يۇقىرىقىدەك قېرىنداشلاردىن باشقا، ئۆزىنى بىر «مۇسۇلمان» ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى قانداقراق ئورۇنلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ.

مەن ياسىر قازى بىلەن ئويغاننىڭ لېكسىيە-دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا، ھازىر مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى دىنىي زىيالىيلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە يېڭى ئېھتىياجلاردىن ئانچە چىقالمايۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامانغا ئانچە ماسلىشالمايۋاتقانلىقى، پەننىي زىيالىيلار بىلەن ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار بولسا يېتەرلىك سەۋىيىدىكى دىنىي بىلىملەرگە ئىگە ئەمەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەر تۇغۇلۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئاڭلىدىم. ھازىر ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بۇ بىر ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولغاچقا، مەن ئۇلارنىڭ يولنى توغرا تاللىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش، ھەمدە باشقا بارلىق قېرىنداشلارنىمۇ بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە مەزكۇر يازمىنى تەييارلاشنى قارار قىلدىم.

مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم ياسىر قازىنىڭ بىر قېتىملىق «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دا سۆزلىگەن نۇتۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئىسلامدىكى مائارىپ ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش: مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ مىراسلىرىنى قايتىدىن كۆكەرتىش» ئىكەن. بۇ دوكلاتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 مىنۇت بولۇپ، ئۇ 2014-يىلى 23-ئۆكتەبىردە تورلارغا چىقىرىلىپتۇ.




**1-رەسىم: دوكتور ياسىر قازى «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش. مېنىڭ پەرىزىمچە بۇ قۇرۇلتاي 2014-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن.**

**تۆۋەندىكىسى ياسىر قازى دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى. ماقالىدىكى كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر ماقالىگە ئۆزۈمنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى كىرگۈزمەكچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.**

## 1. قۇرئاندىكى «ئوقۇغىن (ئىقرا)» دېگەن ئايەتلەر

**ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشى مۇنداق 5 ئايەتتىن باشلانغان:**
**«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى (96:1 – 96:5).»**

**ئەرەب تىلىدا «ئىقرا» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىرىنچى مەنىسى بولسا بىر كىتابتىن ئوقۇش. ئىككىنچى مەنىسى بولسا يادلىۋالغان نەرسىنى دېيىش. پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئىقرا» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزنىڭ پەقەت 1-مەنىسىنىلا بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مەن خەت ئۇقمايمەن، شۇڭا قانداق ئوقۇيمەن؟» دەپ سورىغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام «مەن سىزنى كىتابتىن ئوقۇڭ، دېمىدىم، سىز ئاللاھتىن چۈشكەن ئايەتنى بىۋاستە ئوقۇيسىز. سىز ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى بىۋاستە ئوقۇپ بەرگۈچى بولىسىز. سىز ئاللاھنىڭ بىلىملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بولىسىز»، دېگەن.**

**يۇقىرىدىكى 5 ئايەتتە «ئىقرا» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم ئىشلىتىلگەن. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەندە يۇقىرىقىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. ئىككىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەندە بولسا «كىتاب ئوقۇغىن، چۈنكى ئاللاھ ئەڭ كەرەملىكتۇر»، دېگەن يەردە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچى قېتىم «ئاللاھتىن بىۋاستە چۈشكەن بىلىملەرنى ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇغىن»، دېگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم «ئاللاھتىن**

چۈشكەن بىلىملەرنى ۋاستىلىك ئوقۇغىن»، دېگەن.

نېمە ئۈچۈن «ئاللاھ ئەڭ كەرەملىك» دېيىلدۇ؟ چۈنكى ئۇ ئىنسانلارغا قەلەم ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن. ئىنسانلارغا بۇرۇن بىلمىگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم قەلەم بىلەن خەت يازغان كىشى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ئەگەر قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ئۆگەتمىگەن بولسا، ئىنسانلار ئاغزىدىن چىققان ئاۋازنى قەلەم بىلەن يېزىشنى بىلمىگەن بولاتتى. قۇرئاندا دېيىلىشىچە، ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا كېمە ياساشنى ئۆگەتكەن. ئەگەر ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتمىگەن بولسا، بىز كېمىنى قانداق ياساشنى بىلمىگەن بولاتتۇق. ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنىڭ شەكلىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى ئۆگەتكەن. ئەگەر ئاللاھ شۇنداق قىلمىغان بولسا، بىز ئۇنداق بىلىمنى بىلمىگەن بولاتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قانداق گەپ قىلىشنى ئۆگەتكەن. ئەگەر ئاللاھ ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بىز خۇددى ھايۋانلاردەك غىڭشىپ يۈرۈپ بىر-بىرىمىز بىلەن ئالاقە قىلىشقان بولاتتۇق.

دېمەك، بىزنىڭ بىلىملىرىمىز پەقەت ئاللاھتىنلا كەلگەن. ئەمما، بىلىمنىڭ ئىككى خىلى بار. بىرىنچى خىلدىكى بىلىملەر نازىل قىلىنغان، ياكى مۇقەددەس (sacred) بىلىملەر، شەرىئەتتىكى بىلىملەر، ئەخلاقىي بىلىملەر، قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى بىلىملەردۇر.

ئىككىنچى خىلدىكى بىلىملەر دۇنياۋى بىلىملەر، ۋە دىنغا تەۋە ئەمەس بىلىملەردۇر. بۇ ئىككى خىل بىلىملەرنىڭ ھەر ئىككىسى پەقەت ئاللاھتىنلا كەلگەن. ئەمما بىرى بىۋاستە، يەنە بىرى بولسا ۋاستىلىك كەلگەن. ئىككىنچى خىلدىكى بىلىملەر بىزنىڭ چۈشىنىۋېلىشىمىزغا، خاتالىقلىرىمىزدىن ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا باغلىق. شۇڭلاشقا ئىلىم-پەن داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەڭ دەسلەپىدە مۇسۇلمانلار بىلىمنىڭ مۇشۇنداق ئىككى خىلى بارلىقىنى چۈشەنگەن. مۇسۇلمان ئۆلىمەتلىرى بۇ ئىككى خىل بىلىملەرگە بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلمىغان. بىزنىڭ خەۋىرىمىزدە بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ئەسىردە كاتولىك چېركاۋلىرى «ئۇ بىلىملەر پەقەت ئاقسۆڭەكلەرگىلا تەۋە، پۈقرالار ئىلىم-پەن ئۆگەنمىسۇن بولىدۇ، پۈقرالار فىزىكا ئۆگەنمىسۇن بولىدۇ، پۈقرالار ئاسترونومىيە ئۆگەنمىسۇن بولىدۇ»، دەپ قارىغان. ئەمما بىزنىڭ ئۆلىمەتلىرىمىزدە ئۇنداق چەكلىمىلەر ھەرگىزمۇ مەۋجۇت بولمىغان. چۈنكى، بىز ئۇ چاغدا ئاشۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت ئاللاھتىنلا كەلگەنلىكىنى، مەيلى ئۇ قۇرئاندىكى بىلىملەر بولسۇن، ياكى ئۇ مۇشۇ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت ئاللاھتىنلا كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز مەيلى ئىسلام دىنى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئىلىم-پەن جەھەتتىن بولسۇن، ھەر ئىككى جەھەتتە گۈللەنگەن ئىدى. ئۇ چاغدا بىز بۇ ئىككى خىل بىلىملەر ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق زىددىيەت يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدۇق.

ئەمما، ئەگەر بىز ئالدىنقى 100 – 150 يىلغا، ياكى ئالدىنقى 400 – 500 يىلغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئاشۇ زامانلاردا مۇسۇلمانلار ئىنژىل تۈردە چېكىنىپ ماڭغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ھەقتە قىلساق گەپ بەك كۆپ. ئەمما ئۇنىڭغا بۇگۈن ۋاقىت يوق. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە پەقەت بىرلا سىلىشتۇرما (dichotomy) ئۈستىدە توختىلىمەن.

بىزنىڭ دىنىي بىلىم ئەھلىلىرىمىز بار. مەسىلەن، ئۆلىما، ئىمام، ۋە موللام قاتارلىقلار. بىزنىڭ پەننىي بىلىم ئەھلىلىرىمىزمۇ بار. مەسىلەن، ئىنژېنېرلىق، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، بىناكارلىق، ۋە

مىللەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار. كلاسسىك ئىسلامدا بىرىنچىدىن دىن بىلەن پەندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ باقمىغان. ئىككىنچىدىن يۇقىرىدىكى ئىككى خىل بىلىم ئەھلىلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. مەن بىلمىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىككى ساھەسىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوقۇپ باقتىم. مېنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە بىر ئۇنۋانىم بار. مېنىڭ مەدىنىدە ئېرىشكەن ئۇنۋانلىرىم بار. ھەمدە مېنىڭ ئامېرىكىدىكى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېرىشكەن ئۇنۋانىممۇ بار. مەن ھەر ئىككى ساھەدە ئوقۇپ باققان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرسىگە يان باسمايمەن. مېنىڭ فىزىكا، ئىنسانشۇناسلىق، خىمىيە ۋە ئىنژېنېرلىق كەسپلىرىدە قوشۇمچە ئۇنۋانلىرىممۇ بار. شۇڭلاشقا مەن بىلمىنىڭ ھېلىقى ئىككى ساھەسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى چۈشىنىمەن.

شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ئوچۇق-ئاشكارا ۋە سەممىيلىك بىلەن گەپ قىلىدىغان بولسام، ھازىر بىلمىنىڭ ئىككى ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە ناھايىتى ئېغىر مەسىلە مەۋجۇت. ئۆلىمالار ۋە دۇنياۋى پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەن تۆۋەندە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. مەقسىتىم ھەممىمىز بىرلىشىپ ئۇلارنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش.

## 2. دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنەمەسلىك مەسىلىسى

مەن بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز، ئىماملىرىمىز ۋە دىنىي زىيالىيلىرىمىزغا يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىمەن. مەن ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزا. ئەگەر گەپنى شۇلاردىن باشلىساق، ئۇلاردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە، ئۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيانىڭ ئىلىم-پەنلىرى ھەققىدىكى بىلىدىغىنىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بىئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، ھازىرقى زامان دۇنياسى، ۋە سىياسەت قاتارلىق ساھەلەردە ھېچ قانداق بىلىمى يوق. شۇڭلاشقا ئۇلار بەزىدە ئىنتايىن دۆت (**ludicrous**) پەتۋالار ۋە دىنىي كېسىملەرنى چىقىرىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئىنتايىن قالاق ئىشلارنى قىلىپ، بىزنىڭ ئىچىمىزنى سىقىۋېتىدۇ، ئىچىمىزنى ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ، ۋە بىزنى ئۇلارنى تەنقىد قىلىشقا مەجبۇرى قىلىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئىنتايىن غەلىتە پەتۋالارنى چىقىرىپ، تەبىئىي-پەن ساھەسىدە ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولغان ئىنتايىن كۆپ ئىشلارغا قارشى چىقىدۇ. ھەمدە باشقىلارنى ناھايىتى ئاسانلا تەنقىد قىلىدۇ. تەنقىد قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان. ئەمما بىز باشقىلارغا تىل تەگكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزدىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ باقايلى: نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىز ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىن ئاشۇنداق دەرىجىدە خەۋەرسىز؟

ئەگەر بىز كلاسسىك زىيالىيلىرىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دەرسلىكلىرىمىزگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بىر ئادەم ماتېماتىكىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئالىم بولالمىغانلىقىنى، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنانى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئالىم بولالمىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىر مىسالى ئىبنى تەيمىيەدۇر. ئۇلار بىر دوكتور ئۇنۋانى بار كىشىگە مۇناسىپ سەۋىيىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولغان ئەمەس، ئەمما ئۇلار كۆپلىگەن ساھەلەرنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. ئاندىن پەتىۋا چىقارغۇدەك سالاھىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇلار بىر ساھەدە مۇتەخەسسىس دەرىجىسىگىچە ئوقۇمىغان، ئەمما ئۇستىدىن پەتىۋا چىقارماقچى بولغان نەرسىگە ئائىت ئاساسىي

بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئاندىن شۇ نەرسە ئۈستىدىن پەتىۋا چىقارغان.

ئىلاۋە: مەن 2014-يىلى 2-ئايدا تورلارغا «ئىماملار مۇسۇلمانلارنىڭ مارىستا ياشىشىنى چەكلەيدىغان پەتىۋا چىقاردى» دېگەن تېمىدا بىر يازما يوللىدىم (http://bbs.bagdax.cn/thread-23213-1-1.html). ئۇنىڭدا گوللاندىيەدىكى بىر شىركەت كەلگۈسىدە بىر قىسىم ئادەملەرنى مارىسقا چىقىرىپ ياشىتىپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭغا قارىتا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى بىر گۇرۇپپا ئىماملار مۇسۇلمانلار مارىسقا بېرىپ ياشىسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر پەتىۋا چىقارغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ يازدىم. گوللاندىيەدىكى ئۇ شىركەتنىڭ ھازىرقى پىلانى تۇنجى قېتىملىق ئادەملەرنى 2026-يىلى مارىسقا چىقىرىش ئىكەن. ئۇ ئىش چوقۇم بولامدۇ-يوق، ھازىرچە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر رەسمىي بولدى، دېگەندىمۇ، مېنىڭ پەرىزىمچە ئەڭ دەسلەپىدە مارىسقا ئۇندەك ئادەمنى چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىگە بىرەر مۇسۇلمان كىرەلەمدۇ-يوق، ئۇمۇ تېخى ئېنىق ئەمەس. مېنىڭچە «مارىسقا ئادەم چىقىرىلىدۇ» دېگەن خەۋەر چىقىپ بولغۇچە بىر گۇرۇپپا ئىماملارنىڭ يۇقىرىقىدەك پەتىۋا چىقىرىشى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بىر كۈلكىلىك ئىش بولۇپ، بۇ ئىش ياسىر قازى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەھۋالغا بىر مىسال بولالايدۇ. يەنە بىر مىسال: بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز ئىنتايىن دىندار بولۇپ، ئىككى ئوغلىنى موللىلارغا ئوقۇغۇچىلىققا بېرىۋېتىپ، پەقەت دىندىلا ئوقۇتتى. ئۆزى ۋە ئايالى ھەج قىلىپ كېلىپ، ھاجىم بولدى. مەن ئۇ تۇغقىنىمىزغا ئۆزۈم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن باشلاپ تاكى يېقىنقى يىللارغىچە «يەر شارىنىڭ شەكلى يۇملاق» دەپ، ئۇنى قەتئىيلا قايىل قىلالمىدىم. ئۇ تۇغقىنىمىز ئۆتكەن يىلى ئالەمدىن ئۆتتى (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي).

ئەگەر بىز ھازىرقى زامان ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرسلىكلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەدىنە، ئەزھەر ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسلامىي ئىنستىتۇتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پەقەت دىنىي دەرسلەرنىلا ئۆتىدۇ. پەننىي بىلىملەرنى بولسا قەتئىيلا ئۆتمەيدۇ. بىز ئۆتىدىغان دەرسلەردە ئېغىر مەسىلىلەر بار.

ئىلاۋە: مەن 2014-يىلى «دىن ۋە زامانىۋىلىق» [2] دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازغان (http://bbs.bagdax.cn/thread-23724-1-1.html) بولۇپ، مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئاشۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. سەۋەبى، ئۇ ماقالىدە مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ مەزمۇنلار بار. بولۇپمۇ مەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇكىلارغا مۇشۇ ئىككى پارچە ماقالىدىكى مەزمۇنلارنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەگەر سىز كەلگۈسىدە بىر دىنىي يېتەكچى بولماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇ ئىشنى ئۇنۇملۇك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ياسىر قازى ۋە «ئويغان» لار ماڭغان يول بىلەن ئوخشاش يوللارنى ماڭغىنىڭىز ياخشى. يەنى، شەرقتىمۇ ئوقۇپ، غەربتىمۇ ئوقۇشىڭىز، دىندىمۇ ئوقۇشىڭىز، پەندىمۇ ئوقۇشىڭىز كېرەك. بىزدە ھازىر ئىسلام ئۇنىۋېرستېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇكىلاردىن نەچچە مىڭ كىشى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 5 – 10 نەپەر «ياسىر قازى» ۋە «ئويغان» لار يېتىشىپ چىقسا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ

**ناھايىتى قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. تۆۋەندىكىسى مەن «دىن ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن ماقالىدىن ئالغان بىر ئابزاس مەزمۇن (نەقىل):**

**سوئال: سىزنىڭ ئوقۇش تارىخىڭىز ناھايىتىمۇ باشقىچە. شۇڭا سىز ئاشۇنداق ئوقۇپ توپلىغان بىلىملەرنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئۆزىڭىزنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارامسىز؟**

**جاۋاب: شۇنداق. مەن ئۇنى يالغۇز مېنىڭ ئۈستۈمگىلا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت دەپ قارايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى غەربنىڭ ئىلىم-پەنلىرىنى ئۆگەنگەن ئۆلىمالار ئاساسەن يوق. غەربتە ئىسلام تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىملىرىدىن ئاساسەن خەۋەرسىز. غەربتىكى ئىسلام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسورلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئانچە سادىق ئەمەس. مەن بىر ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ناھايىتى سادىق بولۇپ تۇرۇپ، يەنە ئىسلام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ماڭالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، شەيخ ۋە ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىنى ئۆگىنىپ باقمىغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، تېخى ئالدىنقى ھەپتە بىر 20 نەچچە ياشلاردىكى ياش ئوقۇغۇچى ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن خەتتىن بىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى بايان قىلىپتۇ. بۇ ئىسلام تېئولوگىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مېنىڭ ئىسلام تېئولوگىيىسى كەسپى بويىچە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانىم بار. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان تېئولوگىيە ئىلمى بۇ ياش بالا سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەدىنە، ئەزھەر قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىنىسىزلىق دېگەنگە ئوخشاش تېمىلار ئۈستىدە دەرس بېرىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىرىدە سۆزلىنىدىغىنى بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن، ياكى بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، ئىسلامدا تالاش-تارتىش قىلىنغان مەسىلىلەر. ماۋۇ گۇرۇپپا مۇنداق دېگەن، ئاۋۇ گۇرۇپپا ئۇنداق دېگەن، دېگەندەك مەزمۇنلار. مەن بۇ مەزمۇنلارنى پۈتۈنلەي قىممىتى يوق بىر نەرسىگە چىقارماقچى ئەمەسمەن. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە چۇشلۇق ئورنى، ئۆزلىرىگە چۇشلۇق قىممىتى بار. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكىدا، ئەنگلىيەدە، كانادادا، ياكى ئاۋستىرالىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۈقىرىقىدەك بىر بالا بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ باققان ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلارغا ئازراقمۇ قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، «ماڭا ھازىر بىئولوگىيە دەرسىدە دارۋىنىزىملىقنى ئۆتتۈۋاتىدۇ. بىئولوگىيە دەرسى بىزنى بۇرۇنقى ھاياتلىقلارنىڭ شەكلىدىن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن، دەيدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر. تەدرىجىي تەرەققىيات ئىلمى باشقا ھەممە پەنلەرگە ئوخشاش بىر ناھايىتى مۇكەممەل پەن. ئەمما، قۇرئاندا «ئادەم بىلەن ھەۋۋا جەننەتتىن چۈشكەن» دېيىلىدۇ. شۇڭا ھېلىقى ياش بالا ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى گەپنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىنى ئۆگىنىپ باقمىغان بىر دىنىي زات ئۇچۇن بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىر ئاسان ئىش ئەمەس. شەخسەن مەن ئۆزۈم دارۋىنىزىم ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىنمۇ جىق كۆپ بولغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. (نەقىل تۈگىدى)**

## 3. ئەڭ ئەقىللىق كىشىلىرىمىزنى دىنىدا ئوقۇتماسلىق مەسىلىسى

بىزدىكى يەنە بىر مەسىلە، بىز مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرنى ئىسلام زىيالىيلىقىدا ئوقۇشقا ماڭدۇرمايمىز. ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇكى، بىزدىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئىسلامدا ئوقۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئىنژېنېرلىق ۋە دوررىگەرلىككە ئوخشاش كەسىپلەردە ئوقۇش يولىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسى بىر ئاز يېڭىلىققا مايىل كىشىلەر بولسا، باللىرىنىڭ ئىنسانشۇناسلىققا ئوخشاش كەسىپلەردە ئوقۇشىغا يول قويۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كېلىپ ئامېرىكىغا يەرلەشكەن ئوتتۇراھال ۋە يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلار ئۆز باللىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى بىرەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇشىغا قەتئىيلا يول قويمايدۇ.

بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئىسلام زىيالىيلىقىدا ئوقۇغان. ئىسلام زىيالىيلىقى دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر ئادۋوكاتلىق. «فەقىھ» دېگەن ئەمەلىيەتتە بىر ئادۋوكاتتىن ئىبارەت. ئىسلام قانۇنلىرىنى قانداق ئىجرا قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئادۋوكاتتىن ئىبارەت. سىز فىقھ ئۆگەنسىڭىز، بىر ئادۋوكات بولىسىز، بىر پروفېسسور بولىسىز، ياكى بىر شەيخ بولىسىز. «شەيخ» دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر پروفېسسوردىن ئىبارەت. سىز «ئادۋوكات»، «پروفېسسور» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئۇ كىشىلەرگە دەرھاللا بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئەمما «ئالىم» ۋە «ئىمام» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىزدە ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى قىممىتى بىر دەمدىلا چۈشۈپ كېتىدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگىلى ھازىر 150 يىلدەك ۋاقىت بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىز ئۆزىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى ئىسلام ئوقۇشقا ماڭدۇرغان ئىدۇق. ھازىر مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىدىكى 90 نومۇردىن يۇقىرى ئېلىپ ئوقۇغانلار دوختۇر بولىدىغان كەسىپلەردە ئوقۇيدۇ. سەكسەن نومۇردىن يۇقىرى ئېلىپ ئوقۇيدىغانلار ئىنژېنېرلىقتا ئوقۇيدۇ. يەتمىشتىن يۇقىرى ئېلىپ ئوقۇيدىغانلار بوغالتىرلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش كەسىپتە ئوقۇيدۇ. پەقەت نورمال ئوقۇشتا مەغلۇپ بولغانلار، ياكى 70 تىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ ئوقۇغانلار ئىسلام مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى دۆلەتلەردىن خېلى كۆپلىرىنى بىلىمەن. ئىسلام مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان ئاشۇنداق كىشىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پەتىۋا چىقارغىلى تۇرسا، ۋە ھازىرقى زامان ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىگىلى تۇرسا، ئۇ ھالدا ئىنژېنېرلىق، سىياسەت، ۋە باشقا ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇشتا ئوقۇغان كىشىلەر ھېلىقى پەتىۋاچىلارغا نىسبەتەن «ئاھ خۇدا، بۇ نەدىن كەلگەن كىشىلەردۇر؟» دەپ، بېشىنى قاشلىماي قالامدۇ؟ بۇ بىر ھېچ قانداق ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟ ئۇ ئادەملەر باشقا يەردىن كەلگەن ئەمەس. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان. سىز ئىسلام مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇمىغاچقا، ئۇلار كىرىپ ئوقۇغان.

مېنىڭ ئىسلامدا ئوقۇشۇمغىمۇ ئاتا-ئانام سەۋەبچى بولغان ئەمەس. ئۇلارمۇ مەندىن داۋاملىق ئىنژېنېرلىق ياكى دوررىگەرلىك كەسىپىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭلاشقا مەن دەسلەپتە خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە بىر باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالغان. ئاندىن دادامغا «مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇنلاپ بولدۇم. مەن ئەمدى بىر چوڭ ئادەم بولدۇم. شۇڭا ئەمدى ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلسام بولۇۋېرىدۇ»، دېدىم، ھەمدە مەدىنىگە بېرىپ، دىنىدا ئوقۇدۇم. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم،

ئەگەر بىز ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرنى ئىسلام مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتمىساق، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولماقچى؟

## 4. ئىسلام زىيالىيلىقىغا بېرىلگەن ئىجتىمائىي سالاھىيەتنىڭ تۆۋەنلىكى

سىز ئۆزىڭىز بىلەن بىر يەردە ياشايدىغان يەرلىك ئىماملىغا قانداق قارايسىز؟ سىز مەسچىتتە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىسىز، ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىسىز، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمما ئۇ مەسچىت سىز ئۈچۈن «مېنىڭ بالام كەلگۈسىدە ئاشۇ يەردە ئىشلەپ قالسىمۇ بولۇۋېتىكەن» دەپ ئويلايدىغان بىر ئېسىل ئىنستىتۇت ئەمەس. سىز يەرلىك ئىماملارغا ئەل قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، نورمال ھۆرمەتنى بىلدۈرىسىز. ئەمما سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە ئاشۇ ئىماملاردەك بولۇشىنى خالىمايسىز. بىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى رېئاللىقىمىز شۇكى، بىز ئىسلام زىيالىيلىقىغا ھۆرمەت قىلمايمىز. ئۇنىڭ سەۋەبى، ھازىرقى ئىسلام زىيالىيلىرى بىز ئۈمىد قىلغان دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن ئەمەس، ئۇلار ھازىرقى دۇنيا بىلىملىرىدىن بىز ئۈمىد قىلغاندەك دەرىجىدە خەۋەردار ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىزدە بىر سەلبىي ھالقىسمان ئايلىنىش جەريانى شەكىللەندى. يەنى، دىنىي زىيالىيلارنىڭ سەۋىيىسى داۋاملىق تۆۋەن تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئورنى ياكى سالاھىيىتىمۇ داۋاملىق تۆۋەن تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆز باللىرىڭىزنىڭ ئىسلام زىيالىيلىقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى خالىمايسىز. بۇ ھالقىسمان جەريان بۇزۇۋېتىلىشى كېرەك. ئاللاھقا شۈكرى، ھازىر شىمالىي ئامېرىكىدا مۇشۇ جەھەتتىكى ياخشىلىنىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىر قىسىم ئەقىللىق ياشلار ئىسلام زىيالىيلىقى ساھەسىگە كىرىشكە باشلىدى.

## 5. پەنچىلەرنىڭ دىنىي بىلىملىرىنىڭ ئاز بولۇشى

ئەمدى دۇنياۋى بىلىم ساھەلىرىدىكى كىشىلىرىمىزگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنىۋانغا ئىگە كىشىلەرمۇ ئەڭ ئاساسىي دىنىي بىلىملەردىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بەزى كىشىلەر 20 – 25 يىل ئوقۇپ، ئاندىن بىر دوكتورلۇق ئۇنىۋانىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئاندىن بىر دوختۇر، بىنا لايىھىلىگۈچى، ياكى ئىنژېنېر بولىدۇ. ئەمما ئۇلار تاھارەت ئېلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنىمۇ بىلمەيدۇ. تاھارەتنىڭ قانداق ۋاقىتتا بۇزۇلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

مەن ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دەرسلىك كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كارىۋىتىمنىڭ بىر تەرىپىگە دۆۋىلەپ قوياتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغاندا قارىسام، مەن نەچچە دۆۋە كەسپىي دەرسلىك كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ بولۇپتىمەن. ھەممە دەرسلەردە «A» ئېلىپ (يەنى ئەلاچى بولۇپ) ئوقۇپتىمەن. ئەمما قۇرئانغا كەلگەندە مەن بىر «جاھىل» ئىكەنمەن. قۇرئان ھەققىدە ھېچ نېمىنى بىلمەيدىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم. كۆڭلۈمدە «مەن ھازىرغىچە شۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ بولۇپتىمەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ دىنى ھەققىدە ھېچ نېمىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇنداق قىلىشىم توغرا ئەمەس»، دەپ ئويلىدىم. ئاشۇنداق ئىدىيە مېنىڭ شۇ ۋاقىتتا دىنىي ئوقۇشنى باشلىشىمغا تۈرتكە بولدى.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز دىندا ئوقۇپ بىر ئالىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىر «جاھىل» بولۇپ تۇرۇپ قالماڭ. دىن ھەققىدە ئازراق ئۆگىنىپ قويۇڭ. تەرەت ئېلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، ۋە زاكات بېرىشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. ھەج ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئەقىدە ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ قويۇڭ.

بۈرۈنقى ۋاقىتلاردا مەدرىسىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار دەسلىپىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، دوختۇر، ئىنژېنېر قاتارلىق ھەر خىل پەننىي كەسىپلەرگە كىرگەن. ئۇنداق سىستېما ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىر كىشىلەر ئىلىم-پەندە ناھايىتى يۇقىرى ئۇتۇقلار قازانغۇچە ئوقۇغانلار بولۇپ يېتىشۋاتقان بولسىمۇ، دىنغا كەلگەندە بىر «جاھىل» بولۇش ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ.

## 6. ئىسلام ئىلمىنى كۆزگە ئىلماسلىق مەسىلىسى

بىز ھازىر دىنىي ئۆلىمالارنىڭ زىيالىيلىق سالاھىيىتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، زىيالىيلىق نۇقتىسىدىن ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن بىللە، ئىسلام ئىلمىگىمۇ بىر تۆۋەن دەرىجىلىك نەرسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئىسلام ئىلمى دېگەن ئۆزى ئۆگىنىۋالسىمۇ بولىدىغان نەرسە، دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز ئىسلام زىيالىيلىقىغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى يوقىتىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، گەرچە ئۆزىمىز ئىسلام ئىلمى ھەققىدە ھېچ نېمىنى ئۆگىنىپ باقمىغان بولساقمۇ، ئۆزىمىزنى ئىسلام ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەڭ لاياقەتلىك كىشى، دەپ ھېسابلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ھەدىسىنى ئازراق ئوقۇپ قويۇپ، ۋە قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئازراق ئوقۇپ قويۇپلا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلامىي ئەخلاققا ئائىت مەسىلىلەردە بىز ئۆزىمىز ھۆكۈم چىقارماقچى بولىمىز. بۇ شىمالىي ئامېرىكا ماقارىپىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ئىشلارنىڭ بىرى. بىز «ئىسلام بىلىملىرى بەك ئاددىي بىلىملەر، ئۇلارنى پەقەت ئۆزىمىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق، ياكى ئىنتېرنېتتا ئىزدىنىش ئارقىلىقلا ئۆگىنىۋېلىپ، دىنىي زىيالىي بولالايمىز»، دەپ ئويلايمىز.

مەن ئامېرىكىنىڭ ھيۇستون شەھىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسىپىدە ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇپ، باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالدىم. ئاندىن مەدىنىگە بېرىپ، ھەدىس كەسىپىدە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالدىم. مەن ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى ئېلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەن ھەدىستە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 5 ھەسسە قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇدۇم. جەمئىي 4 يىل ھەر مەۋسۇمى 25 تىن دەرس تاللاپ ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ، بەزى پەنلەردە ئىگىلىگەن بىلىممىز ئىنتايىن تېيىز بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا مەن ئىسلام زىيالىيلىقى سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئوبدان بىلىمەن. ئىسلام زىيالىيلىقى سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىنژېنېرلىق، بىناكارلىق، ۋە دورىگەرلىك قاتارلىق پەننىي ساھەلەرنىڭ كەسىپ ئەھلى بولۇشتىن تەسرەك ئورۇندا تۇرسا تۇرىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئاسانراق ئورۇندا تۇرمايدۇ. سىز بىر قانچە پارچە كىتابنى ئوقۇپ قويۇپلا بىر بىنا لايىھىلىگۈچى بولالمايسىز. بىر قانچە كىتابنى ئوقۇپ قويۇپلا بىر مېڭە ئوپېراتسىيە دوختۇرى بولالمايسىز. ئىنتېرنېتتا ئازراق ئىزدىنىپ قويۇپلا بىر كەسىپنىڭ ئەھلى بولالمايسىز. بىر قانچە كىتابنى ئوقۇپ قويۇپلا ئىسلام ۋە ئىسلام زىيالىيلىقى ئۈستىدە گەپ قىلىش تېخىمۇ خەتەرلىك. قىسقىسى، بەزى كىشىلەر بىر قىسىم

پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەپلا ئۆزلىرىنى ئىسلام زىيالىيلىقى ھەققىدە گەپ قىلىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەر ھېسابلايدۇ. مانا بۇ بىزدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە.

ئەگەر سىز بىر ئىنژېنېر بولسىڭىز، سىز ھەرگىزمۇ دورىگەرلىك ھەققىدە گەپ قىلمايسىز. ئەگەر سىز ئىسلام ئىلمىنى ئۆگىنىپ باقمىغان بولسىڭىز، ئىسلامغا ئائىت ئىشلاردا ئۆزىڭىز ھۆكۈم چىقارماي، ئىسلام ئىلمىدە تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، مەسلىھەتنى شۇلاردىن ئېلىڭ.

بىزنىڭ ئۈممىدىمىز ھەر بىر ئىنژېنېر، ھەر بىر دوختۇر ۋە ھەر بىر ئادۋوكات بىر نورمال مۇسۇلمانلىق ھاياتىنى كەچۈرۈشكە زۆرۈر بولغان ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر ئالىم، ھەر بىر فەقىھ، ۋە ھەر بىر ئۆلىما مۇشۇ دۇنيا ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئىشلار ھەققىدە كۆلكىلىك پەتىۋالارنى چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش. ھازىر مۇشۇنداق بىر غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان نۇرغۇن ئىنستىتۇتلار بار. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرسىدە، يەنى «ئەل مەغرىب ئىنستىتۇتى» (**Al-Maghrib Institute**) دا ئىشلەيمەن. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان باشقا بىر قانچە زىيالىيلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بىز ھەممىمىز ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. ئاللاھ بۇيرۇسا بىز ئاشۇ مەسىلىلەرنى ئاستا-ئاستا ھەل قىلىپ، ئىككى زىيالىيلار تۈپى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىمىز. شۇنداقتىمۇ قەتئىي تەكىتلەپ قويمىساق بولمايدىغان بىر ئىش شۇكى، ئاشۇنداق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىككى زىيالىيلار توپىنىڭ ھەر ئىككىسى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. ھەر بىر تەرەپ ئۆزلىرى خاتا قىلىۋاتقان ئىشلارنى تېپىپ چىقىپ، ئىككى تەرەپ ئۆز-ئارا ياردەملىشىپ، ئاشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ.

ئاللاھ بىزنى دىنىمىزنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەشكە نېسىپ قىلسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى تاپىلىغان ئىدى. بىز ھەممىمىز ئاللاھتىن ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تىلەيلى.

**ياسىر قازىنىڭ دوكلاتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.**

## 7. ئاخىرقى سۆز

«بىزنىڭ شۇنداق بىر زامانىمىز بار بولغان. ئۇ چاغدا بىلىم مەشئىلىنى ئەڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئىسلام زىيالىيلىرى ئىدى. دۇنيادىكى زىيالىيلىقنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان مىسالىمۇ ئىسلام زىيالىيلىرى ئىدى. ئۇ چاغدا مۇشۇ ئۈممەتنىڭ زىيالىيلىرى پەننىي بىلىملەر بىلەن دىنىي بىلىملەرنى تەڭ ئىگىلىگەن بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى لىدېرلار دىنىي بىلىم بىلەن پەننىي بىلىم ساھەسىنىڭ ھەر ئىككىسىدە مۇسۇلمان زىيالىيلارنى ئۈلگە قىلغان ئىدى.»

يۇقىرىدىكىسى مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان سىن ھۆججىتى بار تور بېتىگە يېزىلغان بىر قانچە جۈملە سۆزنىڭ تەرجىمىسى.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، ئاللاھتىن تۆنجى قېتىم چۈشكەن 5 ئايەتنىڭ ئىچىدە «ئوقۇغىن» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى مۇسۇلمانلاردىن دىنىي

بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولسا مۇسۇلمانلاردىن پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداق بولغاچقا تاكى يېقىنغىچە، يەنى 100 – 150 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغىچە مۇسۇلمانلار بىلىملەرنى «دىنىي بىلىم» بىلەن «پەننىي بىلىم» دەپ ئىككىگە ئايرىماي، ئىككى بىلىمنى تەڭ ئىگىلىگەن. ئىسلام دىنى زىيالىيلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئىككى خىل بىلىمدە تەڭ يېتىلدۈرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئارقىغا چېكىنىشى بۇنىڭدىن 100 – 150 يىللار بۇرۇن بىلىملەرنى «دىنىي بىلىم» بىلەن «پەننىي بىلىم» دىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلگەنلىكى، ھەمدە پەننىي بىلىملەرنى مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە چەتكە قاققانلىقىدىن يۈز بەرگەن.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۆزۈمنىڭ بىر مەزگىللىك ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ۋە تولۇق مەزمۇنلىرى، لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرى، ۋە دىنىي زىيالىيلار بىلەن پەننىي زىيالىيلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. مەن ئىزچىل تۈردە دىنىمىزنىڭ بىر ئۇلۇغ دىن، ۋە بىر ئادىل دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە مەن ئىسلام دىنى ئىلىم-پەنگە زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى ئانچە بىلمەيتتىم. بۇ قېتىم مەن ئاشۇ جەھەتتە ئۆزۈم ئۈچۈن خېلى يېتەرلىك بىلىم ھاسىل قىلدىم. دىنىي تېمىلاردا ئىزدىنىشنى ۋە يېزىشنى باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۆزۈم كەتتۈرۈپ قويغان بىر قانچە ئىشنىمۇ تونۇپ يەتتىم. شۇڭلاشقا مەن ھازىر خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. مەن باشقا كۆپلىگەن قېرىنداشلارنىڭمۇ مەن ھازىرغىچە تەييارلىغان يازمىلاردىن خۇددى ئۆزۈمدەك مەنپەئەتكە ئېرىشكەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] Re-thinking Education in Islam: Reviving the Legacy of Muslim Scholars**

**https://www.youtube.com/watch?v=SE2ufcIhhlk**

**[2] بىلىمخۇمار: دىن ۋە زامانىۋىلىق**

**http://bbs.bagdax.cn/thread-23724-1-1.html**


**«*There was a time when Islamic Scholarship was a leading torch bearer of knowledge and a shining example to the world where the Scholars of this Ummah had mastered both the secular and religious sciences and the leaders of this world would look towards the Muslim Scholars for guidance in both religious and secular knowledge.* »**

## تۈغۈلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان تۆت چوڭ قىيىنچىلىق ھەققىدە

**2016-يىلى 1-ئاينىڭ 22-كۈنى**

مەن يېقىندا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قاتتىق تىرىشىش نىشانى ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەشەببۇس قىلدىم: ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ، مائارىپقا تايىنىپ، تەبئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 4 ساھەدە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، شۇ ئاساستا سانائەت بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىم بىر شوئار بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى مەن ئوتتۇرىغا قويالمايمەن. ئۇلارنى ۋەتەندىكىلەر ئويلاپ چىقىشى، ۋە يولغا قويۇشى كېرەك. مەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شوئارنى بىر ئۇلۇغۋار ۋەزىپە، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ۋە قاتتىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭلار ۋە ياشلار، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى قاتتىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئېتىقادى كۈچلۈك كىشىلەرمۇ ۋە ئېتىقادى ئاجىز كىشىلەرمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقىرىدىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىسلام تونىغا ئورىنىۋېلىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە دىنىنى توغرا چۈشەنمىگەن كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسى بولسا دىنىنى مەلۇم بىر سىياسىي مەقسەتنىڭ قورالى قىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دىنىنى قەستەن بۇرمىلاۋاتقان، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقان كىشىلەر. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ دىنىمىزنى خاتا ياكى چالا چۈشىنىۋېلىپ، «بىزنىڭ دىنىمىز ئەنە شۇنداق» دەپ ئىش قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم ناچار ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىمۇ ئەنە شۇ. ئاشۇنداق ناچار ئەھۋاللارنى تۈگىتىپ ياكى ئازايتىپ، يۇقىرىدىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، پۈتكۈل خەلققە ھەقىقىي دىنىنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆگىتىشنى مائارىپ مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمى قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر ئاشۇنداق قىلىۋاتقان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە تۈركىيەنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇنداق مائارىپ سىستېمىسىغا ئىگە ئەمەس خەلق ئىچىدە يۇقىرىقىدەك بىرىنچى خىل كىشىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، پۈتكۈل خەلققە ھەقىقىي دىنىنىڭ ياكى توغرا دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. مېنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە بەزىدە دوكتور ياسىر قازى بىلەن ئويغاننىڭ بىر قىسىم لېكسىيىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشۇمدىكى تۈپ مەقسىتىم ئەنە شۇ.

مەن يېقىندا «ئىسلام زىيالىيلىقى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش» دېگەن ماقالىدە پەننىي زىيالىيلارنىڭ بىر ئاز دىن ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى، ۋە دىنىي زىيالىيلارنىڭ بىر ئاز ھازىرقى زامان پەنلىرىنى ئۆگىنىشى

كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئاللاھ ۋە ئىسلام دىنى ئۇ ئىككى خىل بىلىملەرگە پەرقلىق قارىمايدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاشۇ ئىككى خىل بىلىملەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ بىز دىنىي بىلىم بىلەن پەننىي بىلىملەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە موھتاج. شۇنداقلا بىز شەرقتە تەربىيىلەنگەن دىنىي زىيالىيلار بىلەن، شەرقتىمۇ تەربىيە كۆرۈپ، غەربتىمۇ ئىسلام دىنى، تەبىئىي-پەن، پسىخولوگىيە، پەلسەپە، تارىخ، ۋە ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە تەڭ تەربىيە كۆرگەن دىنىي زىيالىيلار ۋە دىنىي زاتلارغىمۇ موھتاج. ياسىر قازى بىلەن ئويغان ئەنە شۇنداق زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ئەزالىرىدۇر.

ئوقۇرمەنلەر دوكتور ياسىر قازى بىلەن خېلى ياخشى تونۇشۇپ بولدى. ئويغاننىڭ دادىسى بۇرۇن پاكىستاننىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، ئويغان شۇ مەزگىلدە تۇغۇلغان. ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇشىنى باشلىغاندا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خىزمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جەددە شەھىرىگە يۆتكىلىپ، ئويغان كېيىنكى 6 يىللىق ئوقۇشىنى شۇ يەردە تاماملىغان. ئاندىن ئامېرىكىغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئامېرىكىدا ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنى 2006-يىلى ئۇ ئامېرىكىدا بىر ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى قۇرۇپ، ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يېقىندا ئىيوردانىيەدىكى بىر دىنىي تەشكىلات تەرىپىدىن «دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500 نەپەر مۇسۇلماننىڭ بىرى»، دەپ باھالانغان. مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر پارچە يازمىسىدا ئويغاننىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرىمەن.

پەقەت شەرقتىلا تەربىيە ئېلىپ، ھازىرمۇ شەرقتە ياشاۋاتقان دىنىي زىيالىيلار ۋە دەۋەتچىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىككىيلەننىڭ يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بار: بۇ ئىككىيلەن غەربتىكى تەرەققىي قىلغان خىرىستىئان ئەللىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ۋە ئاشۇ دۆلەتلەردىكى ئىسلامغا قارشى ھەر خىل سىياسىي كۈچ ۋە باشقا دىنلارغا تەۋە دىنىي گۇرۇھلارنىڭ كەمسىتىشى، چەتكە قېقىشى، ھۇجۇمى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇنداق كۈچلەرنىڭ ھەممىسگە تاقابىل تۇرۇپ، غەرب ئەللىرىدە ئىسلامنىڭ مۇۋاپىق ئورنىنى ساقلاپ مېڭىشقا تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. ئۇلار خىرىستىئان دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمان ئائىلىلىرىدە تۇغۇلغانلىقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بولۇپ قالغان ياشلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىپ، ئاشۇ ياشلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخشىمىغان رولى، ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش، ۋە دىنسىزلىشىش قاتارلىق بىر قاتار ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىنى ئاللاھ بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن نازىل قىلغان قۇرئاندىكى مەزمۇنلار بىلەن تەھلىل قىلىپ، دىنىمىزغا قارىتىلغان ھازىرقى زامان ھۇجۇملىرىغا قۇرئان بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، غەربتىكى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ توغرا ۋە ھەق يولغا مېڭىشىغا ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىككىيلەن مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە غەرب ئەللىرىدە سۆزلىگەن دوكلات-لېكسىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يۇتيۇب (YouTube) ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زىيالىيلار نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ تونۇشتۇرۇۋاتقىنىم ئەنە ئاشۇنداق سىناقلاردىن ئۆتكەن مەزمۇنلاردۇر. پەقەت شەرقتىلا تەربىيىلىنىپ، ھازىرمۇ شەرقتىكى بىرەر ئىسلام دۆلىتىدە ياشاۋاتقان دىنىي ئۆلىمالار ۋە دىنىي زىيالىيلار بولسا ئاساسەن دۆلەت ھۆكۈمىتى، غەيرىي مەقسەتتىكى سىياسىي كۈچ ۋە باشقا دىنلاردىكى ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ جەڭ

ئېلان قىلىشقا ئۈچرىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنى «بىخەتەر ماكاندا ياشاۋاتقان كىشىلەر»، دېسەك، ئانچە خاتالاشمايمىز.

ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئاساسەن پەقەت ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە شەرقتە تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان دىنىي ئۆلىما ۋە دىنىي زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگىلا ئىگە بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا مېنىڭچە بىز باشقا بارلىق پايدىلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەڭ تەربىيە كۆرگەن، ۋە ھازىر تەرەققىي قىلغان خىرىستىئان غەرب ئەللىرىدە يۈت تىرەپ تۇرۇۋاتقان دىنىي زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىپ بېقىشىنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بار. مانا بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق تېمىلارنى تەييارلىشىمغا تۈرتكە بولۇۋاتقان يەنە بىر ئامىل. ئىنسانلار ئىندىۋىدۇئاللاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، مەن ھەر قانچە تىرىشساممۇ، مېنىڭ يازمام ھەممە ئادەملەرنى تەڭ رازى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش كۆپلىگەن ياخشى نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، بەزىدە «قوشۇمچە مەھسۇلات» سۈپىتىدە بەزى بىر يامان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئىشلارنىڭ بۇ تەرىپى ماڭا ناھايىتى ئايان. شۇنداق بولسىمۇ، ئاللاھ بۇيرۇسا مەن قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە توغرا ئىشلارنى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىمەن.

ئويغان مۇنداق دەيدۇ («تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت (2)» گە قاراڭ): (نەقىل) ھازىر دۇنيادىكى مېدىئالاردا «ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار مەدەنىيلەشمىگەن كىشىلەر، ئۇلار زوراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار ھازىرقى زامان دۇنياسىدا قانداق ياشاشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر كەڭ تۈردە تارقىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كىم ئىسپاتلايدۇ؟ بىز ئۆزىمىز خالىغانچە نۇتۇق-دوكلاتلارنى سۆزلىيەلەيمىز. ئەمما بىزنىڭ نۇتۇقلىرىمىز ھېچنېمىگە ئىسپات بولالمايدۇ. دەلىل-ئىسپاتلار بىزنىڭ نۇتۇقلىرىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىز ئەڭ ئادىل جەمئىيەت بەرپا قىلغاندا، بىز ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي سىستېما بەرپا قىلغاندا، بىز سودىدا ئەڭ ئادىل بولغاندا، بىز بىر-بىرىمىز بىلەن ئەڭ ئىناق ئۆتىدىغان بولغاندا، بىز غەيرى-مۇسۇلمان قوشنىلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىز بىلەن ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغاندا، ئاندىن ھېلىقىدەك تەشۋىقاتلارنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز. دۇنيانىڭ ئىسلامنى ئاڭلىغۇسى يوق. دۇنيانىڭ ئىسلامنى كۆرگۈسى بار. ئىسلامنى دۇنياغا ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار كۆرسەتمىسە، ئۇنى كىم كۆرسىتىدۇ؟ بىز ھازىرقى ھالىتىمىزگە قانائەتلەنسەك بولمايدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

روشەنكى، دۇنياغا ئىسلامنى، ئىسلامنىڭ بىر گۈزەل دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك.

مەن بەزى دىنىي مەسىلىلەرنى تىلغا ئالىدىغان يازمىلارنى تەييارلاشقا باشلىغاندىن تارتىپ، دىنىمىزنى توغرا ئۆگىنىشنىڭ بىر قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلدىم. دىنىنى توغرا ئۆگىنىشتە قىينىلىش ۋە قايمۇقۇش مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى، بولۇپمۇ غەربتە ۋە غەيرى-مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئويغان ئۆزىنىڭ ئىككى دوكلاتىدا مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان. بۇ دوكلاتنىڭ بىرىنچىسى مەلۇم بىر

«مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسى» يىغىلىشىدا سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «بىر قىسىم تۇغۇلما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنسىزلىشىپ كېتىشىنىڭ 3 سەۋەبى» ئىكەن [1]. بۇ دوكلات 2015-يىلى 3-ئاپرېل كۈنى يۇتيۇبقا چىقىرىلىپتۇ. ئىككىنچى دوكلاتنىڭ تېمىسى «ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە» بولۇپ، ئۇ 2015-يىلى 12-فېۋرالدا دۇبەيدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر چوڭ خەلقئارالىق يىغىندا سۆزلىنىپتۇ [2]. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ ئىككى دوكلاتنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدە تەسۋىرلەيدىغىنىم ئويغان دىن ئۆگىنىشنى يېڭى باشلىغاندا يولۇققان، ھەمدە تۇغما مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى يولۇقىدىغان 4 چوڭ قىيىنچىلىق بولۇپ، مەن كېلەر قېتىملىق يازمامدا ئويغاننىڭ ئۇ قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى بايان قىلىمەن. مەن ئوقۇرمەنلەردىن مۇشۇ مەزمۇندىكى يازمىلارنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلار ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ ئىككى دوكلاتىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان بىر قىسىم مەزمۇنلىرى.

## 1. تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان تۆت چوڭ مەسىلە

بۈگۈن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلاش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلاندى. بۇ دوكلات مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق ئەمەس — بۇ نۇقتا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدىغان نەرسە ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق قۇۋۋىتى بار. مەن ئاشۇنداق مۇھەببەتنى داۋاملىق ئۆز بېشىمدىن كەچۈرۈپ تۇرىمەن. مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم پەقەتلا ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىش، ھەمدە ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە چۈشەنگەنلىرىمنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش. مەن قىلىۋاتقان ئاشۇنداق كىچىك ئىشلار ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە دۇئاسىغا ئېرىشىۋاتىمەن. مەن قىلىۋاتقان ئىشلار ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئەمەس، ئەمما بۇ كىتاب ئادەتتىن تاشقىرى كىتاب بولۇپ، ئاشۇ كىتاب ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار ئاللاھنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

مېنىڭ بۈگۈن سۆزلەيدىغىنىم بىر قىيىن تېما بولۇپ، مەن سۆزۈمنى ئۆزۈم توغرىسىدىكى بىر ھېكايە بىلەن، مەن قۇرئان ھەققىدە ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم بىلەن باشلايمەن. مەن بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ ئائىلە بىر ئوتتۇراھال پاكىستانلىق مۇسۇلمان ئائىلىسى ئىدى. ئۆيۈمدىكىلەر دىنغا ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل قاراپ كەتمەيتتى. مەن ئەرەبچىنى ئۆگىنىپ باقمىغان، ياكى قۇرئاننىمۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن يادلاپ باقمىغان. مەن بالىلىق ۋاقتىمدا بىر قانچە سۈرىنى ئۆگەنگەن. مەن گېرمانىيەدە تۇغۇلغان بولۇپ، يەسلى تەربىيىسىنى شۇ دۆلەتتە ئالغان. كېيىن ئوردۇ تىلىنى ئازراق ئۆگەندىم. ئىككىنچى سىنىپتىن 8-سىنىپقىچە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇدۇم. ئەمما مېنىڭ ئوقۇغىنىم پاكىستانلىقلار ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ يەردىمۇ بىر قىسىم ئوردۇ تىلىنى ئۆگەندىم. تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپ ئامېرىكىغا كېلىپ، نيۇ يورك شەھىرىدە ئوقۇدۇم. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، مەن دىنغا ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسامىمۇ بولىدىغان بىر ئەھۋال ئىچىگە كىردىم. مەن ئوقۇغان مەكتەپتە مەندىن باشقا يەنە بىر مۇسۇلمان بالا بار بولۇپ، مەن ئۇنىمۇ پەقەت ئۇنىڭ ئىسمىغا قاراپ «ئۇ بىر مۇسۇلمان ئىكەن» دەپ ئويلىدىم. ئەمما

بىز ئايرىلىشىپ باقمىدۇق.

مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلىغاندىن كېيىن، «مەن ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە ئىسلام توغرۇلۇق قانداق تونۇشلاردا بولغان بولغىيتتىم؟» دەپ، ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ باقتىم. نەتىجىدە تولۇق ئوتتۇرا مەزگىلىدە مەن ئىسلام توغرۇلۇق ئانچە ئويلىنىپ باقمىغانلىقىمنى بايقىدىم. ئىسلام توغرۇلۇق ئويلانغان ۋاقىتلىرىمدا بولسا مۇنداق 4 مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغان ئىكەنمەن:

**ئىلاۋە:** ئويغان ئۆزىنىڭ 1-دوكلاتىدا 3 مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككىنچى دوكلاتىدىمۇ 3 مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىككى دوكلاتتىكى دەسلەپكى 2 مەسىلە ئوخشاش بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسىلە بولسا بىر-بىرىگە ئوخشاش ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ئىككى دوكلاتتىكى مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈپ، «4 مەسىلە» قىلىپ ئالدىم.

## (1) قۇرئان مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز

مەن دىنىمىزنى ئەڭ دەسلەپتە ئۆگىنىشكە باشلىغاندا، مۇنداق ئويلىدىم: قۇرئان مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن. ئۇ قەدىمكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدىلا سۆزلەيدىكەن. مەن ئۇچراتقان، قۇرئان ھەققىدە سۆزلەيدىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن ياشىغان كىشىلەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار سۆزلىگەندە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر قىياپەتتە سۆزلەيدىكەن. مېنىڭ دوستلىرىم ئۇنداق سۆزلىمەيدۇ، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ئۇنداق سۆزلىمەيدۇ، مېنىڭ مەكتەپتىكى پروفېسسورۇم ئۇنداق سۆزلىمەيدۇ. بىر ئىمام بىلەن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كۆرۈشسىڭىز ئۇ نورمال كىشىلەر بىلەن ئوخشاش سۆزلەيدىكەن، ئەمما بىر مەسچىتتىكى مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىنلا باشقىچە بىر قىياپەتتە سۆزلەيدىكەن. ئۇلار خۇددى باشقا بىر زامانغا تەۋە كىشىلەردەك سۆزلەيدىكەن. سىز بىلەن ھېچ قانداق بىر باغلىنىشى يوق كىشىلەردەك سۆزلەيدىكەن. مەن ئەڭ دەسلەپدە قۇرئان، سۈننەت، ۋە دىن توغرىسىدىكى باشقا تېمىلار ئۈستىدە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، بۇ دىننى خۇددى بۇ زامانغا تەۋە ئەمەس بىر نەرسىدەك، ئۇ بىر قەدىمكى نەرسىدەك، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەرمۇ قەلبى بۇرۇنقى زامانغا تەۋە كىشىلەردەك ھېس قىلدىم. بۇ دىنغا ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپ، ھازىرقى زامان ھاياتنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەستەك ھېس قىلدىم.

مەن ئاڭلىغان كۆپلىگەن لېكسىيەلەردىمۇ سۆزگە چىققانلار ھازىرقى ۋاقىت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نەقەدەر ناچار ۋاقىت ئىكەنلىكىنى، قەدىمكى ۋاقىتلارنىڭ نەقەدەر ياخشى ۋاقىتلار بولغانلىقىنى سۆزلىدى. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى بەك ئېسىل دەۋرلەر ئىدى. ساھابىلەرنىڭ دەۋرى بەك ئېسىل، ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى دەۋرلەر ئىدى. ھازىر بولسا ھەممىمىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ياشاۋاتىمىز، شۇڭا ھەممىمىز ئاخىرەتتە دوزاختا كۆيىمىز»، دەپ سۆزلىدى. مېنىڭ جۈمە نامىزىغا بارغۇم يوق ئىدى، ئەمما دادام مەجبۇرلاپ ئاپىراتتى. شۇنىڭ بىلەن جۈمە نامىزى جەريانىدا تازا ئۇخلىۋالاتتىم. ناماز ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاندىن ئويغىناتتىم. ئارىلىقتا چالا ئۇيقۇغا پېتىپ ئاڭلىغانلىرىم بولسا «ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ھارام» دېگەندەك سۆزلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېرىشكەن تەسىرات، ئەگەر مەن نورمال ياشايمەن دېسەم، چوقۇم بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ياشىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ياشىشىم كېرەك. بىر قەدىمكى ئادەم بولۇشۇم كېرەك.

مەن ھازىرقى زامان ئادىمى بولۇپ ياشسام بولمايدۇ. مەن پەقەت بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ياشاۋاتقان بىر ئادەم قىياپىتىدە ياشىشىم كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز ئىچىمدە «قەدىمكى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، بىز ھازىرقى ۋاقىتتا ياشايمىز. ئۇنداقتا ھازىر بۇ دىننى ئۆگەنگەننىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ ئويلىدىم. «بۇ دىن مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ۋاقتى توشۇپ بولۇپتۇ»، دەپ ئويلىدىم. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يۇقىرىدىكى پوزىتسىيە ئەمەلىيەتتە بىر مۇسۇلماننىڭ پوزىتسىيەسىدۇر. شۇ چاغدا ئاشۇنداق ئويدا بولغانلار مەن يالغۇز ئەمەس ئىدىم. مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئويلايدۇ.

## (2) بۇ دىن ۋە بۇ كىتاب ناھايىتى قاتتىق ۋە ناھايىتى كەسكىن ئىكەن

مەن ھېس قىلغان 2-مەسىلە مۇنداق: بۇ دىن ۋە بۇ كىتاب ناھايىتى قاتتىق، ناھايىتى كەسكىن، ناھايىتى قۇلاققا ياقماس ۋە ناھايىتى قىيىن (strict, harsh, difficult) ئىكەن. سىزنىڭ ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويۇپ، دوزاخقا كىرىش ئېھتىماللىقىڭىز 99.9999 پىرسەنت ئىكەن. مېنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىتا ئاڭلايدىغىنىم مەن بىر ئىشنى چاتاق قىلىپ قويغانلىقىم، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ مېنىڭدىن نارازى بولغانلىقى بولدى. مەن ھەر قېتىم بىر ئىشنى قىلغاندا، ئۇنى دىنىي جەھەتتىن خاتا قىلغان بولدۇم.

بۇ دىننىڭ ھەر خىل قائىدىلىرىنى ئورۇنلىماق ئاسان ئەمەسكەن. بۇ دىندا بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىش چەكلەنگەن ئىكەن. يەنە بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭ قائىدىلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ھەمدە ئۇلار ناھايىتى ئېغىر ۋە قىيىن ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنى سىز قىلالمايدىكەنسىز. ئەگەر سىز ئۇلارنى چوقۇم قىلماقچى بولىدىكەنسىز، سىز چوقۇم بىر دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم بولۇشىڭىز كېرەك ئىكەن. سىز ھەرگىزمۇ بىر نورمال ۋە خۇشال ئادەم بولۇپ ياشاپ تۇرۇپ، بۇ قائىدىلەرنى ئورۇنلىيالمايدىكەنسىز. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ تەقۋادارلىقىڭىز قانچىلىك كۈچەيگەنسېرى، سىز شۇنچە چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىكەنسىز، ھەمدە شۇنچە خاپا يۈرىدىغان بولۇپ كېتىدىكەنسىز. شۇنچە خاپا قىياپەتكە كىرىپ كېتىدىكەنسىز. سىز ئۇچرىتىدىغان تەقۋادار كىشىلەر ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك خاپا يۈرىدىغان كىشىلەر ئىكەن. بۇ دىن بەك قاتتىق بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرنىمۇ شۇنچە قوپال، شۇنچە يىرگىنچلىك، ۋە شۇنچە خاپا قىلىۋېتىدىكەن. دىنىي تولۇق قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن مەن ساقال-بۇرۇتلۇق كىشىلەرنى كۆرسەم، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى ئەيمىنىپ قاچىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. ئۇلار ماڭا مەن قانداقلارچە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىمنى دەيتتى. ياكى بولمىسا ماڭا «ھەي ئۇكام، نېمىشقا مانى قىلمايسەن؟ نېمىشقا ئانى قىلمايسەن؟» دەپ، مېنى ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

قىسقىسى، مەن ئېرىشكەن 2-چۈشەنچە دىنىمۇ قاتتىق ئىكەن، بۇ دىنغا ئېتائەت قىلىدىغان كىشىلەرمۇ قاتتىق ياكى قوپال ئىكەن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

## (3) «نېمىشقا مەن بىر مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك؟» دېگەنگە ھېچ كىم جاۋاب بەرمەيدىكەن

كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقىتلارنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئۇلار ماڭا ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەكلىكى ھەققىدە ھېچ قانداق گەپ قىلمىدى. ئۇلار ماڭا پەقەتلا مەن بىر مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ماڭا «سەن مۇنداق مۇنداق قىلىشىڭ كېرەك!» دېدى.

مەن «نېمىشقا؟» دەپ سورىسام، «ئۇنداق قىلمىساڭ، دوزاختا كۆيىسەن!» دەپ جاۋاب بەردى.

--مەن ئۆزۈمنىڭ دوزاختا كۆيىدىغانلىقىغا قانداقلارچە ئىشىنىدىكەنمەن؟

--ئۇنداق دەپ سورىما! ئۇنداق دەپ سورىساڭ كاپىر بولۇپ قالىسەن! سەن شۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىنامسەن! سەندە ئىمان يوقمۇ؟

مەن بىر شەيخنىڭ قېشىغا بېرىپ، «بۇ دىنىنىڭ بىز ئۈچۈن بىر توغرا دىن ئىكەنلىكىنى بىز قانداق بىلىمىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ «سېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. سەن دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋەتكىن!» دېدى. مەن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى سوئالىمغا يەنىلا جاۋاب چىقمىدى: «بىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇ دىنغا ئىتائەت قىلىمىز؟ دۇنيادا دىنلار كۆپىقۇ؟» مەن ھەر قېتىم باشقىلاردىن مۇشۇ سوئالنى سورىسام، ئۇلار «ئەستاغپۇرۇللا! نېمىشقا بۇنداق سوئالنى سورايسەن؟ بۇنداق سوئالنى سورىساڭ بولمايدۇ! سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرگىنىڭنى ئاتا-ئاناڭ بىلەمدۇ؟ بۇ يەرگە كەل، مەن ساڭا ئازراق دۇرۇت ئوقۇپ قوياي» دېدى. ئەمما، ماڭا دۇرۇتنى ئوقۇپ قويغاندىن كېيىن، مېنىڭ سوئالىم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن «بۇ كىشىلەردە ئۇنداق سوئالغا جاۋاب يوق ئىكەن»، دەپ ئويلاشقا باشلىدىم.

### (4) قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش بەك قىيىن ئىكەن

شۇنىڭ بىلەن مەن «قۇرئانغا ئۇنىڭ تېشىغا قاراپلا باھا بەرمەي، ئىسلام ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا قاراپلا ھۆكۈم چىقارماي، باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىگە ۋە قىلغانلىرىغىلا قارىماي، بۇ دىننى مەن ئۆزۈم بىۋاستە چۈشىنىپ باقاي. قۇرئاننى ئۆزۈم ئوقۇپ، ئۇنى ئۆزۈم چۈشىنىپ باقاي. چۈنكى باشقىلارغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن»، دەپ ئويلىدىم. مەن ئەرەبچىنى بىلمەيتتىم. شۇڭا مەن قۇرئاننىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئەمما مەن قاتتىق قايمۇقۇپ كەتتىم. قۇرئان سۆزنى بىر ئىشتىن باشلاپ، يەنە بىر ئىشقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، يەنە بىر ئىشقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئاندىن يەنە بىر ئىشقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. مەن شۇ چاغقىچە ئۇنداق بىر كىتابنى ئوقۇپ باقمىغان. مەن بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلار 1-بابتىن باشلىنىپ، ئۇ تولۇق چۈشەندۈرۈلۈپ بولغاندا ئاندىن 2-بابقا ئۆتەتتى. ئىككىنچى باب 1-بابتىكى مەزمۇن ئاساسىدا يېزىلغان، 3-باب بولسا ئالدىنقى ئىككى بابتىكى مەزمۇن ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، كىتابتىكى قالغان مەزمۇنلارمۇ مۇشۇنداق بىر تەرتىپتە داۋاملىشاتتى. ئەمما قۇرئان ئۇنداق ئەمەسكەن. ئۇنىڭدا ئايەتلەر تەكرارلىنىدىكەن. مەن بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مەزمۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ماڭا ناھايىتى نامۇۋاپىق تۇيۇلدى. مەن قۇرئاننى ئوقۇپ، ئازراقمۇ تەسىرلەنمىدىم.

## 2. ئويغىنىشنىڭ مۇلاھىزىسى

ئەمەلىيەتتە دۇنيادا مىليونلىغان كىشىلەر مەن بىلەن ئوخشاش ئويلايتتى. بىرىنچىدىن، ئۇ كىشىلەر سىزدىن 2015-يىلدا ياشىماي، 1275-يىللىرىدا ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىزدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب زامانىسىدە ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ھازىرقى زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ھەددىدىن تاشقىرى دەرىجىدە قاتتىق ياكى قوپال. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار مېنىڭ

سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن سورىغان سوئاللار گۇناھ بولۇشقا لايىق قەبىھ سوئاللاردىن ئىبارەت. تۆتىنچىدىن، قۇرئاندىكى مەزمۇنلار ئادەمنى ناھايىتى قايمۇقتۇرىدىغان بولۇپ، ئادەمنى ئازراقمۇ تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. مۇشۇ 4 سەۋەب بىر ئادەمنى ئىسلامدىن يىراق تۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە مۇشۇنداق 4 مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ، سىز ئىسلامغا يېقىن يولىماسلىقنى قارار قىلغان بولسىڭىز، مەن سىزنى تولۇق چۈشىنىمەن. مەن سىزنىڭ قارارىڭىزنى بىر لوگىكىلىق قارار، دەپ ھېسابلايمەن. مەن ھازىرغىچە بېرىپ باققان دۇنيادىكى ھەر بىر مۇسۇلمان ۋە غەيرى-مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق بىر ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. مېنىڭ لېكسىيەلىرىمگە كەلگەن يۈز مىڭلارچە كىشىلەر كۆڭلىدە ئاشۇنداق ئىدىيىلەرنى ساقلاۋاتقان كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت دىققەت قىلدىم. شۇنىچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆزۈمنى قۇرئاندىن يىراق تۇتتۇم. سەۋەبى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ئۇ ناھايىتىمۇ قاتتىق، ھەمدە ئۇ مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، «مەن ئەگەر قۇرئان بۈگۈنكى كۈندە نازىل بولغان بولسا، ئۇ بۇرۇنقىسىغا ئازراقمۇ ئوخشىمايدىغان بىر مەزمۇندا نازىل بولاتتى، دەپ ئويلايمەن»، دېگەن ئادەممۇ بار [2].

مەن نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق دەرسلىرىنى ئالدىم. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ياۋروپا پەلسەپىسى قاتارلىقلارغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەندىم. مەن «بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن نازىل قىلىنغان بىر كىتاب قانداقمۇ مېنىڭ ھازىرقى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلىسۇن؟ شۇڭلاشقا مېنىڭ ئۇ كىتابنى ئۆگىنىشىمنىڭ ھاجىتى يوق»، دەپ ئويلىدىم.

ئەمما ئاللاھنىڭ تارتۇقلىشى بىلەن، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان ۋاقتىمدا، مەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ئېسىل ئۇستازلارغا يولۇقتۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان 4 ئىشنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئاللاھنىڭ كىتابى بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزغا ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇ كىتابتا مېنىڭ سوئاللىرىمغا، كۆڭلۈمدىكى مەسىلىلەرگە، ۋە مېنىڭ شەخسىي مەسىلىلىرىمگە جاۋاب بولىدىغان مەزمۇنلار بار ئىكەن. جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەر ۋە دۇنيادىكى مەسىلىلەر 2-قەدەم ۋە 3-قەدەمدىكى ئىشلار بولۇپ، مەن بۇ يەردە 1-قەدەم ئۈستىدە، يەنى مېنىڭ ھازىرقى شەخسىي مەسىلىلىرىم ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتىمەن ــ ئاللاھنىڭ كىتابىدا مېنىڭ مەسىلىلىرىمگە جاۋاب بار ئىكەن.

ئىككىنچى مەسىلە ئىسلام دىنىنىڭ بىر قاتتىق دىن ئىكەنلىكىدۇر. ئەمما مەن ئۇنى ئۆگەنگەنسېرى دىن قاتتىق ئەمەس، ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قاتتىق ياكى قوپال ئىكەنلىكىنى، كىتابنىڭ بولسا قاتتىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاللاھنىڭ كىتابى رەھىمدىللىك بىلەن تولغان ئىكەن، ئەمما بىزدە رەھىمدىللىك يوق ئىكەن. بىز كەڭ قورساق ئەمەس ئىكەنمىز.

ئۈچىنچى مەسىلە كىشىلەرنىڭ مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەسلىكى ئىدى. ئەمما، قۇرئان كىشىلەرنى سوئال سوراشقا، ۋە تەنقىد بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. دۇنيادا ئىسلامدىن باشقا بىرەر دىن «مېنى تەنقىد قىل» دېمەيدۇ. ئىسلامدىن باشقا دىنلار كىشىلەرنى «كىتابىمىزدىن سوئال سورا، ئۇنى تەنقىد قىل» دېمەيدۇ. مەن كىتابىمىزدىكى «ئۆزۈڭ ئويلا» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، كۆزۈمگە

ئىشەنمەي قالدىم. ئەسلىدە ئۇ «سوئال سورىما، شۇ بويىچە ئىشەن!» دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ، دەپ ئويلىدىم. باشقا دىنلار ئەگەشكۈچىلەردىن «ئويلاشنى توختىتىپ، پەقەت ئىشەن» دېگەننى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ دىنىمىز «سەن ئويلاشنى توختاتساڭ بولمايدۇ. سەن پەقەت ئويلىغاندىلا، ئاندىن بۇ دىنغا ئىشىنىسەن»، دەيدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن مەن 19 ياشقا كىرگەندە شۇنىڭغىچە مۇسۇلمان ئۈممەتلەر تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى بىر مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما شۇ چاغقىچە ھېچ كىم ماڭا كىتابىمىزدا ئۆز مەسىلىلىرىمىز ھەققىدە جاۋابلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاتتىق ئەمەسلىكىنى دەپ باقمىغان ئىدى. دېمەك، ماڭا ئىسلامنى ئۆگىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر ئىسلامغا توغرا ۋەكىللىك قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈم بىر خىل زەربىگە ئۇچرىغان ئادەم بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولدۇم. مەن نۇرغۇن ئىشەنچلىرىمنى يوقاتتىم. ھېلىقى كىشىلەرگە ئىشەنمەس بولدۇم. دىنىنى ئۆزۈم ئۆگىنىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. تەلىيىمگە يارىشا مەن ئىنتايىن ئېسىل زىيالىي ۋە ئۇستازلارغا يولۇقتۇم. دىنىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا چۈشەنگەن ئۇستازلارغا ئېرىشتىم. ئەمما ئاشۇنداق دىنىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. مەن ئىگە بولغان ھېلىقى ئېسىل ئۇستازلار نۇتۇقنى ياخشى سۆزلىيەلەيدىغان كىشىلەردىنمۇ ئەمەس. ئەمما ماڭا دىنىنى خاتا چۈشەندۈرگەن كىشىلەرگە ئوخشاشلار بولسا نۇتۇق سۆزلەشكە ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، ئۇلار ھەممە يەرگە كەڭ تارقالغان. بۇ بىر مەسىلە.

بىز دائىم غەيرى-مۇسۇلمانلارغا دەۋەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە سۆزلەيمىز. ئەمما مەن سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي: ھازىر ئۈممەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان باغلىنىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئان توغرىسىدا گەپ ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاڭلايدىغىنى قۇرئاننىڭ قاتتىقلىقى، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكى، ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. گەرچە قۇرئاندا جاۋابلار بار بولسىمۇ، قۇرئاننى چۈشەندۈرىدىغانلار ئۇنى جايىدا چۈشەندۈرەلمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاللاھنىڭ كىتابىغا چالا ۋەكىللىك قىلىۋاتىمىز. ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرۇۋاتقان مەسىلە ئەنە شۇ. بىزنىڭ زامانىمىزدىكى قىيىن ئۆتكەل ئەنە شۇ. مېنىڭچە ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئەنە شۇ.

قۇرئاندىن بىرەر ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈش ئىنتايىن ئاسان. قۇرئاندىكى بىر ئايەتنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى خاتا قوللىنىشمۇ پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە ئاسان بولۇپ، كىشىلەر ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر ئايەتلەرنى خاتا قوللىنىپ، شۇنىڭ بىلەن گۇناھسىز كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئىشلارمۇ بار. ئەگەر قۇرئاننى خاتا قوللىنىدىكەنسىز، قان تۆكۈلۈش يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. ھازىر ئاشۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر قۇرئاننى خاتا قوللىنىدىكەنسىز، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشىڭىز مۇمكىن. ھازىر ئاشۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق ئىشلار بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، ياكى ھازىرقى زاماندا يۈز بېرىۋاتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىمۇ «مەن ئەمدى ئىسلامنى ئىستىمەيمەن» دېگۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قۇرئان ھەققىدە تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى بىر پاجىئەدۇر [1].

مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان ئويغانىنىڭ ئىككى دوكلاتىدىكى مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەزكۇر يازمىدىكى مەزمۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە ئىككى چوڭ مەزمۇن بار. ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغانىنىڭ 19 يېشىدا دىنىمىزغا قايتىدىن رەسمىي كىرگەندە يۇقىرىدىكى 4 چوڭ قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگەنلىكى. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، تۇغۇلما مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىپ، ياردەم قىلىشتا ھازىر قانداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، ۋە ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاقىلانە ئۇسۇللىرى، يەنى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت. مەن ئۇ ئىككى مەزمۇننى بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم تېما قىلىپ يوللايمەن. مەن ئاخىرىدا مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشەنگەن، ۋە مېنى ئىزچىل تۈردە قوللاپ، ماڭا قىزغىن ھالدا مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] Three reasons make some born Muslims atheist**
https://www.youtube.com/watch?v=tcJ6uy9w4yw

**[2] In Need of Wisdom**
https://www.youtube.com/watch?v=mX1oRcMbLzA

# تۆت چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۇسۇلى

**2016-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى**

مەن ئالدىنقى ماقالىدە «ئويغان» ئوتتۇرىغا قويغان، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ مۇسۇلمان بولۇپ قالغان ياشلار دۇچ كېلىدىغان مۇنداق 4 چوڭ قىيىنچىلىقنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم [1]:

--(1) قۇرئان مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

--(2) بۇ دىن ۋە بۇ كىتاب ناھايىتى قاتتىق ۋە ناھايىتى كەسكىن ئىكەن.

--(3) «نېمىشقا مەن بىر مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك؟» دېگەن سوئالغا ھېچ كىم جاۋاب بەرمەيدىكەن.

--(4) قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش بەك قىيىن ئىكەن.

ئويغان يۇقىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق دوكلات-لېكسىيەلىرى ۋە تېلېۋىزور پروگراممىسىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا ئۆزىنىڭ قانداق جەريانلارنى بېسىپ، ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن مەزكۇر يازمىدا ئويغان بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بىر نەرسىنى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش ۋە ئۇنى خاتا قوللىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ھازىر ئىسلام دىنى ساھەسىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ناچار ئەھۋاللارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىمۇ ئەنە شۇ: خېلى كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىيەت، ئىلاھىيەت، پەن-مەدەنىيەت، ۋە سەممىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇش، شۇڭلاشقا دىنىمۇ چوڭقۇر ۋە تولۇق چۈشەنمەسلىك. ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ بىر ئىشنى توغرا قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئادەمنىڭ دىننى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىشىنىڭ باشقا ھەممە كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال توغرا ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىدا قىلغىلى بولغان بىر قىسىم ئىشلارنى باشقا يەرلەردە قىلغىلى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا مېنىڭ مەزكۇر يازمىدا تونۇشتۇرىدىغىنىم پەقەت بىر كىشىگە ئۇنۇم بەرگەن ئۇسۇل ياكى جەرياندىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەر بىر ئادەم دىننى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىشتە ئۆزىگە ئۇنۇم بېرىدىغان يولنى يەنىلا ئۆزى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىر سادىر بولۇۋاتقان يەنە بىر ئېغىر ئەھۋال شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر دىن ھەققىدە سەممىي ھالدا ئازراق ئىزدىنىپ باقماي تۇرۇپ، دىن ھەققىدە ئانچە بىلمەي تۇرۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالىغا ئاساسلىنىپلا دىن ھەققىدە ھۆكۈم پېچىۋاتىدۇ. ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ بىر مەسىلە ئۈستىدە ئوخشىمىغان كۆز-قاراشتا بولۇشى بىر نورمال ئەھۋال — ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق ياراتقان. ئەمما ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم پېچىش مەيلى دىنىي نۇقتىدىن بولسۇن ياكى ئىلمىي

نۇقتىدىن بولسۇن بىر نورمال ئەھۋال ئەمەس. ئۇ بىر نورمال، مەدەنىيەتلىك ئىنسانغا ماس كېلىدىغان ئىش ئەمەس. دىن ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈنمۇ ئۇنى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. سىز دىن ھەققىدە باشقىچە كۆز-قاراشتا بولسىڭىز بولۇۋېرىدۇ ــ ئۇ سىزنىڭ ئۆز ئىشىڭىز. ئەمما دىن ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولىدىكەنسىز، سىز ئالدى بىلەن ئۇنى چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىپ ئاندىن سۆزلەڭ. مەن مەزكۇر يازمىدا بايان قىلىدىغان مەزمۇننىڭ يېتەرلىك دەرىجىدىكى سەممىيەتلىك بىلەن دىنىمىزغا ئەستايىدىل قاراپ چىقىش ئىستىكى بار قېرىنداشلارغىمۇ بىر ئاز ياردىمى تېگىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئەمدى رەسمي مەزمۇننى باشلايمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم ئۇيغاننىڭ ئەنگلىيەدىكى ئىنگلىزچە «VIP Show» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تېلېۋىزور پروگراممىسىدا دېگەن سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ [2]، ئۇ پروگراممىدا باشقۇرغۇچى ئۇيغاندىن سوئال سورايدۇ. ئۇيغان بولسا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. مەن بۇ يازمىدا سورالغان سوئاللارنى يازماي، پەقەت ئۇنىڭ جاۋابلىرىنىلا يازىمەن. مېنىڭ يازىدىغىنىمنىڭ ھەممىسى ئۇيغاننىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆز سۆزۈمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن. بۇ پروگراممىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 مىنۇت بولۇپ، ئۇنىڭ سىن ھۆججىتى يۇتيۇب (YouTube) قا 2014-يىلى 16-مارتتا چىقىرىلىپتۇ. ئاشۇ يۇتيۇب تور بېتىدە ئۇيغان مۇنداق دەپ تونۇشتۇرۇلۇپتۇ:

«ئۇيغان 2005-يىلى ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بايىناھ ئىنستىتۇتىنى قۇرغان بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدىكى بىر مۇتەخەسسىستۇر. ئۇنىڭ ئىسمى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەنگلىيە فىلىم ئىشلىگۈچىسى ھەسەن ئەلكاتىب (Hassan Alkatib) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر سۆھبەتتە ئۇيغان ئەپەندى ئۆز ھاياتىغا بىر قېتىم قاراپ چىقىپ، قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.»




1-رەسىم: ئەنگلىيەدىكى بىر تېلېۋىزور پروگراممىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ھەسەن ئەلكاتىب (سولدىكى كىشى) بىلەن ئۇيغان (ئوڭدىكى كىشى) سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.

## 1. ئويغان دىندىن يىراق ياشىغان ۋاقىتلار

مەن بۈرۈنقى شەرقىي بېرلىن شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ چاغدا دادام پاكىستاننىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى ئىدى. شۇڭلاشقا 6 ياشقا كىرگىچە مەن شۇ يەردە چوڭ بولدۇم. بۇ جەرياندا پاكىستاندا پەقەت 6 – 8 ئايدەك ۋاقىتلا تۇردۇم. مېنىڭ 1-تىلىم گېرمان تىلى بولۇپ، ئوردۇ تىلىنىمۇ ئازراق ئۆگەندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز سەئۇدىنىڭ رىياد شەھرىگە كۆچتۇق. ھەمدە 1986-يىلدىن 1992-يىلغىچە بىز شۇ يەردە ياشىدۇق. بۇ جەرياندا مەن دەرسلەر ئوردۇ تىلىدىلا ئۆتۈلىدىغان، مەخسۇس پاكىستانلىقلار ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ئەرەبچىنى بەك كۆپ ئۆگىنىپ كېتەلمىدىم. ئازراق ئىنگلىزچىمۇ ئۆگەندىم. 1993-يىلى بىز ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپ ئامېرىكىدا ئوقۇدۇم. ئالىي مەكتەپنىمۇ ئامېرىكىدا ئوقۇدۇم.

مەن ئامېرىكىدا ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا مەن دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە بىرەر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى بىلەنمۇ تونۇشمىدىم. مەن ئوقۇغان مۇھىت بىلەن تىل مەن بۇرۇن ياشاپ كۆرگەن يەرلەرنىڭكى بىلەن ئازراقمۇ ئوخشىمايتتى. مەن بىر ئۆسمۈر بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن مېنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ ئۈمىدىم باشقىلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىش بولدى. مېنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە ئىسلام ئىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەزگىلىدە بىز ھەر ھەپتىسى 5 كۈن مەكتەپتە ئوقۇدۇق. شۇڭلاشقا مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان 2 يىل جەرياندا جۈمە نامىزىغىمۇ بېرىپ باقمىدىم. مەن ئاستا-ئاستا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوست بولۇشقا باشلىدىم. ئەمما ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس بولغاچقا، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ دىن بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى بولمىدى. مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا ماسلاشتۇرۇشقا يۈزلەندىم. ئاتا-ئانام مېنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىمنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا مەن ئۆيى ئىچىدە بىر خىل ئادەم، مەكتەپتە يەنە بىر خىل ئادەم بولۇپ ياشاشقا مەجبۇرى بولدۇم. بىز ئىسلام دىنىدا قەدىرلەيدىغان نۇرغۇن قىممەت قاراشلىرى نۇرغۇن ئەللەردە كىشىلەرگە ئانچە تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. مۇسۇلمان ئەللىرىمۇ ئۇنداق ئىدىيىلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەشەببۇس ۋە تەشۋىق قىلمايدۇ. مەن بۇرۇن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار پەقەت ماڭىلا تەۋە ئىشلار بولۇپ، ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھازىرمۇ مىليونلىغان كىشىلەرگە يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۆز دىنىڭىزنىڭ تەلىماتىغا خىلاپ كېلىدىغان بىر خىل تۇرمۇش شەكلىدە ياشىغان ۋاقتىڭىزدا، سىز ئۆزىڭىزنى بىر گۇناھكار ئادەمدەك ھېس قىلىسىز. ئەمما ھېچكىم بىر گۇناھكار ئادەمدەك تۇيغۇدا ياشاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز مۇنداق 2 يولدىن بىرىنى تاللايسىز: بىرى دىننى قوبۇل قىلىش، يەنە بىرى بولسا ئۆزىڭىزدىكى «مەن بىر گۇناھكار ئادەمگە تەۋە» دەيدىغان ئاڭنى يوق قىلىۋېتىپ، ئۆزىڭىز خالىغان بويىچە ياشاش. مەن ئۇ چاغدا 2-يولنى تاللىدىم.

## 2. ئويغانىنىڭ دىنغا قىزىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

مۇنداق بىر ھەدىس بار: «ئادەم ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىنى دورايدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭنىڭ دوستىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللا.» مەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل

ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئىسلامدىن يىراق تۇردۇم. ئاندىن مەكتەپتە بىر ياش مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنى ئۇچراتتىم. ئۇ تاملارغا مەكتەپنىڭ «مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىنى چاپلاپ يۈرۈۋاتقان ئىكەن. مەن كۆڭلۈمدە «بۇ ئۇيۇشمىغا ھەممە دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار توپلانغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ناھايىتى قىزىشى مۇمكىن»، دەپ ئويلىدىم. ھەمدە ھېلىقى ئوقۇغۇچىدىن «سىلەر ئولتۇرۇشمۇ قىلامسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «ھەئە، بىز ئولتۇرۇشمۇ قىلىمىز»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ يىغىلىش ئورنىغا باردىم. ئۇ يەردە ئاران 2 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇلار قۇرئان ھەققىدىكى بىر تېما ئۈستىدە سۆزلىشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن «بۇ يەر ماڭا ماس كېلىدىغان يەر ئەمەسكەن»، دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۇ ئىككىيلەن ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. مەن ئۇچۇن مەخسۇس ۋاقىت ئاجراتتى. ئۆيگە قايتقۇچە مېنى ماشىنىسىغا سېلىۋالدى — مەن ئادەتتە ئۆيى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا پىيىز بىلەن قاترايتتىم. ئەمما ئۇ ئوقۇغۇچى ھەرگىزمۇ مېنى دىنغا دەۋەت قىلمىدى. بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتقاندا مېنى ماشىنىسىدا ئېلىپ كېتىۋاتقان دوستۇم يولدا ماشىنىسىنى توختىتىپ، بىر مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. مەن سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشقا نىسبەتەن راھەتسىزلىك ھېس قىلىپ، مەسچىتكە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ چاغدا ھەر بىر ناماز قانچە رەكەت بولىدىغانلىقى، ۋە قايسى ئايەتلەرنى ئوقۇيدىغانلىقى مېنىڭ ئېسىمدە قالمىغان ئىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ناماز قائىدىلىرىنى قايتا ئۆگەندىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ دوستۇم تۈرتكە بولدى.

مەن بۇ يەردە باشقا ياشلارغا دەپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن بىر ئىش بار: ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئەھۋالى ئىچىدە ئەمەس. ئەگەر سىز بىر دىنچى ئادەم بولۇپ، مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا كۆرگەن بولسىڭىز، «ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ بالىغا قاراڭ!» دەيتتىڭىز. مەن ئاشۇنداق بالىلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئەمما، بىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھۆكۈم چىقارماي، مېنى كۆڭلىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ياخشىلىق بار بىر ئىنسان، دەپ ھېسابلاپ، ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئۇنىڭ تەسىرى مېنىڭ بۇگۈنكىدەك بىر ئادەم بولۇشۇمغا تۈرتكە بولدى. بىز باشقىلارغىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز باشقىلارغا ئىسلامنى تەقدىم قىلىشتا سەۋرچان بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق ئىشلار بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئەمەلىيەتتە ماڭا بىرەر قېتىممۇ ئىسلام يولىدا دەۋەت ئېلىپ بارمىدى. مەندىن ناماز ئوقۇشنى بىرەر قېتىممۇ تەلەپ قىلمىدى. ماڭا قۇرئان ھەققىدە گەپ قىلمىدى. پەقەت ماڭا بىر يىلدەك ۋاقىتقىچە بىر ياخشى ھەمراھ بولۇپ بەردى. مەن شۇ سەۋەبتىن دىن يولىغا كىردىم.

## 3. ئويغاننىڭ قۇرئاننى رەسمىي ئۆگىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلى

بۇ قېتىم دىن ھەققىدە قايتىدىن ئاڭلىق ھالدا ئىزدىنىشنى باشلاپ، ئالىي مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشتىكى پويىزنىڭ ئۈستىدە قۇرئاننىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇدۇم. ئەمما ئۇنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن قاتتىق قىينالدىم. ماڭا جۈملە شەكىللىرى غەلىتە تۇيۇلدى. ئىشلىتىلگەن سۆزلۈكلەر قىيىن تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇلارنى چۈشىنەلمىدىم. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىدە جۈملىنىڭ ئىگىسى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. جۈملىلەر ئوتتۇرىدىلا تۈگەپ قالىدىكەن. جۈملىلەر «ۋە» دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدىكەن. بىز باشلانغۇچتىلا جۈملىنى «ۋە» دېگەن باغلىنىش سۆزى بىلەن باشلىمايدىغانلىقىمىزنى

ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئەسلىدە سىز قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇۋسىڭىز، ئۇنى تولۇق چۈشىنىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەسكەن. ئەمەلىيەتتە سىز تېخىمۇ قايمۇقۇپ كېتىدىكەنسىز.

شۇڭلاشقا مەن قۇرئاننى ياخشىراق چۈشەنگىلى بولىدىغان باشقا ئۇسۇللارنى ئىزدىدىم. ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە بېرىپ، ئۆزۈم تاپالىغان لېكسىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ كۆردۈم. ئەمما مەن ئاڭلىغان لېكسىيەلەر قۇرئان ئۈستىدە بولماستىن، ئىسلامدىكى ھەر خىل تېمىلار ئۈستىدە ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا بىز ئولتۇراقلاشقان جايدىكى مەسچىتتە سۆزلەنگەن كۆپ قىسىملىق لېكسىيەدىن بىرىگە قاتناشتىم. ئۇ لېكسىيەلەر ئوردۇ تىلىدا سۆزلەندى. ئۇ بىر رامىزان ئېيىدا بولغان ئىش بولۇپ، ھەر كۈنلۈك تاراۋىدىن كېيىن، قۇرئان ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەندى. ئۇنىڭدا قۇرئان بىر ئايەت، بىر ئايەتتىن تەرجىمە قىلىنىپ، قىسقىچە چۈشەندۈرۈلدى. بۇ لېكسىيە تولۇق بىر ئاي ۋاقىت ھەر ئاخشىمى سائەت 10 دىن ئەتىگەن سائەت 2 – 3 گىچە جەمئىي 4 – 5 سائەت ئېلىپ بېرىلدى. مەن بىر ئاي ۋاقىت ئاشۇ لېكسىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. ھەمدە قۇرئانغا ئىنتايىن ھەيران قالدىم. بىر ئايلىق لېكسىيە ئاخىرلاشقاندا مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، «مۇسۇلمانلار ئۆز دىنى ئۈچۈن ھەر خىل يوللار بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن. مەن سىز قىلىدىغان ئىشنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئىشنى نەدىن باشلىسام بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئەرەبچىنى ئۆگەن»، دېدى. مەن ئۇ چاغدا نيۇ يورك شەھىرىدە بولۇپ، ھەم پۈتتۈن كۈنلۈك ئوقۇغۇچى، ھەم پۈتۈن كۈنلۈك خىزمەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىدىم. مېنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بېرىپ ئوقۇيدىغانغا پۇلۇممۇ يوق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن «مەن ئەرەبچىنى قانداق ئۆگىنىمەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «مېنىڭ دەرسىمگە كەل»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رامىزان ئاياغلىشىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە مەن بىر 3 ھەپتىلىك ئەرەب تىلى كۇرسىغا قاتنىشىشنى باشلىدىم. ئەرەب تىلىنى ئەڭ ئاساسىي بىلىملەردىن باشلاپ ئۆگەندىم. ھەر قېتىم ئازراق نەرسىنى ئۆگەنسەم، قۇرئاننىڭ بىر يېرىنى چۈشىنىدىغان بولدۇم. نامازدا ئوقۇيدىغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، ناھايىتى ھاياجانلاندىم، ھەمدە ھەيران قالدىم. مېنىڭ دىنىي يولدىكى سەپىرىم ئەنە شۇ ۋاقىتتا باشلانغان بولۇپ، ئاللاھ مېنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇمنى كۆپ ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى.

## 4. ئويغاننىڭ قۇرئان ئۆگىنىشتە يۈقىرى پەللىگە چىقىشى

مەن دەسلەپتە پەقەتلا قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشنى نىشان قىلدىم. ئەمما كېيىنچە ئۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەت ھېس قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئەرەب تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە قىستىدىم. ئەگەر سىز ئەرەب تىلىنى پەقەت قۇرئان ئۈچۈنلا ئۆگەنسىڭىز، سىز ئادەتتىكى ئەرەبچىنى سۆزلىيەلمەيدىكەنسىز، ئەرەب تىلىدا باشقىلار بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارالمايدىكەنسىز، ۋە ئەرەبچە لېكسىيەلەرنىمۇ ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدىكەنسىز.

شۇڭلاشقا 2003-يىللىرىغا كەلگەندە مەن ئۆزۈمنى ئەرەب تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە قىستىدىم. بىر 8 سائەتلىك ئەرەب تىلىدىكى لېكسىيەنى ئاڭلىدىم. گەرچە ئۇنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ، دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپتىرىمگە يېزىۋېلىپ، خاتىرىلىۋالغان مەزمۇنلارنى لۇغەت ئاختۇرۇپ ئوقۇپ چۈشىنىشكە تىرىشتىم. ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغىنىمدا، ئۇ مەزمۇنلارغا ناھايىتى ھەيران قالدىم — مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. ھازىرغىچە ماڭا ھېچكىم قۇرئاندا ئۇنداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى

دەپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبچىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، قۇرئان ھەققىدىكى ئەرەبچە ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر قانچە داڭلىق ئىسلام دوكتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ بىرى مەن بىلەن بىر جايدا ياشايدىغان بولۇپ، مەن سوئالىم بولسىلا ئۇنىڭدىن سوراپ تۇردۇم. ئۇلار مېنى چېكى يوق بىلىملەر بىلەن تەمىنلىدى.

## 5. قۇرئان تىل جەھەتتە بىر مۆجىزىدۇر

قۇرئاننىڭ تىل جەھەتتە بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە بىر مىسال كۆرستەي. مەن بىر ئادەمگە سۆزلىسەم، 5 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا 5 مىنۇتنىڭ ئالدىدا نېمە دېگەنلىكىم تولۇق ئېسىمدە قالمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ ھازىر دەۋاتقان گېپىم 5 مىنۇتنىڭ ئالدىدىكى گېپىمگە ئاساسەن ئاڭلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا سۆزلەۋاتقان گەپلەر بولۇپ چىقمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر مەن 5 مىنۇتنىڭ ئالدىدا «مەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆگىنىش قىلدىم»، دېگەن بولسام، ھازىر «مەن كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئۆگىنىش قىلدىم»، دېيىشىم مۇمكىن. مەن ئۈچۈن بۇ 2 سۆزنىڭ ھېچ بىر پەرقى يوق. ئەگەر مەن 5 مىنۇتنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇلۇق ھەققىدە سۆزلىگەن بولسام، ھازىر ئالدىدا ئاخشىمى ھەققىدە سۆزلەپ، ئاندىن كۈندۈزى ھەققىدە سۆزلىسەم ئەقىلگە بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما مەن سۆزلەۋاتقاندا ئۇنداق ئۇچۇرلارنى كاللامدا ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا ئاشۇنداق تەرتىپ بىلەن سۆزلىيەلىشىم ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئاللاھ قۇرئاننىڭ 2-سۈرىسى، يەنى سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [2:7].» بۇ يەردە ئاللاھ «يۈرەك، دىل» نى ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئالدۇ. يەنە بىر سۈرىدە ئاللاھ «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالمامسىلەر؟ [45:23]» دەپ، «قۇلاق» بىلەن «قەلب» نىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسە شۇكى، سۈرە بەقەرە (2-سۈرە) «بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» دەپ باشلانغان بولۇپ، بىر نەرسىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولغاندا، ئۇ گۇمان ياكى شەك ئادەمنىڭ قەلبىدە پەيدا بولىدۇ. يېتەكلىنىشمۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە يۈز بېرىدۇ. تەقۋادارلىقمۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىسقىسى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا دېيىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردۇر. شۇڭلاشقا 7-ئايەتتە «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن» دېيىلىپ، دىل ياكى قەلب ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان. سۈرە جاسىيە (45-سۈرە) دىكى 8-ئايەتتە «ئاڭلاشنى رەت قىلىش» دېگەن سۆز بار بولۇپ، 23-ئايەتكە كەلگەندە «ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن» دەپ، «قۇلاق» نى ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئالدۇ. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە 15 ئايەت بار. بۇ پەقەت سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ھەققىدىكى بىرلا مىسال بولۇپ، قۇرئاندا بۇنداق مىساللاردىن يەنە بىرەر مىڭى بار. يەنى، قۇرئاندا «مۆجىزە» ھېسابلىنىدىغان يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ. مەن مۇشۇ نەرسىلەرنى بىلگەندە، «بۇلارنىڭ ئىنسانىي چۈشەندۈرۈلۈشىنىڭ مەۋجۇت

بولۇشى مۇمكىن ئەمەس»، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

قۇرئان بىر بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى بىز ئۆزىمىز تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

تىلنى چوڭقۇر چۈشەنمىسىڭىز، قۇرئاننى چوڭقۇر چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئاننى تولۇق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش كۆپلىگەن ساھەدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىرى ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت. مەن يېقىنقى ئۆگەنگۈچىلەرگە ئەرەب تىلىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئۆگىتىش ئۈچۈن «ئىلاھىي نۇتۇق» (Divine Speech) دېگەن بىر دەرسنى باشلىدىم. ھەمدە ئۇنى ھازىرغىچە ئامېرىكىدا 150 قېتىمدەك ئۆتۈپ بولدۇم. ئەنگلىيەدىمۇ بىر قېتىم ئۆتتۈم. بۇ دەرس ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «ئەرەب تىلى دېگەن قۇرئان تىلى، شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك»، دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. قۇرئاننىڭ تىلىغا يەنە نۇرغۇن ئىنتايىن مۇھىم نەرسىلەر، كىشىلەرنى يۈرىكىنىڭ قېتىدىن ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. بىز ئەنە شۇ ئۇچۇرلارنى باشقىلارغا ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

## 6. بايىيناھ ئىنستىتۇتى

مەن 2005-يىلى «بايىيناھ ئىنستىتۇتى» نى قۇردۇم. ئۇنىڭ مۇنداق 2 نىشانى بار: ئۇنىڭ بىرى ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىنى بىر ئورتاق ئۆلچەم ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى-مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرۇش، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنى ئۆلچەملىك ۋە ئاسان قىلىش. مەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى قىينالدىم. ئۆزۈم ئۈچۈن ئەرەب تىلى ئۆگىنىشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئۆزۈم تېپىشقا مەجبۇرى بولدۇم. ئەڭ ئاخىرىدا ئالالاھ ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، مەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىپ چىقتىم. مەن باشقىلارغا ئەرەب تىلىنى ئۆگەتكەندە، بۇ ئىشنى بىر ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىدە تۇرۇپ قىلمايمەن، بەلكى تىل ئۆگىنىشتە قىينىلىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى سالاھىيىتى بىلەن شۇنداق قىلىمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۆزۈم ئىزدىنىپ ئىشلەپ چىققان ئەرەب تىلى دەرسلىكى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ. ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمەن.

بايىيناھ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىككىنچى نىشانى بولسا كىشىلەرنى قۇرئاندىن خەۋەردار قىلىش، ۋە ئۇلارنى قۇرئاننى قەدىرلەيدىغان قىلىش. مەيلى ئەرەبلەر بولسۇن، ياكى باشقىلار بولسۇن، ھازىر مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرئان ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ئۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن بىرلەشتۈرمەيۋاتىدۇ. قۇرئاننى چوڭقۇر چۈشىنىش دەرىجىسى بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا تۆۋەنلەپ مېڭىۋاتىدۇ. قۇرئان مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت مەن بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىش يوق. ئەگەر قۇرئان باشقىلارغىمۇ خۇددى ماڭا يەتكۈزۈلگەندەك يەتكۈزۈلىدىغان بولسا، ئۇ مەندىن باشقا مىليارلىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. مېنىڭ بايىيناھ ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشتىكى مەقسىتىم ئەنە شۇ: بارلىق كىشىلەرنى ئاشۇنداق پۇرسەتكە ئىگە قىلىش، بارلىق كىشىلەرنى ئاشۇنداق پۇرسەتكە ئاسانلا ئىگە قىلىش.

ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا، ئۇنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن يۇقىرىدىكى 2 نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىش باشلىغىلى ھازىر بىر يىلدىن ئاشتى. بۇ يولدا

قىلغان بىر ئىشىمىز «باييىناھ تېلېۋىزورى» بولدى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىلاھىي نۇتۇق» دېگەن كۆپ قىسىملىق لېكسىيەنى سىن ھۆججىتىگە ئېلىپ، ئاشۇ «باييىناھ تېلېۋىزورى» (http://www.bayyinah.tv) دېگەن تور بېتىگە قويۇپ قويدۇق. ئۇنى ھەر قانداق ئادەم ھەقسىز كۆرەلەيدۇ. ھازىرغىچە كۆپلىگەن كىشىلەر «مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئەرەبچە بىلەن قۇرئان ئۆگىنىڭ»، دەپ كەلدى. بىز بولساق «ئەرەب تىلى بىلەن قۇرئاننى ئۆگىتىش ئۈچۈن، بىز سىزنىڭ قېشىڭىزغا بارايلى»، دەۋاتىمىز.

ئاسماندىن ياغقان يامغۇرنىڭ سەۋەبىدىن رەڭگارەڭ گۈللەر چېچەكلەيدۇ. بىز ئاللاھتىن چۈشكەن قۇرئاننى كىشىلەرگە توغرا يەتكۈزەلىسەك، يامغۇر قىلىدىغان ئىشلارنى بىزمۇ قىلالايمىز.

ئۇيغاننىڭ مۇشۇ قېتىملىق «VIP Show» تېلېۋىزور پروگراممىسىدا دېگەنلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 7. ئۇيغاننىڭ يەنە بىر تېلېۋىزور پروگراممىسىدا دېگەنلىرى

مەن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى تەييارلاپ بولۇپ، ئۇيغاننىڭ باشقا لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ دىنىي يولغا قانداق قىلىپ قايتا كىرگەنلىكى، ۋە دەسلىپىدە دۇچ كەلگەن قىينىچىلىقلارنى قانداق يەڭگەنلىكى ھەققىدىكى يەنە بىر سىن ھۆججىتىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ قالغان قىسمىدا ئاشۇ يېڭى نۇتۇقتىكى يۇقىرىدا دېيىلمىگەن مەزمۇنلارنى بايان قىلىمەن. بۇ يېڭى سىن ھۆججىتىدىكىسى بىر سۆھبەتنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى ئىكەن. ئۇ سۆھبەتنى ئامېرىكىدا ئىشلىنىدىغان، ئىنگلىزچە «The Dean Show» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تېلېۋىزور پروگراممىسى ئۇيغان بىلەن ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ تورلارغا 2012-يىلى 1-مارتتا چىقىرىلىپتۇ [3]. بۇ پروگراممىدىمۇ باشقۇرغۇچى ئۇيغاندىن سوئال سوراپ، ئۇيغان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدىكەن. تۆۋەندە مەن سوئاللارنى يازماي، پەقەت ئۇيغاننىڭ جاۋابلىرىنىلا يازىمەن. بۇ سىن ھۆججىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 مىنۇت بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «بىر قېتىم دىنسىزلىشىپ، ئاندىن ئىسلامغا قايتىپ كەلگەن مۇسۇلمان» ئىكەن. «The Dean Show» دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىزچە پروگراممىا پۈتۈن دۇنياغا سىملىق تېلېۋىزور ۋە سۈنئىي ھەمراھ دولقۇنلىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرگۈچىلىرى مىليونلاپ سانىلىدىكەن [4]. بۇ پروگراممىدا بۇگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار يولۇققان مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكتور ياسىر قازى ۋە ئۇيغان بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەر خېلى كۆپ ئىكەن. مەن بۇ تېلېۋىزور پروگراممىسى ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى «مەدەنىيەت، ئىسلام ۋە بىدئەت» دېگەن ماقالىسىدىمۇ قىسقىچە توختالغان ئىدىم.




**2-رەسىم: سول تەرەپتىكىسى «The Dean Show» دېگەن تېلېۋىزور پروگراممىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئويغان.**

**ئەمدى رەسىمي مەزمۇننى باشلايمەن.**

### (1) دوستلارنىڭ تەسىرى

**بىز ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەن دىنىمىزدىن يىراقلاشتىم. بىر مەزگىل «خۇدا» دېگەن ئۇقۇمغىمۇ ئۈچ بولۇپ كەتتىم. مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ دىنىي ئېتىقادى بەك كۈچلۈك ئەمەس بولسىمۇ، داۋام نامازنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ چاغدا مېنىڭ دىن جەھەتتىن سۇسلىشىشىمغا تەسىر كۆرسەتكىنى ئاتا-ئانام ئەمەس، مېنىڭ مەكتەپتىكى ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان كىشىلىرىم بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر داڭلىق سۆزى بار: «ئادەم دوستىنىڭ دىنىغا تايىنىدۇ، شۇڭلاشقا قانداق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.» بۇ سۆزلەر مېنىڭ ھاياتىمدا تولۇق ئىسپاتلانغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ھازىر ياشلارغا مەسلىھەت بېرىشتىمۇ ناھايىتى كۆپ پايدىلىنىۋاتىمەن. ئەگەر قالايمىقان كىشىلەر بىلەن دوست بولىدىكەنسىز، سىز كەم دېگەندىمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىسىز.**

**مەن دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئاللاھ ماڭا مۇنداق 2 خىل ئىشكىنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ بىرى ئىجتىمائىي ئىشىك بولۇپ، يەنە بىرى بولسا ئەقلىي جەھەتتىكى ئىشىك. يەنى مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بىر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇ مېنىڭ دىنغا قايتىپ كېلىشىمدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئاشۇ بىر دوستۇمنىڭ سەۋەبىدىن مەن كۆپلىگەن باشقا ئېسىل مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زىيالىيلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ۋە دۇنيانى بىر ياخشىراق ماكانغا ئايلاندۇرۇش يولىدا توختىماي، ئاكتىپلىق بىلەن ھەر خىل ئىشلارنى قىلىۋاتقان كىشىلەردىن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھاياتنىڭ مەقسىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم، ھەمدە «ئۇنداق مەقسەت نەدىن كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىدىم. دىنغا يېڭىدىن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەندە ئۆز ھاياتىم ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان بىرەر**

نىشانىمۇ يوق ئىدى. باشقىلار مەندىن «سېنىڭ ئۆز ھاياتىڭ ئۈچۈن تۇرغۇزغان نىشانىڭ نېمە؟» دەپ سورىسىمۇ، مەن پەقەتلا «ئوقۇمايمەن، ئۇنداق ئىشلار توغرىسىدا كېيىنچە ئويلىشىمەن»، دېگەندىن باشقا جاۋابمۇ بېرەلمەيتتىم. مەن ھەر بىر كۈننى ئۆتكۈزسەم، شۇ ھېساب ئىدى. بىر مەۋسۇمدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە زادىلا ئويلانمايتتىم. قايسى ساھەدە ئىشلەش، ۋە قانداق خىزمەتنى تېپىش دېگەندەك ئىشلارنى ئويلاپ باقمايتتىم. ھېلىقى دوستۇم مېنى بىر رامىزان ئېيىدىكى قۇرئان ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرغاندىن باشلاپ مەندىكى ھەممە ئەھۋاللار ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

### (2) ئىلاھىيەت ۋە ئەقلىيەت

مەن ئىسلامغا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن باشقا دىنلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقمىدىم. ئەمما ئۇنىۋېرستېتتا كۆپلىگەن پەلسەپە دەرسلىرىنى تاللاپ ئوقۇدۇم. ئۇ دەرسلەر مېنى دىندىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇردى. يەنى، پەلسەپە دەرسلىرىدە دىنلار ھەققىدە سۆزلىگەندە، باشقا دىنلار مېنى ناھايىتى ھودۇقتۇردى. ئۇ دىنلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇپلا، ئۇنىڭ داۋامىنى ئوقۇغۇم كەلمىدى. يەنى ئۇلار مەن ئۈچۈن ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمىدى. سىز ئادەتتە بىر دىن ھەققىدە ئازراق ماتېرىيال كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بايقايدىكەنسىز، «ھەممە دىنلار مۇشۇنداق بولىدۇ»، دەپ ئويلاپ قالىسىز. بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئۈچۈن يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىۋېرستېتتا بىر قىسىم ئىسلام پەلسەپىسىنىمۇ ئۆگەندىم. ئۇ دەرسنى «خۇدا بار بولۇشىمۇ مۇمكىن، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ قارايدىغان بىر تارىخ پروفېسسورى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ چاغدا مەن ئىسلامدىكى ئۆزۈمنى جەلپ قىلىدىغان بىرەر نەرسىنى ئۇچراتمىدىم. ئەمما شۇ چاغدىن باشلاپ كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە «ئىسلام يالغۇز بىر ئىلاھىيەتكە تەۋە نەرسە بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئەقلىيەتكە تەۋە نەرسە ئىكەن»، دېگەن چۈشەنچە شەكىللىنىشكە باشلىدى.




3-رەسىم: ئويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.

**(3) دىنسىزلىق**

دىنسىزلىق ھەققىدە مۇنداق 2 نەرسىنى دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى، دىنسىزلىق بىر خىل ئاڭلىق قارار بولۇپ، ئۇ كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا يۈز بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى، دىنسىزلىق ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان نەرسە بولماستىن، بىر خىل پسىخولوگىيەلىك چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. روھىي ئازاب يېگەن، ھاياتتا ناھايىتى يامان ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ياكى روھىي جەھەتتىن بەك قاتتىق تەسىر قىلىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇ ئىشلارنى خۇداغا دۆڭگەپ، خۇدادىن قاتتىق نارازى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن دىنسىزلىشىپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ. يەنى، ئۇنداق كىشىلەر ئۇچۇن خۇداغا نارازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دىندىن يۈتۈنلەي قول ئۈزۈش بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇچۇن بۇ روھىي جەھەتتىكى نورمالسىزلىق. چۈنكى، يۇقىرىقىدەك سەۋەبتىن دىنسىزلىشىش يولىنى تاللىغان كىشىلەر ئۆزى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسە ئۈستىدىن بىر خىل مۇتلەق ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. ئۇلار «خۇدانىڭ مەۋجۇت بولۇشى قەتئىيلا مۇمكىن ئەمەس»، دەپ قارايدۇ. ئۆزلىرى كۆرەلمەيدىغان ياكى ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان بىر نەرسە ئۈستىدىن مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇلار «ئەگەر مەن كۆرەلمىسەم، ئۇ مەۋجۇت ئەمەس»، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇلاردىكى ئەقلىي مەسىلىنىڭ نېگىزىدىن ئىبارەت. ئۇلار پەقەت ئادەمنىڭ 5 خىل تۇيغۇسى ياكى ئىلىم-پەن مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئادەمنىڭ 5 خىل تۇيغۇسى بىلەن بىلىمنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقى، مۇھەببەت بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقى، ئەندىشە بىلەن ھېسسىياتنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقى، ۋە ئۇمىد بىلەن ئىلھامنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايدۇ. «ئۇلار بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى خىمىيىلىك ماددىلاردىن كېلىدۇ»، دەپ قارايدۇ. ئىنسانلارنى بىر مۇرەككەپ ھايۋان تۈرى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. كىشىلەردە ئۇمىدۋارلىق، ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە ئاقىۋەت تۇيغۇسى يوق بولغاندا، ئۇلار ئەڭ ۋەھشىي يامانلىقلارنى قىلالايدۇ. بىز ئۇنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

**(4) قۇرئاننى ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى**

دىنلار ھەققىدە ئىزدەنگەندە كىشىدە چوقۇم سەممىيلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەمدە سەممىيلىك بولمىسا، ئۇنى ئاللاھتىن تىلەش، ئاللاھتىن ئۆزىنى يېتەكلەشنى ئۆتۈنۈش كېرەك. مەن قىلغان 1-ئىش ئەنە شۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ قۇرئاننى ئۆگىنىشىم مەن ئۇچۇن يالغۇز بىر ئىلاھىيلىقنى ئۆگىنىش جەريانىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە يېڭى ئەقىل-پاراسەتنى ئۆگىنىش جەريانى بولدى. يەنى، مەندە بۇرۇن كۆپلىگەن دىنغا قارشى قويۇلغان سوئاللار بار بولۇپ، گەرچە مەن ئۇ سوئاللارنى ئوچۇق سورىمىغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇرئان بىر-بىرلەپ جاۋاب بەردى. بۇرۇن كۆڭلۈمدە كۆپلىگەن چىگىشلەر بار ئىدى. ئەمما قۇرئاننى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇ چىگىشلەر بىر-بىرلەپ يېشىلىپ كەتتى. قۇرئان كۆڭلۈمدىكى ھەممە گۇمانلارنى يوق قىلىۋەتتى.

قۇرئاننى يېڭى ئۆگەنگەندە، مەن ئۇچۇن بىر ئەۋزەللىك قوچاق ئاچتى. ئۇ بولسىمۇ، پۈتۈن ئۆمرىنى قۇرئان ئۇچۇن سەرپ قىلغان بىر ئۆلىما ماڭا قۇرئاننى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ ماڭا بولغان ياردىمى بەك چوڭ بولدى. قۇرئاننى ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ، ئاللاھنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ. ئەمما، قۇرئاندىكى ئايەتلەر كونتېكىستىكە مۇناسىۋەتلىك، ياكى

باش-ئايىغى ماسلاشقان بولغاچقا، قۇرئاننى ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ، قايمۇقۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىنى يامان غەرەزلىك كىشىلەرمۇ كۆپ پايدىلىنىپ كېتىدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئاندىكى بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى ئۈزۈپ ئېلىپلا ئۇنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن خاتا ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان ئۆگىنىشتە ئايەتلەر ئارا باغلىنىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مەن ئۇ جەھەتتە بىر ئوقۇتقۇچىدىن ناھايىتى كۆپ ياردەملەرگە ئېرىشتىم. ئاشۇ ئوقۇتقۇچى ماڭا پۈتۈن قۇرئاننى باش-ئايىغىنى ماسلاشتۇرغان ئاساستا چۈشەندۈرۈپ قويدى. ماڭا قۇرئاننى ئاشۇنداق بىر تەرىقىدە ئۆگەنگىلى ھازىر 9 يىل بولدى.

مەن دەسلەپتە ئەرەب تىلى ئوقۇغۇچىسى بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامدىكى «تەفسىر ئىلمى» دېگەن بىر ئالاھىدە كەسىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدۇم. بۇ قۇرئاننى بىر پەننىي نۇقتىدىن، ياكى بىر زىيالىيلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئۇنى ئىسلامدىكى «سۈننەت» دېگەن يەنە بىر مۇقەددەس مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كەسىپ ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئاشۇ ساھەلەرنى ئۆگەندىم. بۇ كەسىپ مېنى دىنىمىزغا ئېلىپ كىردى. مېنى ئىمان ئېيتىشقا ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاشۇ ساھەگە چوڭقۇر چۆكتۇم. ئىسلامدا ئۆگىنىدىغان يەنە فىقھ (ئىسلام قانۇنلىرى) ۋە ئەقىدە قاتارلىق باشقا نۇرغۇن نەرسىلەر بار. مەن ئۇ ساھەلەردىكى بىلىملەرنى ئۆزۈمنىڭ ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك دەرىجىدىلا ئۆگەندىم. مېنىڭ بىر كەسىپ قىلىپ تۇرۇپ شۇغۇللانغىنىم كىلاسسىك ئەرەب تىلى تەتقىقاتى بىلەن قۇرئان تەتقىقاتىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەلا بولدى.

دەسلەپكى بىر قانچە يىل ئىچىدە مەن قۇرئان بىزگە يەتكۈزىدىغان مەلۇماتلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. يەنى ئۇنىڭدىكى تەلىماتلارنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشتىم. بۇ قۇرئاننى بىر كەڭ دائىرە نۇقتىسىدىن ئۆگىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى 4 يىلنىڭ مابەينىدە مەن دىققىتىمنى «قۇرئاندىكى مۆجىزىلىككە ياتىدىغان نەرسىلەر قايسىلار؟» دېگەن نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردۈم. يەنى، مەن دەسلەپىدە قۇرئاندىكى مەلۇماتلارنى چۈشىنىش يولىدا تىرىشقان بولسام، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنى بىلىۋېلىش يولىدا تىرىشتىم. مەن قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنى ئۆگىنىشنى يېڭى باشلىغاندا، خۇددى ئۇنىڭدىن بۇرۇن قۇرئاننى ئازراقمۇ ئۆگىنىپ باقمىغاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئالLAھ ماڭا قۇرئاننى بىر پۈتۈنلەي يېڭىچە چوڭقۇرلۇقتا چۈشىنىش ئىشكىنى ئېچىپ بەردى.

ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۆزىنى دىنىمىزغا پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلارنى چۈشىنىش دەرىجىسىگىچە ئۆرلىيەلەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنى تولۇق چۈشىنەلىشى ناتايىن. پەقەت بىر ئادەم مەقسەتلىك ھالدا قۇرئاندىكى مۆجىزىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا، ئاندىن ئۇ مۆجىزىلەرنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

### (5) يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرگە تەۋسىيە

مېنىڭ دىننى يېڭىدىن ئۆگىنىشنى باشلىغان ياشلارغا بېرىدىغان 1-تەۋسىيەم: دوستنى توغرا تاللاڭ. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز دىنغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، سىز تۇتقان يولنى قوللايدىغان كىشىلەر بولسۇن. سىز ئۇنداق دوستلارنى مەكتەپ ئىچىدە، ۋە سىز تۇرۇۋاتقان يەردىكى مەسچىتتە تاپالىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزىڭىزنىڭ ئىمامىنى دوست تۇتۇۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۆزىڭىز

تەۋە بولغان جامائەت ئىچىدىكى سىزگە ئۈلگە بولالايدىغان، ئۆزىڭىز بىللە ئىش قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەرنى تېپىپ، شۇلار بىلەن دوست بولۇڭ. بۇ ئىش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى يۇقىرىدىكى ھەدىستە دېيىلگىنىدەك، بىزنىڭ دىنىمىزنى بىزنىڭ كىملەر بىلەن دوست بولۇشىمىز بەلگىلەيدۇ. دوستلىرىڭىز ياخشى بولىدىكەن، سىز دىنىڭىزنىمۇ ياخشى ئېلىپ مېڭىپ، ئەقىل جەھەتتىن ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايسىز. دوستلىرىڭىز ئۆزىڭىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىزگە ياردەم قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر سىز سەمىمىي بولىدىكەنسىز، ئۇلار سىزگە ياردەم قىلالايدىغان كىشىلەر ۋە باشقا مەنبەلەرنى دەپ بېرەلەيدۇ. مەن ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققان. قىسقىسى، مېنىڭ ياشلارغا بېرىدىغان 1-تەۋسىيەم: دوستلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

ئەگەر سىز ھەر كۈنى ئوخشاش جەرياننى تەكرارلاپ ياشايدىكەنسىز، سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىز پەقەت بىر كۈنگىلا تەڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھاياتىڭىزدا ھېچ قانداق بىر يېڭىلىق ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغان بولۇپ، سىز ئاساسەن ئۆزىڭىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز. ھەرگىزمۇ «بۇ دۇنيادىكى ھەممە ۋاقىت مېنىڭ قولۇمدا»، دەپ ئويلىماڭ. بىزنىڭ ۋاقتىمىز، ياكى بىزنىڭ سائىتىمىز بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۆزىڭىزدە بىر جىددىي ھالەت تۇيغۇسى ھاسىل قىلىپ، دوستلارنى توغرا تاللاپ، دىن ئۈستىدە سەمىمىي ھالدا ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا يېتەكلىنىشىگە ئىنتىلىپ بېقىڭ.

يېقىندا ئەل-مەغرىب ئىنستىتۇتى (ياسىر قازى ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپ – ئاپتوردىن) ۋە باشقا ئورۇنلار بىر قىسىم ياخشى پروگراممىلارنى باشلىدى. ئىسلام تەتقىقاتى پروگراممىلىرىنى باشلىدى. ئاشۇنداق پروگراممىلارنى تېپىپ، دەرس تاللاڭ. ھازىر مەن قۇرغان بايىيناھ ئىنستىتۇتى بىلەن ئەل-مەغرىب ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بايىيناھنىڭ ئاساسىي نىشانى ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى-مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. مېنىڭ ئۇ مەكتەپنى قۇرۇشتىكى مەقسىتىم، مەن ئۆزۈم بىر ئىنتايىن قىيىن جەريانلارنى بېسىپ ئاندىن ئەرەب تىلى ۋە دىننى ئۆگىنەلىدىم. مەن باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشتە مەن بىلەن ئوخشاش قىيىن مۇساپىنى بېسىشقا مەجبۇرى بولۇشنى خالىمىدىم. مەن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆزۈم بىر ئۆگەنگۈچى بولۇش سالاھىيىتىدە تۇرۇپ، ئەرەب تىلى ئۆگىنىش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتىم. مېنىڭ مەقسىتىم كىشىلەرگە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشنىڭ بىر ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. گەرچە ئەرەب تىلى بىر ناھايىتى مۇرەككەپ تىل بولسىمۇ، ئەگەر سىزدە ئۇنى قۇرئاننى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش نىيىتى بار بولىدىكەن، مەن ئۇنى ئۆگىنىش بىر مۆجىزىگە ئوخشاش ئاسان، دەپ جاكارلىيالايمەن. بۇ جەريانغا ئەمەلىيەتتە بىر ئىلاھىي كۈچ ياردەم قىلىدۇ. بىز ھازىرغىچە ئامېرىكىدىكى 72 جامائەتتىكى 8000 ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈپ بولدۇق. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تور بېتى «bayyinah.com» بولۇپ، قاچان قانداق دەرسلەر ئۆتۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشۇ توردىن تاپالايسىز.




**4-رەسىم: سۆھبەتنىڭ نەق مەيداندىن يەنە بىر كۆرۈنۈش.**

## (6) دىنسىزلارغا تەۋسىيە

**مېنىڭ دىنسىزلارغا بېرىدىغان سەممىي تەۋسىيەم: ئەگەر سىز بىر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقىغا كۆڭلىڭىزدە ئازراق بولسىمۇ ئىشىنىدىكەنسىز، ئاشۇ ئېھتىماللىق ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ باقماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىپ قويۇڭ. ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىزغا قارىتا، ئۆزىڭىزنىڭ بىر ياخشى ئادەم بولۇشىغا قارىتا تەۋەككۇللۇك قىلىشقا رازى بولۇپ، «مۇشۇ ھاياتتىن باشقا ھايات يوق، مېنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ھېچ كىم يوق، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى سوراق قىلىدىغان ھېچ كىم يوق، شۇڭا ھاياتىمنى ئۆزۈم خالىغان بويىچە ياشايمەن»، دەپ ئۆز-ئۆزىڭىزگە كاپالەت بېرەلەيدىكەنسىز، سىز شۇنداق قىلىۋېرىڭ. ئاللاھ سىزنى ئۆزىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەگەر كۆڭلىڭىزدە «ئاللاھنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بار، ئۇ مېنى ھىدايەتكە باشلىغان، ئۇ مەندىن بىر قىسىم ئۆمىدلەرنى كۈتىدۇ» دەيدىغان كىچىككىنە ئىدىيە بار بولۇپ، سىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق يولىنى تاللىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ئاللاھ ئەمەس، سىز ئۆزىڭىز مەسئۇل بولىسىز. شۇڭلاشقا سىز باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىز ئۈچۈنلا ئاشۇنداق كىچىككىنە مۇمكىنچىلىككە سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئىلاھىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىڭ. ھەممە ئەڭ ئاخىرىدا پېتەكلىنىشنى تىلەڭ.**

**بىز مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشىنىشچە، بىزنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىمىز ئاللاھقا يېتىپ بارمايدۇ، ياكى بولمىسا بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى يېتەكلىيەلمەيمىز. بىزنىڭ ئەقلىي قۇدرىتىمىز مەلۇم بىر پەللىگىچىلا ئۇنۇم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئىلاھىي كۈچ رول ئويناپ، بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئاچىدۇ، بىزگە بىر خىل تىنچلىق ۋە ئاسانلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر ئېتىقادنى تاپىسىز. دېمەك، بىز باسىدىغان مۇساپىنىڭ بىر قىسمى ئەقلىيەت ياكى زىيالىيلىق (intellectual) مۇساپىسى بولۇپ، قالغان بىر قىسمى بولسا ئىلاھىيەت (sipiritual) مۇساپىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەن دىنسىزلار ئۈچۈن ئىلاھىيەت ھەققىدىكى بىرەر نەرسىنى قوبۇل قىلىش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، سىز كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ھازىرغىچە سىز چوقۇم ئىلاھىيەتكە ياتىدىغان بىرەر ئىشنى ئۆز**

بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقqan. شۇڭلاشقا سىز كەمتەر بولۇپ، ئىچىڭىزدە لوگىكىلىق ياكى راتسىئونالللىققا تولۇق ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ. بىز ماشىنا ئەمەس، بىز ئىنسان. بىزدە ھېسسىيات بار، ۋە بىزدە ئىلاھىيلىق بار. شۇڭلاشقا سىزدىكى ئىنسانلىقنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ پەرۋەردىگارىنى تېپىۋېلىشىغا يول قويۇڭ.

ئويغاننىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان 4 چوڭ قىيىنچىلىق ھەققىدە
http://bbs.bagdax.cn/thread-43860-1-1.html

[2] VIP Show
https://www.youtube.com/watch?v=Vqc6eEJDNZc

[3] The Deen Show S02E07
https://www.youtube.com/watch?v=5p0Cf1JYWoo

[4] http://www.thedeenshow.com/

# تۆزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلار

**2016-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى**

مەن ئالدىنقى 2 پارچە ماقالىدە تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان 4 چوڭ قىيىنچىلىق، ۋە «ئويغان» نىڭ ئاشۇ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە قوللانغان ئۇسۇللارنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. دىنىمىز بىر ئۇلۇغ دىن بولۇپ، ئەگەر ئۇ توغرا چۈشىنىلگەن ۋە توغرا قوللىنىلغان بولسا، مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئائىلە، جامائەت، جەمئىيەت، مەملىكەت ۋە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ دائىرىدىكى ماكانلارنىڭ ھەممىسى ياشاشنىڭ ئەڭ گۈزەل ماكانىغا ئايلانغان بولاتتى. مۇسۇلمان بولۇپ ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆنىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق، پەقەت بولمىدى، دېگەندىمۇ باشقىلارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بولغان بولاتتى. ئەمما ھازىرقى رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. مۇسۇلمانلار دىن ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى توغرىلىمىسا ۋە چوڭقۇرلاشتۇرمىسا، ھەمدە نىيىتى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىنى پاكلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ساقلانغان مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. شۇڭلاشقا مەن كېيىنكى بىر قانچە پارچە ماقالىدە ھازىر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

مەن بۇ قېتىم «ئويغان» نىڭ يۇتيۇب (YouTube) تىكى «ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە» دېگەن تېمىدىكى بىر دوكلاتنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ دوكلات 2015-يىلى 12-فېۋرالدا دۇبەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق تىنچلىق چوڭ يىغىنى» (International Peace Conference) دا سۆزلەنگەن بولۇپ [1]، ئۇنىڭ مەزمۇنى 3 قىسمىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 1-قىسمىدا ئويغان 19 ياشقا كىرگەندىن كېيىن دىننى قايتىدىن ئۆگىنىشنى باشلىغاندا يولۇققان قىيىنچىلىقلار بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇننى «تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان 4 چوڭ قىيىنچىلىق ھەققىدە» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. ئۇنىڭ 2-قىسمىدا ئويغان مەن مەزكۇر يازمىدا تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ 3-قىسمى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش ھەققىدە بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇنلارنى كېيىنكى بىر يازمامدا تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ يازىدىغىنىمنىڭ ھەممىسى ئويغاننىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم قىستۇرۇپ قويىمەن.




**1-رەسىم: ئويغان 2015-يىلى 12-فېۋرالدا دۇبەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق تىنچلىق چوڭ يىغىنى» دا دوكلات بېرىۋاتقان ۋاقتىتىكى بىر كۆرۈنۈش.**

**تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ دېگەنلىرى.**

**بىرىنچى مەسىلە مېنىڭ ئۆز كاللامدا مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئۇ مەسىلىنىڭ گۇناھىنى ئۆزۈمگىمۇ قويىمەن، ھەمدە ئۈممەتلەرگىمۇ قويىمەن. ئىسلام، مۇسۇلمانلار ۋە ئۈممەتلەر ئىسلامنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەشۋىق قىلىش ئىشىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بارالمىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ئىسلامغا نىسبەتەن سەلبىي كۆز-قاراشتا بولىدىكەن، بىز ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ئىشىنى ياخشى قىلالمىغان بولىمىز. بىزدە كەمچىل نەرسە بار، بىزدە خاتا نەرسە بار.**

**قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەت بار: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت بىلەن تەكلىپ قىلغىن [16:125]». ئەگەر بىز ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلمايدىكەنمىز، كىشىلەرنى ئىسلامغا يېقىنلاشتۇرماي، ئۇلارنى ئىسلامدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىمىز. كىشىلەرنى ئىسلامغا ئەقىل-پاراسەت بىلەن دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئاللاھ قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت. بىز قۇرئاندا دېيىلگەن ئۇسۇلنى قوللانماي، ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. شۇڭلاشقا بىز ھازىرغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالماي كەلدۇق. بىز ئىشلىتىۋاتقان ئۇسۇل ئەقىللىق ئۇسۇلمۇ ئەمەس.**

**ئىلاۋە: يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىكەن: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [16:125].»**

**تۆۋەندە مەن مۇسۇلمانلار ھازىر سادىر قىلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.**

## 1. مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈش

بىز داۋاملىق «ماۋۇ گۇرۇھ بىلەن ئاۋۇ گۇرۇھ؛ ماۋۇ شەيخ بىلەن ئاۋۇ شەيخ؛ ماۋۇ ئىدىيە بىلەن ئاۋۇ ئىدىيە؛ سەن مانى دېدىڭ، يەنە بىر شەيخ ئانى دېدى»، دەپ سۆزلەيمىز. بەزى ئادەملەر «مەن ئىسلام ھەققىدە سۆزلەيمەن»، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دەيدىغىنى پەقەتلا يەنە بىر ئادەمنىڭ دېگەنلىرىنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدىلا بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ئۇممەتلەرنى ئۆزى يالغۇز قوغداپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ھازىر مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلىۋالغان بىر سۈننىتى بار، ئۇ مۇنداق: باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە خاتالىق بار. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئەمەس، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سۈننەت. مەن سىلەرگە شۇنداق كاپالەت بېرەلەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش مىكروفوننىڭ ئالدىدا سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى بىز ئىنسان. ئەگەر سىز بىزدىن خاتالىق ئىزدىسىڭىز، مەن سىزگە شۇنداق كاپالەت بېرەلەيمەنكى، سىز چوقۇم بىزدىن خاتالىق تاپالايسىز. چۈنكى بىز ئىنسان. سىز بىزدىن بىرەر خاتالىقنى تېپىۋېلىش بىلەن بىرەر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ قالمايسىز. ئۇ پەقەتلا سىزدە بىكار ۋاقتىنىڭ كۆپلۈكىنى، ھەمدە سىز ئۇ ۋاقىتلارنى ئىجابىي ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، بېرىپ ئاپىڭىزغا ياردەم قىلغىنىڭىز ياخشى. سىز پەقەت باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تېپىپ چىقىش بىلەن بىرەر تۆھپە يارىتالمايسىز. ئاشۇنداق ئىشلار ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئېنېرگىيىسىنى ئىسراپ قىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

## 2. باشقىلارنى باھالاشقا ئامراق كېلىش

بۇ ئاقىلانە ئىش ئەمەس، بەلكى زەھەرلىك ئىشتۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى باھالىشى ئاللاھنىڭ باھالىشىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە «سەن دوزاختا كۆيىسەن»، ياكى «ماۋۇ ھارام»، دەيدۇ. گەرچە ئۆزلىرىدە ھېچ قانداق سالاھىيەت بولمىسىمۇ، ئۇنى ھارام، بۇنى ھارام، دەيدۇ. مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى مەن شەيخ ئابدۇلناسىر بىلەن كەچلىك غىزا يەۋاتقان ئىدىم. بىز بىلەن بىر ئۇستەلدە غىزالىنىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە 20 ياشلار ئەتراپىدىكى يەنە بىر قانچە ياشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ قىسقا ساقىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتنىڭ بولسا ئۇزۇن ساقىلى بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ساقاللىق ئۇكىمىز قىسقا ساقاللىققا قاراپ: «دوستۇم، سىزنىڭ يۈزىڭىز ھارام. سىز ساقالنى ئۇزۇنراق قويمىسىڭىز بولمايدۇ»، دەپ، ئۇ يىگىتنى ئوڭايسىزلاندۇردى. ئىسلامدىكى فىقھ ياكى ئىسلام قانۇنلىرى مەسىلىسىگە كەلگەندە، مەن ھەرگىزمۇ ئېغىز ئاچمايمەن. چۈنكى مەن بىر فەقىھ (ئىسلام دىنى ئادۋوكاتى) ئەمەس، ياكى مەن بىر زىيالىيمۇ ئەمەس. ئەمما شەيخ ئابدۇلناسىر بىر فەقىھ بولۇپ، ئۇ دەسلىپىدە يۇقىرىدىكى سۆھبەتنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇرالماي، ھېلىقى ئۇزۇن ساقاللىق يىگىتتىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

--ئۇكام، ئاشۇنداق گەپ قايسى ھەدىس كىتابىدا بار ئىكەن؟

--ئۇ قانچىنچى باب ئىكەن؟

--ئۇنىڭ رەبىي كىم ئىكەن؟

--ئۇ ھەدىسنى كىم رىۋايەت قىلىپتىكەن؟

--ئۇنى كىمگە رىۋايەت قىلىپتىكەن؟

--ئۇنى ساھابىلەر قانداق چۈشىنىپتىكەن؟

--ئۇنى 1-ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرى قانداق چۈشىنىپتىكەن؟

--ئۇنى ئىمام بۇخارىنىڭ ئۆزى قانداق چۈشىنىپتىكەن؟

--ئوخشىمىغان ئىسلام مەزھەپلىرى ئۇ ھەدىسنى نېمە دەپ ئىزاھلاپتىكەن؟

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۇزۇن ساقاللىق ئۇكىمىز شەيخ ئابدۇلناسىرغا «سىز مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇۋاتىسىز، ئۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز»، دېدى. شەيخ ئابدۇلناسىر ئۇنىڭغا: «شۇنداق، مەن سىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇۋاتىمەن، چۈنكى سىز ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇۋاتىسىز»، دېدى.

سىزدە ھېچ قانداق سالاھىيەت بولمىسىمۇ، سىز بىر ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ياكى ھالالغا، ياكى بولمىسا ھارامغا چىقىرىسىز. نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بەلگىلەيدۇ، سىز بەلگىلىمەيسىز. كىمنىڭ دوزاختا كۆيىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ توغرا يولغا باشلانغانلىقىنى، ۋە كىمنىڭ يولدىن ئازغانلىقىنى سىز قارار قىلمايسىز. خۇددى يۇقىرىدىكى ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، ئۇنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. كىمنىڭ دوزاخقا كىرىپ، كىمنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى پەقەت ئاللاھلا قارار قىلىدۇ.

بىز باشقىلارغا باھا بېرىشكە، باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم پىچىشقا بەكلا ئامراق. بىز كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئۇلار ھەققىدە ناھايىتى تېزلا قارار چىقىرىمىز. بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئىش. ئىسلامدا باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم پىچىش پەقەت ئاللاھقىلا تەۋە ئىش بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. بىزدە ئۇنداق ھوقۇق يوق.

ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئۇ ئىشنى خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق جەزملەشتۈرەلىسىڭىز، ئۇنى توغرا ئۇسۇلدا كۆرسىتىپ بېرىشىڭىز، ۋە توغرا ئۇسۇلدا تۈزىتىشىڭىز كېرەك. بەزىدە ئۇنى سىز تۈزەتمەي، باشقا بىرى تۈزىتىشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشتىمۇ ئەقىل-پاراسەتنى ئىشقا سېلىش كېرەك. بەزىدە بىر ئىشنى سىز تۈزەتسىڭىز، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر مەن دادامنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتمەكچى بولسام، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. مەن ئاپامغا دەپ، ئاپام دادامغا دېسە، مەن بالاغا قالمايمەن. يەنى، ھەر بىر ئىشتا بىز ئەقىل-پاراسەتنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ھەر قېتىم ئىشلارنى ئۆزىمىز بىۋاستە قىلساق، ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ. بىز ئەقىل ئىشلىتىشىمىز كېرەك.

## 3. قۇرئان ۋە سۈننەت ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ تېيىز بولۇشى

بەزى خۇتبىلەرگە بارسىڭىز، ئىمام 30 ئايەت، 20 ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ تىلغا ئالىدۇ. ھەر بىر ئايەتكە پەقەت بىر قانچە سېكۇنتلا ۋاقىت بېرىدۇ. بىر ئايەتتىن يەنە بىر ئايەتكە، بىر ھەدىستىن يەنە بىر ھەدىسكە ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ۋاقىت ئىنتايىن

قىسقا بولىدۇ. بۇنداق قىلىق ساغلام قىلىق ئەمەس. قۇرئاندىكى ھەر بىر ئايەت، ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر ھەدىسى بىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئەگەر سىز ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى كۆپ ماتېرىيالنى بېرىۋېتىدىكەنسىز، مەن ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئۆزۈمگە يۇقتۇرالمايمەن. ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ. مەن بۇگۈنكى يىغىلىشتا بىر سائەتتىن كۆپرەك سۆزلەيدىغان بولۇپ، ئاشۇ جەرياندا پەقەت بىرلا ئايەتنى چۈشەندۈرىمەن. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئاشۇنداق دىققىتىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز ئۇ ئايەت ئۈستىدە ئويلانمىساق بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۈستىدە چوڭقۇر چۈشەنچە بەرمەيدۇ. ئەگەر سىز بىر نەرسىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئۇنى ئاسانلا خاتا چۈشىنىۋالىسىز. تېيىز چۈشەنچە چاتىقى بار چۈشەنچە بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلامدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەق ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر كاللىسىدا مەلۇم بىر كۆز-قاراشنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ. مەسىلەن، «ئاياللار ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ»، دېگەندەك. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئاشۇنداق بىر ئىدىيە ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر قانچە ئايەت ۋە بىر قانچە ھەدىسنى ئۆزۈپ ئېلىپ، نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىغا دەلىل كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇقۇم ئالدىدا كېلىپ، ئاندىن ئايەتلەر ئۇنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارىتىشتىن بۇرۇن كاللىمىزدا ھېچ قانداق بىر قىياسنى شەكىللەندۈرۈۋالماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ قانداق ئويلىشىمىز كېرەكلىكىنى قۇرئان بەلگىلىشى كېرەك. قۇرئاندىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە قانداق ئويلاشنى بىز ئۆزىمىز قارار قىلماسلىقىمىز كېرەك. يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش كىشىلەرنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئالدى بىلەن «بىز غەيرى-مۇسۇلمانلارنى مۇنداق، مۇنداق قىلىشىمىز كېرەك»، دەپ، ئاندىن 100 ھەدىس، 50 ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئۇنداق قىلىش ناھايىتى ئاسان. مەن ئاشۇنداق قىلغانلارنى كۆرگەن. ئەمما ئۇنىڭدا ئېغىر مەسىلە بار. بىر قىسىم ياشلار ئاشۇنداق نۇتۇقنى ئاڭلىغاندا، «ماۋۇ كىشى شۇنچە كۆپ ئايەت، شۇنچە كۆپ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنى چوقۇم راست»، دەپ ئويلاپ، تەلۋە (crazy) ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ھېلىقى ئادەمنىڭ قىلغىنى ئالدى بىلەن خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تەتقىقات ئالدىدا كېلىپ، يەكۈن كەينىدە كېلىدۇ. ئالدى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن بىر خۇلاسە يەكۈنلەپ چىقىرىلىدۇ. ناھايىتى كۆپ ئايەتلەر ۋە ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر نەقىل ئېلىنغانلىقتىن، يۇقىرىقىدەك نۇتۇقلار ئىسلامغا ناھايىتى باي نۇتۇقتەك ئاڭلىنىدۇ. ئەمما، ئاشۇنداق نۇتۇقنى سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ قوللانغىنى ئىسلامغا زىت كېلىدىغان ئۇسۇلدۇر. ئۇلارنىڭ قىلغىنى ئۆز ئىدىيىسىنى ئالدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ يورۇقلىرىغا ئايەتلەرنى تىقىپ كىرىشتۈرگەن بىر نەرسىدۇر. ئۇلار ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمۇ «ئىسلام» دۇر.

بىز بۈگۈنكى كۈندە ئاڭلايدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى نامىدىكى گەپلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىغا قىلىنغان ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ گەپلەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن نەرسە قۇرئاندىكى

مەنالارنىڭ دەل ئەكسىچە. ئاشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش ھەقىقەتەنمۇ بىر ئازابلىنارلىق ئىش.

## 4. ئۆزىنى تويپتىن ئايرىپ تۇرۇش

بەزىلەر «ھەقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلاردىن بىزدىن باشقىسى يوق. ئەگەر ئۆزۈڭنى قوغدىماقچى بولساڭ، باشقا ھېچ كىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما. ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالساڭ، سەن ئازدۇرۇلىسەن. سېنىڭ جەننەتكە كىرگۈڭ بارغۇ؟ جەننەتكە كىرىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مېنىڭ خانىقارىمدا تۇرۇش، پەقەت مېنىڭ گېپىمنىلا ئاڭلاش. قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئازدۇرۇلغان»، دەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى تۆزۈۋالغان «ئازدۇرۇلغان ئۆلىمالار» تىزىملىكىدىكى ئىسىملارنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا ھەممە كىشىلەردىن ئايرىم تۇتىدۇ. ئۆزلىرىنى ئۆز ئائىلىسىدىكى باشقا كىشىلەردىنمۇ ئايرىم تۇتىدۇ. «مەن ئۆيۈمدىكىلەر بىلەن ئارىلاشمايمەن، چۈنكى ئۇلار ھەق يولدا ئەمەس»، دەيدۇ. ئاشۇنداق قىلىپ، دىنىنى خاتا ھالدا قوللىنىپ، كىشىلەرنى ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۆز جامائىتىدىن، ۋە ئۆز جەمئىيىتىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ھازىر ئامېرىكىدا ئاشۇنداق قىلىۋاتقان كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە باشقىلار بىلەن دوست بولۇشنىڭ ھەممىسى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئامېرىكىدا قۇرۇلغىلى 40 يىل بولغان بەزى مەسچىتلەر بار بولۇپ، ئاشۇ مەسچىتكە قوشنا ئولتۇرغان ئامېرىكىلىقلار يېنىدىكى بىنانىڭ بىر مەسچىت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، مەسچىتتىكى كىشىلەر باشقىلارنى «كۇففار» دەپ، ئۆزلىرىگە يېقىن يولاتمايدۇ. بۇنداق چۈشەنچە نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى كىشىلەرنى چەتكە قاققان بولسا، بىز بۈگۈن شاھادەت ئېلىپ (taking shahada)، مۇسۇلمان بولمىغان بولاتتۇق. مېنىڭ دادامدىن 5 ئەۋلاد بۇرۇن ياشىغان بوۋام بىر بۇددىست ئىكەندۇق. ئۇنىڭ ئوغلى مۇسۇلمان بولۇپتىكەن. يەنى، شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا «سەن بىر نىجىس ئىكەنسەن» دەپ مۇئامىلە قىلماي، ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئالغانىكەن. ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا بىر ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغانىكەن. بىزنىڭ دىنىمىز بىزگە غەيرى-مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈشنى ئۆگەتمەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز بارلىق ئىنسانلارغا غۇرۇر ياكى ئىززەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ئاللاھ «بىز ئادەمنىڭ باللىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز»، دەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە باللىرىغا ھۆرمەت ئاتا قىلغان. سىزنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ھوقۇقىڭىز يوق. سىز باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەي، ئاندىن «ماڭا ئىسلام ئاشۇنداق ئۆگەتكەن»، دەمسىز؟ بۇنداق قىلىش ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنىڭ قارىمۇ-قارشىسىدۇر.

ئويغاننىڭ دوكلاتىنىڭ مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن كېلەر قېتىم «ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش» ھەققىدە توختىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] In Need of Wisdom**
**https://www.youtube.com/watch?v=mX1oRcMbLzA**

# ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە

**2016-يىلى 2-ئاينىڭ 26-كۈنى**

«كىشىلەر داۋاملىق ھالدا ئۇممەتلەرنىڭ مەسىلىسى سىياسىي مەسىلە، ئىقتىسادىي مەسىلە، ئىجتىمائىي مەسىلە، ۋە مائارىپ مەسىلىسى، دەيدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق دېمەيمەن. بەلكى مەن ئۇممەتلەرنىڭ مەسىلىسى ھېكمەت مەسىلىسى، يەنى ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ۋە ئىشلارنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن قىلىش مەسىلىسى، دەيمەن. بىزدىكى رېئال مەسىلە ئەنە شۇ.»

يۇقىرىدىكىسى «ئويغان» نىڭ دېگەن سۆزلىرى. ئويغان ئۇ سۆزلەرنى 2015-يىلى 12-فېۋرالدا دۇبەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق تىنچلىق چوڭ يىغىنى» (International Peace Conference) دا دوكلات بەرگەندە دېگەن بولۇپ [1]، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر سائەت 22 مىنۇتلۇق دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى جەمئىي 3 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 1-قىسمى ئويغان 19 ياشقا كىرگەندىن كېيىن دىننى قايتىدىن ئۆگىنىشنى باشلىغاندا يولۇققان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇننى «تۇغۇلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان 4 چوڭ قىيىنچىلىق ھەققىدە» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. ئۇنىڭ 2-قىسمى مۇسۇلمانلار ھازىر تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇنلارنى ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىمدىكى «تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلار» دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. ئۇنىڭ 3-قىسمى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش ھەققىدە بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇنلارنى مەزكۇر يازمامدا تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ يازىدىغىنىمنىڭ ھەممىسى ئويغاننىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم قىستۇرۇپ قويىمەن.

## 1. قۇرئاندىكى ھېكمەت

بۈگۈن بىز قۇرئاندىكى بىر قىسىم ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىمىز. مەن نەقىل كەلتۈرىدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى سۈرە نەھلدىكى ئايەتلەر بولۇپ، مەن سۆزۈمنى تۆۋەندىكى بىر ئايەتتىن باشلايمەن:

«ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن قاغجىراپ قالغان زېمىندا (تۈرلۈك زىرائەتلەرنى) ئۈندۈردى، بۇنىڭدا (ۋەز-نەسىھەت) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار [16:65].»

«ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى،

(يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار [6:99].»

بۇ ئايەتتە ئاللاھ «ئاسماندىن يامغۇر سۈيى چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل زىرائەتلەر ئۈنىدۇ، ۋە ھەر خىل يېمىشلەر بولىدۇ»، دەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر سۈيى چۈشۈرمىگەن بولسا، بۇ يەر يۈزىدە ھاياتلىق بولمايتتى. گەرچە ئاسماندىن چۈشكەن سۇ ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۈچى بىلەن يەر يۈزىدە ھەر خىل ئوخشىمىغان ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى دېھقانچىلىق ئېتىزلىقلىرىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوسۇل بېرىشى ئۈچۈن، سۇدىن باشقا يەنە دېھقانلار ئېتىزلىقلاردا ئىشلەپ، ئۆسۈملۈكلەرنى پەرۋىش قىلمىسا بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سۇ بولمىسا بولمايدۇ، ئەمما سۇ بار بولۇشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، دېھقانلارمۇ ئىشلىمىسە بولمايدۇ. ئۈزۈم ۋە خورما دەرەخلىرى ئۈچۈن پەقەت يامغۇر سۈيىلا يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، ئۇلارغا يەنە باغۋەنلەر پەرۋىش قىلمىسا بولمايدۇ. قىسقىسى، ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە يېمىش دەرەخلىرى ئۈچۈن يالغۇز سۇلا كۇپايە قىلمايدىغان بولۇپ، ئۇلارغا دېھقانلار ۋە باغۋەنلەر پەرۋىش قىلمىسا بولمايدۇ.

يەر يۈزىدىكى بەزى ئورمانلىقلارغا بارسىڭىز، ھەر خىل دەرەخلەرنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېمىش بېرىدۇ. يەنى ئۇلار دېھقانلار ياكى باغۋەنلەر پەرۋىش قىلمىسىمۇ يېمىش بېرىدۇ.

دېمەك، بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەقەت سۇ بولسىلا ئۆزلۈكىدىن مېۋە بېرىدۇ، ئەمما يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكلەر بولسا سۇ ۋە پەرۋىشچىلەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاندىن مېۋە بېرىدۇ.

مېنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالنى مىسالغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش، ياكى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشقا بېرىپ تاقىلىشىدىندۇر. يەنى، بىز بۈگۈن قۇرئاندىكى بەزى ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىمىز.

ئوخشاش سۈرىنىڭ ئىچىدە ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق [16:64].»

ئىلاۋە: ئويغىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاللاھ 99-ئايەتتىكى «ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى» دېگەن بىلەن يەر بىلەن 64-ئايەتتىكى «كىتابنى نازىل قىلدى» دېگەن يەردە ئوخشاش بىر ئەرەبچە سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچىدىكى «sent down»، يەنى «ئاسماندىن چۈشۈردى» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش ئىكەن.



**1-رەسىم: يامغۇر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئورمانلىق.**

**ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ يەردە بولسا قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. يەنى ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن يامغۇر سۈيىگە سېلىشتۇرىدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ كېتىدۇ. يەر يۈزى بۇرۇن ئۆلۈك بولۇپ، ئۇ يامغۇر سۈيىنىڭ كۈچى بىلەن تىرىلگەن. بۇرۇن كىشلەرنىڭ قەلبىمۇ ئۆلگەن بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ قۇدرىتى بىلەن قايتىدىن تىرىلگەن، ۋە تىرىلىدۇ.**

**مۇسۇلمانلار جامائەتنىڭ ئىچىدە يالغانچىلىق قىلىش، گوللامچىلىق قىلىش، قۇرئاننى ئۇنتۇلۇپ كېتىش، ناماز ئوقۇماسلىق، ئىنتېرنېتنىكى ناچار نەرسىلەرگە ئۆگىنىپ كېتىش، ناچار تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى كۆرۈش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭداقلا بىزدە سىياسىي مەسىلەر، ئىجتىمائىي مەسىلەر، ئىقتىسادىي مەسىلەر، ئىلاھىيەت مەسىلىرى، ۋە پسىخولوگىيەلىك مەسىلەر كۆرۈلىدۇ. بىز مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. ئەمما، قۇرئان بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە كىرىدىكەن، بىز قايتىدىن تىرىلەلەيمىز. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنىڭ ناچار ئەھۋالدىن چۈشكۈنلىشىشىنىڭ هاجىتى يوق. بىزنىڭ هازىرقىدەك ئەھۋالىمىزنى هەل قىلىدىغان بىرلا چارە بار. ئۇ بولسىمۇ قۇرئاندىن ئىبارەت. ئەگەر قۇرئان قەلبىمىزگە كىرىدىكەن، ئۇ سىزنى هاياتلىققا قايتۇرۇپ كېلىدۇ.**

**ئاللاھ سۈرە ھەدىد (57-سۈرە) تە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [16]. بىلىڭلاركى، ئاللاھ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق [17].»**
**ئاللاھ ئۇممەتلەرنى قايتىدىن هاياتلىققا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەقەت «سۇ» دىن**

پايدىلانساق، يەنى قۇرئاندىن پايدىلانساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئۈممەتلەر قايتىدىن تىرىلمەيدىكەن، ئۇ بىزنىڭ «سۇ» دىن توغرا پايدىلانمىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 2. ئىككى خىل كىشلەر

يامغۇر ياغقاندا بىر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئۆزلۈكىدىن مېۋە بېرىدۇ. يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكلەر بولسا پەقەت سىز پەرۋىش قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن مېۋە بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر خىل كىشلەر سىز ھېچ قانداق قىلمىسىڭىزمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى يۈرىكىگە كىرىش بىلەن ئىسلامغا ئۆزلۈكىدىن كىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بۇگۈنكى كۈندىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ئىمان ئېيتىۋاتىدۇ. مەن ئاشۇنداق كىشلەرنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

ئىنسانشۇناسلارنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىشىشى دېھقانچىلىقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن باشلانغان. ئەگەر پەقەت جاڭگالدىكى يېمىش دەرەخلىرىگىلا تايانغان بولسا، ئىنسانلار بۇگۈنگىچە ھايات قالالمايتتى. ئىنسانلار يېمەكلىكلەرنى كەڭ-كۆلەمدە ئىشلەپ چىقىرىشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرى بولغان. يەنى، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق يېمەكلىكلەرنى كەڭ-كۆلەمدە ئىشلەپ چىقىرىدىغان بولغان. دېھقانچىلىق مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. شەھەرلەردىن كېيىن دۆلەتلەر پەيدا بولغان، ھەمدە مەدەنىيەتلىشىش ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ 1-قەدىمى دېھقانچىلىقتۇر.



2-رەسىم: سۇ ۋە دېھقانچىلىق.

دېھقانچىلىقتا كىشلەر كۆپلىگەن ئېھتىزلىقلاردىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۇلار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى سۇ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. سۇ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. سىز ئېرىق چېپىپ، سۇلارنى ئېھتىياجلىق ئېتىزلارغا ماڭدۇرىسىز. دېھقانچىلىقتا يالغۇز يامغۇر سۇيىگىلا تايانغىلى بولمايدۇ. يامغۇر سۇيىنى يىغىپ، ئۇنى

ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق ئېھتىياجلىق ئېتىزلارغا ئاپىرىش كېرەك.

بىز ئۇممەتلەر مەدەنىيەتلەشكەن كىشىلەرگە كىرىمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەنمىز، «يامغۇر سۈيى» نىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىزمۇ «يامغۇر سۈيى» نى يىغىپ، ئۇنى ئېھتىياجلىق يەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە، يەنى ئۇممەتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز كېرەك. مەن 19 ياشقا كىرىپ، قۇرئاننى ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشكە باشلىغاندا، ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى 19 يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلغان ئىدىم.

--مەن نېمىشقا قۇرئان ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمەن؟

--نېمىشقا مەكتەپلەر ئۇنى ماڭا ئۆگەتمەيدۇ؟

--نېمىشقا ئاتا-ئانام ئۆزلىرىمۇ ئىسلامنى ئانچە ياخشى بىلمەيدۇ؟

--نېمىشقا ئۇلار ئۆزلىرى ئىسلام ھەققىدە ياخشى تەربىيە كۆرمەيدۇ؟

--نېمىشقا بىزنىڭ قوشنىمىز قۇرئان ھەققىدە ھېچنېمە ئاڭلاپ باقمايدۇ؟

--مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 5 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ھەققىدىكى بىلىمى باشقا كىشىلەرنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ؟

--نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟

--نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ھەققىدىكى كۆز-قارىشى باشقا كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ؟

--غەيرى-مۇسۇلمانلار «قۇرئان بەك قاتتىق ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن»، دەيدۇ. نېمىشقا بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ مەنمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش كۆز-قاراشتا بولىمەن؟

دېمەك، بىز ئۆزگىرىش ياسىمساق بولمايدۇ. بىز قۇرئان ھەققىدىكى بىلىملەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرمىسەك بولمايدۇ.

## 3. بىز ئۇچۇرنى قانداق تارقاتساق بولىدۇ؟

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت ۋە ياخشى تەلىم بىلەن دەۋەت قىلغىن، ھەممىدە ئۇلار بىلەن ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبتا مۇنازىرىلەشكىن» (سۈرە نەھل، 16:125).

ئاللاھ بۇ ئايەتتە باشقىلارنى «تەكلىپ قىلغىن» دەيدۇ. بىز باشقىلارنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىر خاپىچىلىق ئىچىدە، ياكى ئاچچىقلانغان كەيپىيات ئىچىدە تەكلىپ قىلمايمىز. تەكلىپ قىلىش بىر خىل دوستانە ئىش-ھەرىكەتكە كىرىدۇ. سىزدە دوستلۇق بولماي تۇرۇپ، بىرسىنى تەكلىپ قىلمايسىز. شۇڭلاشقا «تەكلىپ قىلىش» ياكى «دەۋەت قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا، ئەگەر سىز باشقىلارغا بىر خىل دوستانە پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلالمايدىكەنسىز، سىز دەۋەت بىلەن شۇغۇللانماڭ، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر سىز داۋاملىق خاپىچىلىق ئىچىدە ياكى ئاچچىقلىنىش ئىچىدە يۈرىدىغان بىرى بولىدىكەنسىز، سىز بېرىپ باشقا ئىشلارنى قىلىڭ، دەۋەتنى باشقا كىشىلەر قىلسۇن. ئەگەر سىز كىشىلەردىن زېرىككەن بىرى بولىدىكەنسىز، سىز دەۋەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقىڭىز كېرەك.

«دەۋەت قىلىش» دېگەن «تەكلىپ قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، تەكلىپ قىلىش دوستلۇق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»، دەيدۇ. بىز ئادەتتە كىشىلەرنى بىرەر يولغا تەكلىپ قىلمايمىز، بەلكى ئۇلارنى بىر مەنزىلگە تەكلىپ قىلىمىز. ئەمما ئاللاھ بۇ يەردە بىزگە كىشىلەرنى بىر يولغا تەكلىپ قىلىشنى دەۋاتىدۇ. بۇ كالامدا ئىنتايىن كۆپ ھېكمەت بار بولۇپ، ئۇ ئىسلامدىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. ئىسلامنى ئۆگىنىۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى ئىلگىرىلەشنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولىدۇ، ھەمدە قىممەت ياكى سانىغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. «ھازىرغىچە ھېچ قانچە نەرسە ئۆگىنەلمىدىم»، دەپ ئويلايدۇ.



3-رەسىم: دەۋەت قىلىش يولغا تەكلىپ قىلىشتۇر.

ئەگەر ئاللاھ كىشىلەرنى بىر يولغا تەكلىپ قىلغان بولسا، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر ئوخشاش تېزلىكتە ماڭمايدۇ. بەزى كىشىلەر ناھايىتى تېز ماڭىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ناھايىتى ئاستا ماڭىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىنتايىن ئاستا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەشنى پەرق ئەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلاردا يەنىلا ئىلگىرىلەش يۈز بېرىۋاتقان بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، بىز ھەممە كىشىلەردىن ئوخشاش تېزلىكتە ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىمىز. ئىككى قىزى بار ئاتا-ئانىلارمۇ بەزىدە بىر قىزىغا «ھەدەڭگە ئوخشاش بولساڭ بولمامدۇ؟» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم مۇساپىسى بار. بىز كىشىلەرنى پەقەت يولغا قوشۇلۇشقىلا تەكلىپ قىلىمىز، مەنزىلگە ئەمەس. ئاللاھ بىزنى مەنزىلگە تەكلىپ قىلغان ئەمەس. ئۇ پەقەت بىزدىن يولدا ھۇزۇرلىنىشنىلا تەلەپ قىلغان. ئاللاھ سىزنىڭ قانچىلىك نەرسە بىلىدىغانلىقىڭىزغا قىزىقمايدۇ، بەلكى ئۇ سىزنىڭ يولغا چۈشكەن-چۈشمىگەنلىكىڭىزگە قىزىقىدۇ. سىز يولغا چۈشكەندىن كېيىن ئەتراپىڭىزدىكى كۆرۈنۈشلەر ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزدە ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىز. ئاللاھنىڭ سىزدىن كۈتىدىغىنى پەقەت ئالغا بېسىشتىنلا ئىبارەت. ئۇ سىزدىن مۇكەممەللىك

تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما كىشىلەر سىزدىن مۇكەممەللىك تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەردىن مۇكەممەللىك ئىستىمەيدۇ، بەلكى ئۇ كىشىلەردىن ئالغا بېسىشنى ئىستەيدۇ. ئاللاھ بىزنىڭ دىنىمىزنى ئاسان ۋە گۈزەل قىلغان، ئەمما بىز ئۇنى قىيىن ۋە كۆرۈمسىز قىلىۋېتىپ بارىمىز. كىشىلەر مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىۋاتىمىز. كىشىلەر مەنزىلگە تېخىچە يېتىپ بېرىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىۋاتىمىز. ساھابىلەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىسلام ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى. ئەمما ئاللاھ هاراق ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغاندا، 1-قېتىملىق ئايەتتىلا ھاراقنى چەكلىۋەتمەي، ئۇنى 3 قەدەمگە بۆلۈپ، [2:219]، [4:43] ۋە [5:90] ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، ھاراقنى ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە ئاندىن چەكلىگەن.

**ئىلاۋە:** يۇقىرىدىكى 3 ئايەتنىڭ ئايەت نومۇرلىرىنى مەن ئۆزۈم قوشۇپ قويدۇم.

دېمەك، ئاللاھ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەۋلاد بولغان ساھابىلەردىنمۇ ھاراقنى توختىتىشنى بىراقلا تەلەپ قىلمىغان. ئەگەر ئاللاھ ئۆزى خالىغان بولسا، 1-ئايەتتىلا ھاراقنى چەكلىۋەتكەن بولاتتى. ئاللاھ ھاراقنىڭ ئىشىدا ساھابىلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ۋاقىت بەرگەن.

ئەگەر بۈگۈن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىر ئادەم مەسچىتكە كىرىدىكەن، بىز ئۇنى ئۇرۇپ، مەسچىتتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى يەنە قاۋاقخانىغا بېرىپ، ئىچىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كەلگەن، ئالدىغا قاراپ بىر قەدەم ئالغان، ئالدىغا قاراپ ناھايىتى چوڭ قەدەمدىن بىرنى ئالغان ئىدى. ئەمما بىز «بۇ يەردىن چىق! سەن ئالدىڭغا قاراپ ئالغان بۇ بىر قەدەمنى بىز قوبۇل قىلالمايمىز، سەن بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا لايىق ئەمەس»، دېدۇق. ئاللاھ بىزدىن يولدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى ئىستەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز باشقىلارنىڭ يولدا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يولدا تېز ماڭالايدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىت كېتىدۇ.

ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىدىكى لېكسىيە جەريانىدا، كىشىلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، كەم دېگەندىمۇ بىرەر مىڭ قېتىم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتنى ياخشى قىلمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ، مەندىن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. دېھقان تېرىقچىلىق قىلغاندا، يەرگە ئۇرۇق سالىدۇ، سۇ قويىدۇ، ئۇرۇقنى بېسىۋالغان نەرسىلەرنى تازىلايدۇ، يەنە سۇ قويىدۇ، يەنە پەرۋىش قىلىدۇ. ئۇلار ئۆسۈملۈكتە يۈز بېرىۋاتقان ئىلگىرىلەشنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدۇ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەرنىڭ ئاستىدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ قۇرئانىنىڭ چۈشۈشىنى ئاسماندىن يامغۇر سۈيىنىڭ چۈشۈشىگە سېلىشتۇرغان. يەردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئاسماندىن يامغۇر سۈيى چۈشۈشى بىلەن تەڭلا بىخ ئۇرۇپ، ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىمايدۇ. ئۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ. قۇرئان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرگەندىمۇ، ئۇ كىشىلەردە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ناھايىتى تېز ئۆزگەرگەن، ئەمما نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن. ھەزرىتى ئۆمەر خەتتاب ئۈچۈن 5 يىل ۋاقىت كەتكەن. ئۇنداق ئۆزگىرىشلەر بىر كېچىدىلا يۈز بەرمەيدۇ. كىشىلەر ئەبۇ بەكرى سىددىقنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى

بىئارام قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن پەقەت بىرسىلا بار بولۇپ، قالغان ساھابىلەر ئۇنىڭدەك بولالىغان ئەمەس. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلغان بولىسمۇ، ئاللاھ شۇلاردىنمۇ رازى بولغان.

كىشىلەرنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن تەكلىپ قىلىڭ، ئۇلارنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يول قويۇڭ، ۋە ئۇلارنىڭ ئاستا-ئاستا چۈشىنىشىگە پۇرسەت بېرىڭ. بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز-ئارا گەپ تالىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋاقىت بەرمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى ئىسلامدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىمىز. بۇ ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش ئەمەس. ئاللاھ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»، دەيدۇ. ئۇ يەنە كىشىلەرنى يۈرىكىگە تەسىر قىلىدىغان، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغىچە كىرىدىغان تەلىم بىلەن دەۋەت قىلغىن، دەيدۇ. سىز بەزىدە باشقىلار قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان سۆزلەرنى قىلىسىز، بەزىدە بولسا باشقا كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى دەيسىز. سىز بىر گەپنى باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋېتىدىغان تەرىقىدە دېيىشنى ئۆگىنىڭ. سىز باشقىلارنى بىر ئىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يۇمشىتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قاتۇرۇپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلمايسىز. باشقىلارنىڭ قېنى قىزىپ كېتىپ، سىز بىلەن تالاشماقچى ياكى مۇنازىرىلەشمەكچى بولىدىكەن، سىزنىڭ ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇنىڭ بىلەن تالىشىشنىڭ ياكى مۇنازىرىلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دەۋەت بىلەن مۇنازىرە بىر ئىش ئەمەس. كىشىلەر ساراڭدەك بولۇپ قالغان ۋە ھېسسىياتلىنىپ قالغاندا سىز جىم تۇرۇڭ. كېيىنچە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشكە يېڭى پۇرسەت كېلىدۇ. سىز كىشىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قايىل قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بەزىلەر «مەن قىلىدىغان دەۋەتنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم، ئەمدى قالغان ئىشلار ئاللاھنىڭ قولىدا»، دەيدۇ. بۇ دەۋەت قىلىش ئەمەس. دەۋەت قىلىش ئۇنداق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى ئۇنداق قىلغان ئەمەس. سىز كىشىلەرگە مەسلىھەت بېرىسىز. ئاڭلىمىسا يەنە بېرىسىز. ئاڭلىمىسا يەنە بېرىسىز. بۇ ئىشنى سىز ئۆلۈپ كەتكۈچە داۋاملاشتۇرىسىز. كىشىلەرگە ياخشى مەسلىھەت، ساغلام مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى تۈيغۇلارغا ئىگە قىلىسىز.

مەن بۇ قېتىم ئوتتۇرا شەرققە كېلىپ، كىشىلەر تاكسى شوپۇرلىرى، مېھمانخانا تازىلىغۇچىلىرى، دۇكان خىزمەتچىلىرى، ۋە كوچا تازىلىغۇچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى كۆردۈم. ھەممىدە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئازابلاندىم. كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا ھېچ قانداق سالام بېرىپ قويمايدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ قاتتىق ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئۆزى تاپىدىغان كىشىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ (beloved).» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر كەم دېگەندىمۇ بىزنىڭ سالام بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ھازىر كالللىمىزغا بىر قىسىم كىشىلەر يەنە بىر قىسىم كىشىلەردىن ياخشىراق، دەيدىغان ئىدىيە سىڭىپ كەتتى. ئەمما بىزنىڭ دىنىمىزدا ئۇنداق ئىش يوق. دىنىمىزدا ھەممە ئىنسانلار باراۋەر. بۇ ئىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىز ناماز ئوقۇغاندا قۇرلارغا تىزىلىپ ئوقۇيمىز. يەنى ھەممىمىز بىر سىزىقتا تۇرىمىز. ئادەملەرنى قۇرلارغا ئۇلارنىڭ كىملىكىگە قاراپ تۇرۇپ تىزمايمىز. نامازنىڭ ئۆزىلا بىزگە ھەممە ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. قۇرئاننى يادلاپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگىنىپ تۇرۇپ، تازىلىق خادىملىرىنى ھۆرمەتلىمىگىنىڭىز نېمىسى؟ سىز نېمىنى ئۆگىنىۋاتىسىز؟ سىز نېمىشقا ئۆگىنىۋاتىسىز؟ سىز ئىدىيىڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز بولمايدۇ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز كىشىلەرگە جەمئىيەتتە ھۆرمەت ۋە غۇرۇر ئاتا

قىلىش. كىشىلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ سۆزلىشىش. كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش. ھەممە ئىنسانلار ھۆرمەتكە سازاۋەر كېلىدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ۋە غەيرى-مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. ئەگەر مۇسۇلمانلار باشقىلارغا ھۆرمەت قىلمايدىكەن، باشقىلار ئىسلامدىن تېخىمۇ يىراق تۇرۇشقا يۈزلىنىدۇ.

كىشىلەر داۋاملىق ھالدا ئۈممەتلەرنىڭ مەسىلىسى سىياسىي مەسىلە، ئىقتىسادىي مەسىلە، ئىجتىمائىي مەسىلە، ۋە مائارىپ مەسىلىسى، دەيدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق دېمەيمەن. بەلكى مەن ئۈممەتلەرنىڭ مەسىلىسى ھېكمەت مەسىلىسى، يەنى ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ۋە ئىشلارنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن قىلىش مەسىلىسى، دەيمەن. بىزدىكى رېئال مەسىلە ئەنە شۇ.

دەۋەتتە سىز داۋاملىق يۈمشاق بولۇۋەرمەيسىز. بەزىدە كىشىلەر سىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بەزىدە كىشىلەر سىزنى مازاق قىلىدۇ. بەزىدە كىشىلەر سىزنى ھاقارەتلەيدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا سىز يۈمشاق بولماي، قاتتىق بولىسىز. ئۇنداق ۋاقىتلاردا سىز ياخشىراق ئۇسۇل بىلەن ئاشۇ كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىسىز، ئۇلار بىلەن تالىشىسىز، ۋە ئۇلار بىلەن باشمۇ-باش ئوتتۇرىغا چۈشىسىز. بۇ يەردىكى «ياخشىراق ئۇسۇل» نىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى، ئۇلار سىز بىلەن تالاشسا، سىز ياخشىراق ئۇسۇل بىلەن تالىشىسىز. ئۇلار سىزگە ئاچچىقلانسا، سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالىسىز. ئۇلار مەينەت سۆزلەرنى ئىشلەتسە، سىز پاكىز سۆزلەرنىلا ئىشلىتىسىز. قىسقىسى، ھەر قېتىم ئىنكاس قايتۇرغاندا، سىز ياخشىراق ئۇسۇل بىلەن ئىنكاس قايتۇرىسىز. بىز باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پىششىپ يېتىلگەن ئادەملەردەك بولۇشىمىز كېرەك. سەۋەبى، بىز ئەقىللىق كىشىلەر. بىز ئەقىل-پاراسەتكە باي كىشىلەر. بىز قېنى قىزىق ياكى ھېسسىياتچان كىشىلەردىن ئەمەس. ھازىر دۇنيا بىزگە «ھېسسىياتچان كىشىلەر»، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولۇشتىكى گۇناھ ئۆزىمىزدە. بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدا دېيىلگەن ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈشنى تېخىچە ئۆگىنىپ بولالمىدۇق. بىز پەقەت قېنى قىزىق ئادەملەردەك ئىنكاس قايتۇرۇشنىلا ئۆگەندۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆستۈرمىسەك بولمايدۇ.

باشقىلارغا مەسلىھەت بەرگەندە، مەن بەزىدە ئۆزۈمنى ئۇلاردىن ئۈستۈن قويۇۋالىمەن. يەنى، «ئۇلار مېنىڭ مەسلىھەتىمگە موھتاج، شۇڭا مەن ئۇلاردىن ياخشىراق»، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىمەن. بۇ بىر مەسىلە. ھازىر مەن بىر ئېگىز سەھنىدە تۇرۇپ سۆزلەۋاتىمەن، ھەمدە 18 نەپەر مۇخبىرنىڭ كامېرالىرى ماڭا توغرىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچ قانداق مەنىسى يوق. مەن سىلەردىن ياخشىراق ئەمەس. سىلەرمۇ مەندىن ياخشىراق ئەمەس. كىمنىڭ كىمدىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ كىمنىڭ كىمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى مەسىلىسى ئەمەس. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەققەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [16:125].» مەن ئازدۇرۇلغانمۇ، سىز ئازدۇرۇلغانمۇ، ياكى باشقىلاردىن كىملەر ئازدۇرۇلغان، ئۇنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ھىدايەت تاپقان-تاپمىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ قايسى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىمۇ پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. شۇڭلاشقا باشقىلارغا مەسلىھەت بېرىشتىن بۇرۇن مەنمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا كەمتەر (humble) بولۇشۇم كېرەك.

سىز بىرسىگە دەۋەت بېرىپ، ئەمما ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىمىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يولدىن

ئازغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئۇرۇق بىخلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، ئۇنى سىز بىلەلمەيسىز. ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. سىز پەقەت ئۇنىڭ سىرتىدا نېمە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنىلا بىلەلەيسىز. بىز بىر ئادەمنىڭ سىرتىغا قاراپلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز. بىز ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا سەل قارايمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۈممەتلەردە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلىنىڭ بىرى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلماسلىق. ھەمدە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلماسلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىرىشكە سەل قاراپ، پەقەت ئۇلارنىڭ سىرتىغىلا كۆڭۈل بۆلۈش. بىز قۇرئاننى يادلاۋاتقان بىر بالىنى «ياخشى بالا» دەپ باھالايمىز. ئەمما بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئۇنىڭ سىرتقى ئەھۋالى. بىز ناھايىتى كۆپ ئىلىملىرى بار بىر كىشىگە «ياخشى ئادەم» دەپ قارايمىز، ئەمما بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئۇنىڭ تاشقى ئەھۋالى. بەزى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر ناھايىتى ناچار ئادەممۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن. بەزى كىشىلەر قۇرئاننىڭ يېرىمىنى يادلاپ بولغان، ئەمما ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ھالەتتە بولىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىش ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم. شۇنداق قىلىش باشقا ھەممە ئىشلاردىن مۇھىم. بەزىلەر «سىزدە كۆپلىگەن ئىلىم بولمايدىكەن، سىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيسىز»، دەيدۇ. سىز قايسى قۇرئاننى ئۆگەندىڭىزكى بىلمەيمەن، ئەمما مەن ئۆگەنگەن قۇرئاندا ئۇنداق گەپ يوق. ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە سەممىيەتلىك. ئاللاھ دىننى ئاسانلاشتۇرىدۇ، ئاددىيلاشتۇرىدۇ، ۋە گۈزەللەشتۇرىدۇ، ئەمما بىز ئۇنى ئۆزىمىز قىيىنلاشتۇرۇۋالىمىز. ئۇنى ئۆزىمىز مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالىمىز. ئىسلام ھەققىدىكى ھەممە نەرسىنى بىر ناھايىتى قىيىن شەكىلدە ئۆگىتىشكە ئۇرۇنىمىز. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىشلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش. ئەمما ئۇنى بىز ئۆزىمىز مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالىمىز. بىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى كىشىلەرگە قايتىدىن ئۇقتۇرمىساق بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ يامغۇرىنى قايتىدىن ياغدۇرمىساق بولمايدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر.

ئويغانىنىڭ دوكلاتىدىكى مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**In Need of Wisdom - Nouman Ali Khan - Gulf Tour 2015**
**https://www.youtube.com/watch?v=mX1oRcMbLzA**

# دىنىمىزنى قىينالاشتۇرۇۋەتكەن ئۆزىمىز

**2016-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى**

مەن ئالدىنقى قېتىم «ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە» دېگەن تېمىنى تەييارلاپ، تورلارغا يوللىغاندىن كېيىن، ئۇ خېلى كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. بۇ ئەھۋالدىن مەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىلغان ئەمگىكىمگە بىر خىل رازىمەنلىك ھېس قىلدىم. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ماڭا سەممىي سۆزلىرى بىلەن مەدەت بەرگەن بارلىق قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. مۇسۇلمانلار بىلشۈپلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم بىلىملەر يەنە بار بولۇپ، ئاللاھ بۇيرۇسا مەن شۇلارنى داۋاملىق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يوللاشقا تىرىشىمەن.

مەن بۇ قېتىم ئويغانىنىڭ يەنە بىر دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ بۇ دوكلاتنى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015-يىللىق «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار چەمبىرىكى ۋە مۇسۇلمان ستۇدېنتلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى» دا سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئىسلام ئاسان دىن بولۇپ، ئۇنى قىينالاشتۇرۇۋەتكەن ئۆزىمىز» ئىكەن [1]. مەن بۇ دوكلاتنىڭ ھەممىسىنى بىرلا قېتىمدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بولالماي، بۇ قېتىم تورلارغا ئۇنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ تۇردۇم. قالغان يېرىمىنى كېيىنكى قېتىم چىقىرىمەن.

بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىدىكى «دەۋەتچىلىك باشقىلارنى ئىسلام يولىغا تەكلىپ قىلىش دېمەكتۇر» دېگەن مەزمۇننى تولۇقلايدىغان مەزمۇن بار بولۇپ، قالغان قىسمى بۇرۇن تونۇشتۇرۇلۇپ باقمىغان. شۇڭلاشقا مەن بارلىق قېرىنداشلارغا مەزكۇر ماقالىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بىر ئىشنى توغرا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ توغرىسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. مەن ھازىر تونۇشتۇرۇۋاتقان مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى بىر قىسىم ئىشلىرىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ناھايىتمۇ مۇھىم، دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىم پۈتۈنلەي ئويغانىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كۆز-قارىشىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن. تۆۋەندىكى مەزمۇندىكى كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم.




**1-رەسىم: ئويغان ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015-يىللىق «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار جەمىيىتى ۋە مۇسۇلمان ستۇدېنتلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى» دا دوكلات بېرىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.**

سۈرە نەھلنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت ۋە ياخشى تەلىم بىلەن دەۋەت قىلغىن، ھەممە ئۇلار بىلەن ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبتا مۇنازىرىلەشكىن» (سۈرە نەھل، 16:125). بۇ ئايەت ئادەتتە «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا تەكلىپ قىلغىن»، دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «بىل ھىكما» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئەقىل-پاراسەت بىلەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەسلىدىكى ئايەتنى «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ئەقىل-پاراسەت بىلەن تەكلىپ قىلغىن»، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

بۇ ئايەت ئۈستىدە بىر ئاز چوڭقۇرراق ئويلىنىپ باقايلى. باشقىلارنى تەكلىپ قىلىش بىر خىل ئاكتىپ ھالدىكى دوستلۇق، ئاكتىپ ھالدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، ۋە ئاكتىپ ھالدىكى كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت. سىز ئۆزىڭىز ئۆچ كۆرىدىغان بىر ئادەمنى بىر يەرگە تەكلىپ قىلمايسىز. ھەممە سىز بىر كىمنى ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلسىڭىز، تەكلىپىڭىز ئۈنۈم بەرمەيدۇ. دېمەك، «دەۋەت» ئىدىيىسى، ياكى باشقىلارنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلىش ئىدىيىسى سىز دەۋەت قىلماقچى بولغان كىشىگە كۆيۈنۈش، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋەت قىلغاندا سۆزلىرىڭىز ئۆچمەنلىككە تۇشۇپ كەتسە بولمايدۇ. سۆزلىرىڭىز باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم پىچىشقا تۇشۇپ كەتسە بولمايدۇ. سۆزلىرىڭىز باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن تۇشۇپ كەتسە يەنە بولمايدۇ. يەنى، ئۆزىڭىزنى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان كىشىلەردىن ئۈستۈن قويىۋالسىڭىز بولمايدۇ. دەۋەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا سىز يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى قىلسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز دەۋەتچىلىك بولمايدۇ. سىزنىڭ قىلغىنىڭىز تەكلىپ قىلىش بولمايدۇ.

مەن باشقىلارنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلمەن، بىرەر چوڭ يىغىنغا تەكلىپ

قىلمەن، بىرەر ساياھەت ئورنىغا تەكلىپ قىلمەن، بىرەر پروگراممىغا، ياكى بىرەر رېستورانغا تەكلىپ قىلمەن. يەنى، مەن كىشلەرنى بىر مەنزىلگە تەكلىپ قىلمەن. مەن ھەرگىزمۇ كىشلەرنى بىر يولغا تەكلىپ قىلمايمەن. بىز كىشلەرنى يولغا تەكلىپ قىلماي، ئۇلارنى بىر مەنزىلگە تەكلىپ قىلىمىز. ئۇلارنى يولغا تەكلىپ قىلساق ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتە ئاللاھ «كىشلەرنى پەرۋەردىگارىڭ (master, lord) نىڭ يولىغا تەكلىپ قىلغىن»، دەيدۇ. بۇ يەردىكى تەكلىپ بىر مەنزىلگە قارىتىلماي، بىر يولغا قارىتىلغان. شۇڭلاشقا بۇ تەكلىپ باشقا ھېچ قانداق تەكلىپلەرگە ئوخشمايدۇ. بۇ قۇرئاندىكى بىر ئەڭ مۇھىم ھېكمەتتۇر.




2-رەسىم: مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى.

سىز بىر ئادەمنى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇ كىشى ئۆيىڭىزگە ئىككى سائەت كېچىكىپ كېلىدىكەن، سىز ئۇنىڭدىن خاپا بولىسىز. يەنى، ئۇ مەنزىلگە ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خاپا بولىسىز. ئەگەر سىز بىر يولغا تەكلىپ قىلىنىدىكەنسىز، سىز 1000 كىلومېتىر ماڭدىڭىزمۇ، ياكى ئاران 10 مېتىر ماڭدىڭىزمۇ، ئۇ مۇھىم ئەمەس. سىز يولغا چىقىپ بولغاچقا، سىز نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان بولىسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ بىزگە بىر ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىنى سوۋغا قىلغان. يەنى، «دەۋەتچىلىك» نىڭ مەنىسى كىشلەردىن بىر مەنزىلگە يېتىشنى تەلەپ قىلىش ئەمەس. ئۇلاردىن مۇكەممەللىككە يېتىشنى تەلەپ قىلىش ئەمەس. ئاللاھ ھېچ قانداق بىر كىشىدىن ئۆزىنى ئاللاھقا ھېچ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزمەي، مۇتلەق ھالدا، تولۇق ھالدا، يۈزدە-يۈز تاپشۇرۇۋېتىشنى كۈتكەن ئەمەس ( No one is expected to be absolute, complete, perfect submission to Allah without any mistakes). ئاللاھ كىشلەرنىڭ ئوخشاش سەۋىيىدە بولۇشنى كۈتكەنمۇ ئەمەس. بۇ دېگەن بىر يول بولغاچقا، بىر قىسىم كىشلەر يەنە بىر قىسىم كىشلەردىن

تېزرەك ماڭىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىدا كېتىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئارقىدا قالىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر سەپەرنى يېڭىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئىنتايىن قىسقا ئارىلىقنى يۈرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېچ قانداق ئىلگىرىلەش ياسىمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما، يۈقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ كىشىلەردىن بىرەرى مەنزىلگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ، سەپەر ئۈستىدە ياكى يولدا ئۆلۈپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، سەۋەبى، ئۇ يولدىكى سەپەرنى باشلاپ بولغان. ئىسلامدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن دىن «بىر يول» دەپ تەسۋىرلەنگەن: «**بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [1:6]**». يولنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلگىرىلەش ياساش بولۇپ، ئاللاھ بىزگە قانچىلىك تېزلىكتە مېڭىشنى، ۋە سان جەھەتتىن بىز قانچىلىك ئىلگىرىلەش ياساپ بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتقان ئەمەس. سەۋەبى، ھەر بىر ئىنسان باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشكىچە بولغان سەپىرىگە ۋاقىت كېتىدۇ، دەيمىز. بۇ ئىش ئىسلامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئوخشاش: بەزىلەر ئىسلامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ھەممە ئىش بىر كېچىدىلا پۈتمەيدۇ. بىر قىسىم ساھابىلەر بۇرۇن ئىسلامغا پۈتۈنلەي قارشى تۇرغۇچىلار بولۇپ، ئاشۇنداق بىر ھالەتتىن ئىسلامنى تولۇق قوبۇل قىلىش ھالىتىگە كەلگۈچە بىر مەزگىل ۋاقىت كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر قىسىم ساھابىلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتا خېلى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇلار ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمىغان. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقتەك بولغان ئەمەس. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئۆمەر خەتتابتەك بولغانمۇ ئەمەس. كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى ئەۋلادلار دەۋرىدە ھاراق ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغاندىمۇ، ئۇلار بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان ئەمەس. ئۇ ئايەتلەر 3 قەدەمگە بۆلۈنۈپ نازىل بولغان. ئاشۇ ساھابىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن ھاراقتىن بىراقلا ۋاز كېچىش تەس بولغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەش ياسىشىغا، ئاستا-ئاستا پىشىپ يېتىلىشىگە يول قويۇپ، ھاراق ھەققىدىكى ئايەتلەرنى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشۈرۈپ، ھاراقنى ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە چەكلىگەن.

**ئىلاۋە:** ھاراق ھەققىدىكى ئاخىرقى ئايەت مۇنداق: «**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار [5:90].**»

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا دەۋەتچىلىك قىلىپ، ئۇلاردىن بىر دەمدىلا بىر ساھابىدەك ئادەم بولۇشنى كۈتىدۇ. ساھابىدەك بولمىغان تەقدىردىمۇ، 24 سائەتنىڭ ئىچىدىلا بىر ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدىغىنى سىزنىڭ ياكى مېنىڭ سۆزلۈم ئەمەس. كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدىغىنى ئاللاھدۇر.

تۆۋەندە مەن ھازىر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە ئېغىر مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1. كىشىلەرنى جەننەتكە كىرىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋېتىش

مېنىڭ بۈگۈنكى دوكلاتىمنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ھەققىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن سۆزۈمنى يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىن باشلىشىمدىكى سەۋەب، بىر قىسىم كىشىلەر «دەۋەت قىلدىم»، دەپ، كىشىلەردىكى ئۈمىدنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىپ بارىدۇ. بىز باشقىلاردىن ناھايىتى تېزلا ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىش ياساشنى تەلەپ قىلىمىز. ھازىر دەۋەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم ياشلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقى، سۆزلەشكەن كىشىلەردە ئۆزگىرىش بولمايۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ گۇناھ بولىدىغان ئىشلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، شۇڭلاشقا ئۆزلىرىنىڭ يەنە قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقى ھەققىدە ماڭا شىكايەت قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا «سىز ئاشۇ كىشىلەرگە سەۋرچان بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ئۇلاردىن ۋاز كەچمەڭ. سىز قىلغان سۆزلەر ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە بىر تال ئۇرۇقتەك يىلتىز تارتىۋاتامدۇ-يوق، ئاللاھ ئۇ ئۇرۇقنى ئۆستۈرۈۋاتامدۇ-يوق، سىز بىلمەيسىز. سىز ئۇلارغا دېگەن سۆز يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن. بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا، ياكى بولمىسا يەنە 10 يىلدىن كېيىن ئۈنۈم بېرىشمۇ مۇمكىن، ئۇنى سىز بىلمەيسىز. ئۇ ئىشلار بىزگە باغلىق ئەمەس»، دەۋاتىمەن. سەۋەبى شۇكى، ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [16:125].» كىمنىڭ ئازغانلىقىنى، كىمنىڭ توغرا يولغا كىرگەنلىكىنى ئاللاھ بىزدىن ياخشىراق بىلىدۇ.

بىر قىز ھىجابلانمىغان، سىرتقى كۆرۈنۈشى بىر مۇسۇلمانغىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر قويۇن بار بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللاھقا بۇرۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ قىز ئۆزگىرىش ياساش جەھەتتە مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە سىرتقى كۆرۈنۈشى بىر مۇكەممەل مۇسۇلمانغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئادەمدىن ئاللاھقا يېقىنراق بولۇشى مۇمكىن.

مەن سىلەرگە ئاجايىپ ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ بىر بولغان ئىش. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر رامىزان ئېيىنىڭ كەچلىكى ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتى داللاس شەھىرىدە تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر رېستورانغا كىردىم. ۋاقىت ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر قانچىمىز بىللە تاماق يەۋاتقان ئىدۇق. بىزنىڭ قېشىمىزدىكى بىر ئۈستەلدە ئىككى قىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار قىلىشىۋاتقان پاراڭلار مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئىسلام ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، ئۇ 2 قىزنىڭ كىيىنىشى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ، بىز ئۇلارنى «مۇسۇلمان ئىكەن»، دەپ ئويلىمىدۇق. ئۇ قىزلارنىڭ پارىڭى مۇنداق داۋاملاشتى:

--مەن ناماز ئوقۇمىغىلى بىر يىلدەك بولدى، شۇڭا كۆڭلۈم بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتىدۇ.

--مەنمۇ شۇنداق. ھازىر رامىزان. بىز بېرىپ ناماز ئوقۇساق بولاتتى. ماشىنامدا ھىجاب بار. ھازىر رامىزان بولغاچقا، مەسچىتمۇ تېخى ئوچۇق بولۇشى مۇمكىن. مەن مەسچىتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىمەن. يۈرە، بىللە بېرىپ كېلەيلى.

مەن بۇ گەپلەرگە ھەيران قېلىپ، بىر نەرسە يېيىشتىن توختاپ قالدىم. ئۇلار تامىقىنىڭ يېرىمىنى يەپ، قالغان قىسمىنى تۈگەتمەيلا، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ قىزلار تاھارەت ئېلىشنى

بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. فاتىھەدىن كېيىنكى سۈرىنى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. خۇپتەن نامىزىنىڭ قانچە رەكەت ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنى مەن بىلمەيمەن، ئاللاھ بىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھ ئۈچۈن، ئۇلار ئوقۇغان ناماز قۇرئاننىڭ يېرىمىنى يادلاپ بولغان، شۇ ئاخشىمىدىكى ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدىمۇ قۇرئاننى قىرائەت قىلغان، ئەمما كاللىسى باشقا يەرلەردە يۈرگەن يەنە بىر ئادەمنىڭ نامىزىغا قارىغاندا قەدىرلىكرەك بولۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر قۇرئاننى پەقەت باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىرائەت قىلىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ئىچىگە ئۇلارنىڭ سىرتىغا قاراپ باھا بېرىمىز. بىز پەقەت كىشىلەرنىڭ سىرتىنىلا كۆرەلەيمىز.

شۇڭلاشقا بىزنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلغاندىكى پوزىتسىيىمىز ئۆزگىرىشى كېرەك. بىزنىڭ ھۆكۈم پىچىش تۈيغۇمىز ئۆزگىرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىمىز. بىز ئۇلارنى «مەن ھەر قانچە قىلساممۇ مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمدىن ئۈمىد يوق»، دەيدىغان بىر تونۇشقا ئەكېلىپ قويىمىز.

## 2. كىشىلەردىن ئىنتايىن كۆپ دىنىي ئىلىم تەلەپ قىلىش

بىزدە ساقلىنىۋاتقان 2-مەسىلە، بىز كىشىلەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز. بىز كىشىلەردىن فىقھ (دىنىي قانۇن)، ئەقىدە، ئىسلام تارىخى، ئەرەب تىلى، تەفسىر ھەققىدە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشنى كۈتىمىز. ناھايىتى كۆپ دىنىي زىيالىيلار ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن جەننەتكە كىرىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمىز. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر «ئۆگەنمىسە بولمايدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولالمىسام مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە شەرتىم توشمايدىكەن»، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

قۇرئاندا بىر ئۆڭكۈردە ياشىغان ياشلار ھەققىدە بىر ھېكايە بار. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن 100 – 120 يىللار بۇرۇن ياشىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلار يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ ئۆڭكۈردىن چىققاندا بايقىغان. ئۇ ياشلار پەيغەمبەرلەر يوق بىر زاماندا ياشىغان. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا مۇسۇلمان يوق بىر شەھەردە تۇرغان. ئۇلار زىيالىي ئەمەس، ئۇلارغا بىلىم ئۆگەتىدىغان بىرەر شەيخ يوق، ھەمدە ئۇلاردا ئىجازەتمۇ يوق بولغان. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەتلا ئۇلار ئاللاھتىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلسا بولمايدىغانلىقى بولۇپ، ئۇلاردا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق ئىلىم يوق بولغان. ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىن ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تەپسىر تەتقىقاتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان كۆپلىگەن ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىسلام زىيالىيلىرى «لائىلاھە ئىللەللا» دىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ ياشلارنى تەتقىق قىلىپ، شۇلار ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى. بىلىم جەھەتتە ھېچ قانداق قىممەتكە ئىگە بولمىغان ئاشۇ ياشلار ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۈچۈن قىممەتلىك قەھرىمانلار بولۇپ ھېسابلاندى.

ئويلاپ بېقىڭ. ئىشلارنى بىز ئۆزىمىز قىيىنلاشتۇرۇۋاتىمىز. بىز كىشىلەردىن ھەددىدىن زىيادە كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىمىز. بىزنىڭ باشقىلاردىن ھەممىدىن ئاۋۋال كۈتىدىغىنىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆز رەببىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ باشقىلاردىن كۈتىدىغىنىمىز ئەنە شۇ بولسۇن. ئاندىن ئۇلارنىڭ سەپىرى باشلانسۇن. بىر قىسىم كىشىلەر كۆپلىگەن

ئىلىمگە ئىگە بولماقچى بولسا، ئۇلار سەپەر جەريانىدا شۇنداق قىلسۇن. بىر قىسىم كىشىلەر ئىگىلىگەن ئىلىم جەھەتتە ئانچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار سەممىيلىك جەھەتتە بىر قىسىم بىلىملىك كىشىلەردىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر ئەرەبچىنى كۆپ بىلىدىغان بولغاچقا، ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەر ئەرەبچىنى ئانچە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئايەتلەرنى توغرا قىرائەت قىلالمىسىمۇ، ئۇلار قىلغان قىرائەت ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قارىلارنىڭ قىرائىتىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

بۈگۈن بىر ياش مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، «مەن قۇرئاننى قىرائەت قىلغاندا بىر سۆزنى توغرا دېيەلمەيمەن. ئاللاھ مەن قىلغان قىرائەتنى قوبۇل قىلارمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال تۇۋلىغان ئەزاننى ئاڭلاشنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەن. يەنى، بىلال ئەزاندىكى بەزى سۆزلەرنى توغرا چىقىرالمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تۇۋلىغان ئەزاننى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە بىرەر كىشى مىكروفوننىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىلالدەك ئەزان تۇۋلايدىغان بولسا، بىز «ئۇ تۇۋلىغان ئەزان قوبۇل قىلىنمايدۇ»، دەپ قاراپ، ئۇ ئادەمنى ئەزان تۇۋلىغىلى قويمايمىز. بىز ئاچچىقلىنىپ، ساراڭ بولۇپ كېتىمىز. نامازنىمۇ قايتا ئوقۇيمىز. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنىڭ بەزى ئاۋازلارنى توغرا چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ھالدا بىلالنى ئەزان تۇۋلاشقا تەكلىپ قىلغان.

بىز بولساق تەجۋىدنى ياخشى قىلالمايدىغان كىشىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز. «سەن شۇنىمۇ بىلمىسەڭ، جەننەتكە قانداق كىرىسەن؟» دەيمىز. بىز خۇددى ئاللاھ بىزدىن باشقا ئىشلارغا قارىغاندا مۇشۇ ئىشلارنى بەكرەك تەلەپ قىلىدىغاندەك ئىش كۆرىمىز. بىز كىشىلەردىن ناھايىتى كۆپ مۇكەممەللىكلەرنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يولنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇرۇۋاتىمىز.

ساھابىلەر كىشىلەرگە ئۇنداق قاتتىق تەلەپ قويمىغان. ئوخشىمىغان قەبىلىنىڭ كىشىلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلاپ، بەزى ئايەتلەرنى توغرا ئوقۇيالمىسىمۇ ساھابىلەر ئۇنىڭغا يول قويغان.

ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە بىز تەلەپنى بەك يۇقىرى قىلىۋەتسەك، ئۇلار دىنىدىن بىراقلا ۋاز كېچىدۇ.

## 3. باشقىلار ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇش

بىز كىشىلەرگە «پەقەت ئەڭ ياخشى كىشىلەرلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ. سەن جەننەتكە كىرىشكە ئۇزۇنۇپ باقساڭ بولىدۇ، ئەمما مۇشۇ ھالىتىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭنى جەننەتكە كىرىمەن، دەپ ئويلامسەن؟ ئازراق ئەمەلىيەتچان بولغىنە!» دېگەنگە ئوخشاش ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىمىز.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار [3:133]».

ئەگەر سىز جەننەتكە ئالدىرىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ يولدا ئىكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈش پۈتۈن قۇرئاندا باشتىن-ئاخىر ساقلانغان. بۇ پەردە ئاللاھ جەننەتنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەلچىسىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. يەنى، ئاللاھ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى چەكلىمەي، ئۇنى يوغان ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ بىز كۈتمىگەن، ئاللاھنىڭ ئۆزى

**بىزگە قىلغان ئۇلۇغ سوۋغاتتۇر. ئوخشاش ئايەتتە ئاللاھ يەنە «بۇ ئاللاھ كۆرسەتكەن ياخشىلىق بولۇپ، بۇنداق ياخشىلىقنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى چوڭ ياخشىلىقلارنىڭ ئىگىسىدۇر»، دەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ناھايىتى چوڭ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر پۇرسەتلا بولسا باشقىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار داۋاملىق «سەندە مۇناپىقلىق يوقلۇقىنى بىز قانداق بىلىمىز؟ ئىچىڭدە شېرىكلىك يوقلۇقىنى بىز قانداق بىلىمىز؟ سەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەن دوزاختا كىرىسەن» دەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئوقۇيدىغىنى بىز ئوقۇغان قۇرئان بىلەن بىر كىتابمىدۇر؟**




**3-رەسىم: ئويغان ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015-يىللىق «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار جەمبىرىكى ۋە مۇسۇلمان ستۇدېنتلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى» دا دوكلات بېرىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.**

**مەن سىلەرگە بىر مىسال كەلتۈرەي. ئۇ بىر ئازراق ئەخمىقانە مىسالدەك كۆرۈنىسمۇ، ئۇنىڭ مەن ھازىر چۈشەندۈرمەكچى بولغان يەنە بىر ئايەتكە كۆپ ياردىمى بولىدۇ. قاتناش قانۇنىدا مۇنداق بىر ماددا بار: «ماشىنىنى تېز ھەيدىگەنلەردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.» بۇنىڭ مەنىسى «پەقەت ماشىنىنى تېز ھەيدىگەنلەردىنلا جەرىمانە ئېلىنىدۇ»، ئەمەس. ئۇنىڭ مەنىسى «كىشىنى جازاغا تارتقۇزىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ماشىنىنى تېز ھەيدەش» تىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىنى جازاغا تارتقۇزىدىغان يەنە باشقا ئىشلارمۇ بار. ئەگەر قانۇننىڭ يۇقىرىدىكى ماددىسى «ماشىنىنى تېز ھەيدىگەنلەردىن باشقا كىشىلەر جازاغا تارتىلمايدۇ» دەپ يېزىلغان بولسا، شوپۇرلارغا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن پەقەت بىرسىلا بار، ئۇ بولسىمۇ ماشىنىنى تېز ھەيدەش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. قۇرئاندا «ئاللاھ ئەڭ ناچار كىشىلەرنى دوزاختا بۆيرۇيدۇ» دەپ يېزىلمىغان. ئەگەر ئاشۇنداق دەپ يېزىلغان بولسا، دوزاخنىڭ ئىشكى ئېچىۋېتىلگەن بولاتتى. يەنى، ئەگەر قۇرئاندا «ئاللاھ ئەڭ ناچار كىشىلەرنى دوزاختا بۆيرۇيدۇ»، دەپ يېزىلغان بولسا، ئەڭ ناچار كىشىلەر دوزاختا كىرىپ، ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەس كىشىلەرمۇ دوزاختا كىرگەن بولاتتى. ئەمما قۇرئاندا ئۇنداق دەپ يېزىلمىغان. قۇرئاندا «ئەڭ ناچار، ئەڭ ناچار، ئەڭ**

ناچار كىشىلەردىن باشقا ئادەملەر دوزاخقا كىرمەيدۇ»، دەپ يېزىلغان. «ئەڭ ئىپچىنشلىق، ئەڭ ۋەھشىي، ۋە ئەڭ قەبىھ كىشىلەردىن باشقىسى دوزاخقا كىرمەيدۇ»، دەپ يېزىلغان.

كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدىكى چۈشەنچە قانداق؟ بىزنىڭ كاللىمىزدىكى چۈشەنچە «كۆپىنچىلىرىمىز دوزاخقا كىرىمىز»، دېگەندىن ئىبارەت. كېيىنكى ئايەتتە ئاللاھ «ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن باشقىسى، ئەڭ توغرا يولنى تاللىغانلاردىن باشقىسى جەننەتكە كىرمەيدۇ»، دېمىگەن. بەلكى، «توغرا يولنى تۇتقان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار جەھەننەمدىن ساقلىنىدۇ.» دېگەن. بۇ يەردە ئاللاھ «پەقەت ئاشۇنداق كىشىلەرلا قۇتقۇزۇلىدۇ» دېمىگەن. يەنى، جەھەننەمگە كەلگەندە ئاللاھ ئىشكىنى يېپىپ قويغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە جەننەت ئۈستىدە توختالغاندا بولسا ئاللاھ ئىشكىنى ئوچۇق قويغان. ئاللاھ جەننەتنىڭ ئىشكىنى ئىچىپ قويۇشنى خالايدۇ، بىز بولساق ئۇنى يېپىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىمىز. ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بولۇپمۇ باشقىلار ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشكىنى يېپىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىمىز.

بەزى ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا «ئۇنداق قىلما، بولمىسا ئاللاھ سېنى جازالايدۇ»، دەيدىغان ئىشلارمۇ بار. سىز بالىڭىزنى بىر ماشىنا سوققۇۋېتىشنى ئىستىمەيسىز. بالىڭىزنىڭ پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈشنى ئىستىمەيسىز. بالىڭىز تاماق يەۋاتقاندا ئارىنى توغرا ئىشلەتمەي، چىشىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى ئىستىمەيسىز. بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا ئارزۇ قىلمايسىز. ئەمما ئاغزىڭىزدىن «دوزاخقا كىرىسەن» دېگەن سۆز بەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىقلاردا ناھايىتى ئېغىر مەسىلە بار. بۇنداق ئىشلار توختىتىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، «مەن دوزاخقا كىرىمەن، دوزاخقا كىرىش ئاسان، جەننەتكە كىرىش تەس» دېگەن ئىدىيىنى بالىلارنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى بالدۇرلا سىڭدۈرۈۋېتىمىز. ئەگەر ئاشۇنداق قىلساق، بۇ بالىلار كەلگۈسىدە قانداقمۇ بىر تەكەببۇرلاشقان ھاياتقا ئېرىشەلىسۇن؟ ئەگەر ئاشۇنداق قىلساق، بۇ بالىلار كەلگۈسىدە قانداقمۇ ئاللاھتىن ياخشى نەرسىلەرنى كۈتەلىسۇن؟

ئىلاۋە: ئويغان ئۆز دوكلاتىدا ئالدى بىلەن بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى ئەرەبچە ئوقۇپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىنگلىزچە چۈشەندۈرگەن بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ھېچ قانداق يېرىدە سۈرىنىڭ ئىسمى ياكى ئايەتنىڭ نومۇرىنى تىلغا ئالمىدى. مەن ئۇ ئايەتلەرنىڭ قايسى سۈرىگە تەۋە قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ باققان بولسامۇ، كۆپىنچىسىنى ئېنىقلاپ چىقالمىدىم. ئېنىقلىغانلىرىمنىڭ ئايەت نومۇرىنى ئاشۇ ئايەتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ قويدۇم.




**4-رەسىم: ئويغان ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015-يىللىق «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار جەمىيىتى ۋە مۇسۇلمان ستۇدېنتلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى» دا دوكلات بېرىۋاتقاندىكى يەنە بىر كۆرۈنۈش.**

## 4. «هارام» دېگەن سۆزنى خالىغانچە ئىشلىتىش

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭلار بىر قىسىم نەرسىلەرنى ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلار توغرىسىدا ھالال ۋە ھارام دېگەن سۆزلەرنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىشلەتمەڭلار.» بىز قانداق قىلىمىز؟ بالىلار مەكتەپتە سېغىز چاينىسا، «سېغىز چاينىما، ئۇ دېگەن ھارام»، دەيمىز. بىر بالا ۋىدىئو ئويۇنى ئويناۋاتقان بولسا «ئۇنى ئوينىما، ۋىدىئو ئويۇنى دېگەن ھارام»، دەيمىز. بالىلار نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان 1-سۆز «ھارام» سۆزىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىشنى بالىلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلىغان ئەمەس. ئۇلار بۇ ئىشنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئۆگەنگەن. يەنى، ئاشۇ بالىلار ياشاۋاتقان مۇھىتتا كىشىلەر «ھارام» دېگەن سۆزنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ھەممە نەرسىگە ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلارمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار نېمىنىڭ ھالال ۋە نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ناھايىتى بىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىر ئىش ئۈستىدە «ھارام» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن بىرەر مىڭ قېتىم ئويلىنىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن «ھارام» دېگەن سۆز ئىنتايىن ئاسانلا چىقىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ تەبىئىي مەيدانىمىز «ھالاللىقى ئىسپاتلانمىغۇچە ھارام» دېگەندىن ئىبارەت. «مەسچىتتە كۈلمەڭ، ئۇ دېگەن ھارام»، «ئۇنداق ئولتۇرماڭ، ئۇ دېگەن ھارام»، «ئۇنداق ئۇرە تۇرماڭ، ئۇ دېگەن ھارام». بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھ ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى سىز ئۆزىڭىز ھارام قىلىۋالدىغان بولۇپ، ئۇلار سىز ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «ھارام» نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەر چوڭقۇر ئىلىمدە ھېچ قانداق مەنبەگە ئىگە ئەمەس.

مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم بىر قېتىم بىزگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن: ئۇنىڭ ھەممە ئىشقا دەلىل سورايدىغان بىر ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. بىر قېتىم ئوقۇتقۇچى بىر ھەدىس دەرسىنى ئۆتۈۋېتىپ، ھالال نەرسىلەرگە مىسال كەلتۈرگەندە، ھېلىقى ئوقۇغۇچى «مۇئەللىم، ئۇنىڭ دەلىلى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ئولتۇرۇۋېلىپ، «پالانى، پوكۇنى، مەمەت، سەمەت، ئەمەت» دەپ 20

ئىسمىنى تىلغا ئېلىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى ئوقۇغۇچىدىن «مانا بۇلار ھالال نەرسىلەر. سەن ئەمدى قايىل بولدۇڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى «قايىل بولدۇم»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ئۇنىڭغا: «ھەي مايمۇن، مەن ھازىر سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىم ئاتاپ چىقتىم. ئاغزىڭنى يۇمۇپ، سۆزۈمگە قۇلاق سال، سەن بىلمەيسەن»، دەپتۇ. كىشىلەر ھەر خىل سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىلىمى تېيىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئاندىن ئاشۇنداق سۆزلەرگە ئاساسەن باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ بىر قالايمىقانچىلىق.

بەزى باللار ئانچە ياخشى ئەمەس، ئەمما ھارامۇ ئەمەس بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندا، يەنە بىرى كېلىپ «بۇ قىلغىنىڭ ھارام»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا «مەن ھارام ئىشلارغا گەدەنگىچە پېتىپ كەتتىم. مەن ئەمدى ھەر قانچە قىلسامۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ياشاپلا ئۆتۈپ كېتەي»، دەپ ئويلايدۇ. سەۋەبى، بىز ھارامنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى كېڭەيتىۋېتىپ، ھالالنىڭ دائىرىسىنى ئىنتايىن كىچىكلەشتۈرۈۋېتىمىز. ئاللاھ بىزدىن ئازراق ئىشتىن نېرى تۇرساقلا، قالغان ئىشلار بىزگە يول قويۇلغانلىقىنى دەپ تۇرسا، بىز ھالال-ھارام قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن ياساپ چىقىمىز. بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز تار بولغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئاجىزلىقىنى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە سۆرەپ كىرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇنداق تار نەزەر دائىرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغىمۇ سۆرەپ كىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق قىلىۋېتىمىز. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇرۇۋاتىمىز.

## 5. سەمىمىيەتلىك

مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ھەممىمىز بىلىمىز: «بىز قىلىدىغان ھەر بىر ئىشنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىمىز.» ئەمما، بۇ سۆز پۈتۈنلەي خاتا.

بىر داڭلىق ھەدىس بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ناھايىتى كۆپ گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان بىر ئادەم بىر قېتىم سەپەرگە چىققاندا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئىتنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ ئادەمدە ئازراق سۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئىچىشكە تەمشىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىتقا ئىچى ئاغرىپ، سۇنى ئۆزى ئىچمەي، ئۇنى ئىتقا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ ئادەم سۇنى ئىتقا بېرىشتىن بۇرۇن، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، «ئى ئاللاھ، پەقەت سەن ئۈچۈنلا مەن بۇ سۇنى ئىتقا بېرىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ سەن ئۈچۈن قىلغان سەممىي ئىبادىتىم» دېمەيدۇ. ئۇنداق گەپلەردىن ئازراقمۇ قىلمايدۇ. ئۇ ئادەم پەقەت ئىتقا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭ نامايان قىلغىنى چىن كۆڭلىدىن چىققان مېھرىبانلىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلىقىنىڭ ھېچ قانداق دەلىلى يوق. بىز نامازنى ئاللاھ ئۈچۈن ئوقۇيمىز. بىز ئىبادەتنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىمىز. بىز قۇرئاننى ئاللاھ ئۈچۈن قىرائەت قىلىمىز. بىز ئىسلام ئۇچۇرلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تارقىتىمىز. ئەمما ئاپىسىغا كۆيۈش ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس. سىزنىڭ ئاپىڭىزغا كۆيۈشىڭىز ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ ئاپىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈن. سىز ھەرگىزمۇ «ئاپا، مەن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا سىزگە كۆيىمەن. ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان بولسا، سىزگە كۆيمەيتتىم»، دېمەيسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەش بىر خىل سەدىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»، دېگەن. سىز قېرىنداشلىرىڭىزنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارنى كۆرگىنىڭىزگە خوش بولۇپ،

كۆلۈمسىرەيسىز. ئاللاھ ئۆز دەپتىرىگە بۇ ئىش-ھەرىكىتىڭىزنى بىر ئاكتىپ سەدىقە سۈپىتىدە يېزىپ قويىدۇ. يەنى، سىز بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلمىغان بولسىڭىزمۇ، ئاللاھ يەنىلا ئۇنى بىر سەدىقە ھېسابلايدۇ.

سىزنىڭ بالىڭىزنى سۆيۈشىڭىز بىر خىل ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىزنىڭ ئايالىڭىزغا قارىتا ئىپادىلىگەن مۇھەببىتىڭىزمۇ بىر خىل ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز «بىز قىلىدىغان ھەر بىر ئىشنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىشىمىز كېرەك»، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ياخشى كۆرىمىز. ئەمما ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئۇنداق دەپ باققان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنداق دەپ باققان ئەمەس. قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرت سەممىيەتلىكتىنلا ئىبارەت. سىز ئاپىڭىزغا سەممىيەتلىك كۆرسىتىڭ. ئوقۇتقۇچىڭىزغا سەممىيەتلىك كۆرسىتىڭ. باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغا سەممىيەتلىك كۆرسىتىڭ. شۇنداقلا ئاللاھقىمۇ سەممىيەتلىك كۆرسىتىڭ. كىمگە قارىتىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ بارلىق ھېسسىياتلىرىڭىز پاك ۋە سەممىي بولسۇن. سىز ئاغزىڭىزدا بىر نەرسىنى دەپ، كۆڭلىڭىزدە باشقا بىر نەرسىنى ئويلىماڭ.

سىزنىڭ بىر ئادەمگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگىنىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئۇ ئادەمگە قارشى ھېچ قانداق نەرسە قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر سىز بۇ سۆزنى سەممىيلىك بىلەن دېمىگەن بولسىڭىز، ئۇ سۆزنى دېمەيلا قويۇڭ. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، سەممىيەتسىزلىك قىلغان بولىسىز. ئەگەر ئاللاھ سىزنى ئاشۇ سۆزنى قىلىشقا قىستاۋاتقان بولسا، ئۇ سىزدىن كۆڭلىڭىزدىكى ئاشۇ كىشىگە بولغان ناچار چۈشەنچىلەرنى ئۆزگەرتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولىدۇ. سىز باشقىلارنىڭ سالىمىغا خاپا ھالدا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!» دەپ يالغانلاتتىن جاۋاب قايتۇرماڭ. چۈنكى، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سۆز «ئارىمىزدا ھېچ قانداق مەسىلە قالمىدى، ئاللاھتىن سىزگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن، ئاللاھتىن ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن، ئاللاھتىن ھەممە ئىشلىرىڭىزغا خاتىرجەملىك تىلەيمەن، شۇنداقلا مەنمۇ سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىمنى جاكارلايمەن» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ «سالام» نىڭ مەنىسى. مانا بۇ سەممىيەتلىك. «سالام» دېگەن سۆز بىزگە مانا مۇشۇنداق سەممىيەتلىكنى ئۆگىتىدۇ.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرىمەن؟ بىر قېتىم بىر ياش يىگىت يېنىمغا كېلىپ، ماڭا مۇنداق دېدى:

--سالام ئۇستاز! مېنىڭ بىر مەسىلەم بار بولۇپ، ئۇنى ئاڭلاپ باققان بولسىڭىز. مېنىڭ بىر خىزمىتىم بار بولۇپ، مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن تولىمۇ ھوزۇرلىنىمەن. ئەمما ئۇ دېگەن بىر دۇنيا. شۇڭا مەن ئۇ خىزمىتىمنى تاشلىۋېتىشىم كېرەك، شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇ خىزمەتنىڭ ئورنىغا پۈتۈن كۈن ئىسلامنى ئۆگىنىشىم كېرەك، شۇنداقمۇ؟

--نېمىشقا؟

--چۈنكى بىز ھەر بىر ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشىمىز كېرەك. مەن بولسام ئۆز خىزمىتىمنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئاشۇ خىزمەتنى قىلىۋاتىمەن. مەن ئىنژېنېرلىقنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، شۇڭا ئاشۇ كەسپنى قىلىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا مېنىڭ قىلغىنىم ئاللاھقا قىلىنغان سەممىيەتسىزلىك بولىدۇ.

--ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. سىزگە بۇ نەرسىلەرنى كىم ئۆگەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن بىر قېتىم «زەھەرسىزلەندۈرۈش» ئېلىپ بارمىساق بولماپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېگەن: «پاك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ (beloved).» بىر ئادەم قاتتىق ئىشلەشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەيدۇ. ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ياخشى كىرىم يارىتىش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەيدۇ. بۇنداق قاتتىق ئىشلەشنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ئاكتىپ ئىبادەت بولۇپ، ئۇ يەنە ئاللاھقا قىلغان سەمىمىيەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەمنىڭ كىرىم تېپىش ۋاستىسى بىر سەمىمىي ۋاستە بولۇپ، خىزمەتنى سەمىمىيلىك بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەن. شىركەتتىگە ساداقەتلىك كۆرسەتكەن. پۇلنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى ئىشلەپ تاپقان. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. قىسقىسى، بۇ ئادەم ھەممە ئىشلاردا بىر خىل كۈچلۈك سەمىمىيەتلىكنى نامايان قىلغان. ئاللاھنىڭ دىنى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، ئۇ سىزگە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىز قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشنىڭ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سىز قىلغان ھەر بىر سەمىمىي ئىشلاردىن ئاللاھ رازى بولىدۇ. ئۇ بىر ناھايىتى كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ.

ئەمما، بىز بولساق بۇ دىننى بىر قېتىم نەرسىگە، بىر سەت نەرسىگە، ۋە بىر ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. بۇ جەھەتتە بىز جىنايەتچىلەرگە ئوخشايمىز. بىز ئاشۇنداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى توختىتىشىمىز كېرەك. بىز دىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

## 6. ئاللاھ ئاچچىقلانسا بولىدۇ، ئەمما سىز ئاچچىقلانسىڭىز بولمايدۇ

ئاللاھ قۇرئاننىڭ بەزى جايلىرىدا ئاچچىقلىنىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن، بىز ئالدى بىلەن مۇنداق بىر مىسالغا قاراپ باقايلى: مېنىڭ 6 بالام بار. كىچىك ئوغلۇم ۋەلى بەزىدە بوياقنى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ تېمىغا خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا: «ۋەلى، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ نېمىشقا تامغا خەت يازىسەن؟» دەپ ۋارقىرايمەن. بۇنى كۆرگەن قىزىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «شۇ، ۋەلى، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟» دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن قىزىمغا بۇرۇلۇپ، «ۋويي، سىزگە نېمە بولدى؟ سىز قاچاندىن باشلاپ ئاپا ئورنىغا ئۆتۈپ قالدىڭىز؟ مەن دادا بولغاندىكىن بالامغا ۋارقىرىسام بولىدۇ. سىزگە ۋارقىراش ھوقۇقىنى كىم بەردى؟ سىز ئۆز ئورنىڭىزغا چۈشلۈق ئىش قىلىڭ» دەيمەن. ئۇ دېگەن ئاللاھ بولغاچقا، قۇرئاندا ئاچچىقلانسا بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىش ياكى خاپا بولۇش ھوقۇقى بار.

ئەمما بەزى كىشىلەر قۇرئاندىكى ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «شۇنداق، ئاللاھ خاپا بولغان، مەنمۇ خاپا بولىمەن!» دەپ ۋارقىرايدۇ. بىز بۇ يەردە مۇشۇنداق ئەھۋالغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى. بەزىلەر «ئاللاھنىڭ بىر ئوغلى بار بولغان»، دېگەندە، بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ شۇ دەرىجىدە ئاچچىقى كېلىدۇكى، ئاسمان قاتتىق سىلكىنىپ، ئېچىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. يەر يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. ئاشۇ گەپنى قىلغان خىرىستىئانلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىنىڭ مەسچىتىدە تۇرغۇزىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ پەيغەمبەرنىڭ مەسچىتىدە خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىبادىتىنى قىلىشىغىمۇ يول قويىدۇ. دېمەك، ئاللاھنىڭ ھېلىقى خىرىستىئانغا ئاچچىقلىنىش ھوقۇقى بار، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى بولسا

دەۋەتچىلىك قىلىش. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق پەرقلەرنى چۈشىنىشى كېرەك. سىز ئاللاھنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا قاراتقان ئاچچىقىغا ئايلاندۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ. سىزنىڭ ئۇنداق قىلىش ھوقۇقىڭىز يوق. مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلىش ھوقۇقۇم يوق. بۇ ئىش ئاللاھنىڭ قولىدا.

بىز ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۆز ئەنئەنىمىز ئۈستىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىز قۇرئاندىكى بىر ئايەت ئۈستىدىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسى ئۈستىدىمۇ تېپىز ئويلىنىپ، شۇ ئاساستا ئىش كۆرۈشكە ئۇرۇنساق بولمايدۇ. ھازىر ناھايىتى كۆپ كىشىلەر خاپىچىلىق مەسىلىسىگە، چۈشكۈنلىشىش مەسىلىسىگە، ۋە غەزەپلىنىش مەسىلىسىگە پېتىپ قېلىپ، قۇرئاننى قىرائەت قىلغاندا ئاشۇنداق خاپىچىلىق، چۈشكۈنلۈك ۋە غەزەپلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرستىپ قويىۋۋاتىدۇ. ئايەتلەرنى ئۇنداق ئوقۇغاندا، ئۇلارنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ كىتابىغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئاللاھنىڭ كىتابىغا بولغان سەممىيەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە بولغان سەممىيەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئاللاھ بۇ ۋەزىپىنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئۆز زىممىمىزگە ئېلىشىمىزغا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۈمىدۋار مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالەتتە قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلغاي.

ئويغانىنىڭ دوكلاتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Islam is easy, We made it hard - Nouman Ali Khan 2015 (Thought provoking)
https://www.youtube.com/watch?v=aPH6vWcwElg

## «پەيلاسوپ» مۇنازىرىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

**2015-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى**

**ئىلاۋە:** مەن تۆۋەندىكى يازمىنى تۈنۈگۈن بوزقىر مۇنبىرىدىكى بىر تېمىغا ئىنكاس شەكلىدە يوللىغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنى باشقا مۇنبەرلەرگە يوللىماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدىم. ئەمما، بوزقىردىكى ئىنكاسىمنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر قانچە دوستلار ماڭا بۇ يازمىنى باشقا مۇنبەرلەرگىمۇ يوللاپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنى بۇ مۇنبەرگە بىر ئايرىم تېما قىلىپ يوللاپ قويدۇم. مېنىڭ ئۈمىدىم بىر قىسىم تورداشلارنىڭ يېقىنقى مۇنازىرىلەر ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى، ۋە ئۇ مۇنازىرىلەر ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىغا ياردەم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگە بولغان ياكى بولىدىغان زىيانلارنى ئازايتىش. ئۇيغۇر دىيارىدا يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلىم-چىپىي ۋە كىتاب ئوقۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىقلار ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. مەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ يېقىنقى مۇنازىرىلەرنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرىماي، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ مېڭىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدا بىر قانچە قېرىنداشلار مەن توغرۇلۇق ياخشى گەپ قىلىپ ئىنكاس يېزىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتى سۆيۈندۈم، ئىلھاملاندىم، ھەمدە زور شەرەپ ھېس قىلدىم. مەن ئالدى بىلەن ئاشۇ قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تورلاردا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازنىڭ بىر پەيلاسوپ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى مەركەز قىلغان بىر مەيدان بەس-مۇنازىرىنىڭ باشلانغانلىقىغا ھازىر بىرەر ئايچە ۋاقىت بولدى. بۇ بىر ئاي مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر ئاي بولدى. مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەندىشىلىك بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭ سەۋەبى مەن دېمىسەممۇ قېرىنداشلارغا ئايان. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىم مەندىن باشقا يەنە خېلى كۆپ قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلاندى.

مەن ھازىرغىچە بۇ مۇنازىرىگە قاتناشمىدىم. سەۋەبى، مەن قىلماقچى بولغان، مۇھىملىق دەرىجىسى بۇ مۇنازىرىدىن كۆپ يۇقىرى بولغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇۋاپىق كەسىپ ئەھلىلىرى، ۋاقتى، ئورنى، ئاڭلىغۇچىلىرى، تىلى، ۋە ئۇسۇلى بار. بۇ قېتىمقى مۇنازىرە مۇۋاپىق بولمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا، مۇۋاپىق بولمىغان زاماندا، مۇۋاپىق بولمىغان سورۇندا، ۋە مۇۋاپىق بولمىغان تىل ۋە ئۇسۇلدا باشلاندى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئەڭ دەسلەپىدىن تارتىپلا مۇقەررەرلەشكەن ئىدى. ھازىر ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بولمىدى.

مەن بۈگۈنمۇ بۇ مۇنازىرىگە قاتناشمايمەن. يەنى، «پەيلاسوپ» ھەققىدە توختالمايمەن. ئەمما، ئۆزىمىزگە بولىدىغان زىيانلارنى سەل ئازايتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

**1. ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ۋەقەدە يالقۇن روزى ئەپەندى بىلەن زۇلپىقار بارات ئەپەندىنىڭ ھېچ قايسىسى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزمىدى. بۇ قېتىم يالقۇن ئەپەندى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازغا باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆز-قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زۇلپىقار ئەپەندى بولسا يالقۇن ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل كۆز-قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە زۇلپىقار ئەپەندى پەقەت يالقۇن ئەپەندىنىڭ باھاسىغا قارىتا ئۆز كۆز-قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، يالقۇن ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە باھا بەرمىدى، ياكى ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلمىدى. ئىلىم ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇنداق ئىش داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنى ھازىرقىدەك بىر يۇقىرى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىنى ئەيىبلەش زادىلا زۆرۈر ئەمەس ئىدى. ئۇنداق قىلىش بۇنىڭدىن كېيىنمۇ زۆرۈر بولمايدۇ.**

**2. ئەگەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستاز ئۈستىدىن بىرەر ئىلمىي تەشكىلات ياكى «باھالاش كومىتېتى» گە ئوخشاش دائىرىلەرگە تەۋە بولغان بىرەر ھۆكۈمەت ئورگىنى رەسمىي باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان قاراردىن بىرەرنى ئالسا، ئۇ چاغدا لاياقەتلىك كەسىپ ئەھلىلىرى ئۇ قارارغا قارىتا قانچىلىك دەرىجىدە نارازىلىق بىلدۈرسە مېنىڭچە بولۇۋېرىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى ھازىرقىدەك ئۆزىمىزگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدىغان بىر دەرىجىگىچە چوڭايتقىنىمىز زادىلا قاملاشمىدى.**

**3. ھازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن، زىيالىيلارنىڭ دەرھال يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھىم مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىمنىڭ «پەيلاسوپ» ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرھال ھەل قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن تورداشلار بۇ قېتىمقى ۋەقەگە نىسبەتەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بىر قىسىم ئورۇنسىز سۆزلەرنىمۇ قىلىپ قويدى. ئۇنداق قىلىش ھازىرمۇ مەلۇم دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.**

**4. ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىگە ئاساسەن ئىگە بولالمايۋاتىمىز. بىز ئىگە بولالمايۋاتقان نەرسىلەردىن يېرىمىز، سۈيىمىز، بايلىقىمىز، نەپەس ئالىدىغان ھاۋالىرىمىز، جېنىمىز، جەسەتلىرىمىز، كىيىمىمىز، ساقال-بۇرۇتلىرىمىز، ياغلىق-دوپپىلىرىمىز، تاماقلىرىمىز، ناخشا-ئۇسسۇللىرىمىز، ۋە دىنىمىز قاتارلىقلار بار. شۇنداقلا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇرلىرىمىزمۇ بار. مۇشۇنداق شارائىتتا بىرەر زىيالىي چىقىپ، تارىختىكى مەلۇم بىر مەشھۇر ئەربابىمىزغا باھا بېرىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان بىرەر دەرىجىدىن، ياكى كۆپىنچە كىشىلەر «مۇۋاپىق» دەپ قارايدىغان بىرەر دەرىجىدىن سەل يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قويسا، ئۇ ئاكادېمىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئەمما، ھازىرقىدەك شارائىتتا ئۇنىڭ بىزگە ھېچ قانداق زىيىنىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر خەلقىمىز ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، روھلىنىپ، ئۈمىدلىنىپ، ۋە ئىرادىلىنىپ، شۇنىڭ تۈرتكىسىدە تەقدىرىمىزنى ياخشىلاش يولىدا بۇرۇنقىدىن بەكرەك تىرىشسا، ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بار. ھەق-ناھەق ھازىرچە مۇشۇنداق بىر تەرىقىدە ئازراق ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ ھېچقىسى يوق. كېيىن بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىمىز ئىگە بولالايدىغان بىر پەيت يېتىپ كەلگەندە، بۇنداق ئىشلارنى ئاسانلا ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن قېرىنداشلاردىن بىر ئادەم بىزنىڭ مەلۇم بىر**

تارىخىي ئەربابىمىزغا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ باھا بېرىپ سالسا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشنى، ئەمما بىزنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي ئەربابىمىزغا دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ باھا بېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۈرۈن چەت ئەلدىكى بىر كىشى ئەخمەتجان قاسىم ئەپەندىگە دۆشمەنگە ماس كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن باھا بەرگەنىدە، مەن ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش گەپلەرنى قىلغان ئىدىم. ھازىر ئۆزىمىزگە تەۋە نەرسىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. خەلقىمىزدىكى ئۈمىد چىرىغىنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ھازىرقىدەك شارائىتتا ئاشۇ ئاز نەرسىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزىمىز نابۇت قىلىۋەتسەك، ئۇنىڭ پايدىسى كىمگە بولىدۇ؟ زىيىنىچۇ؟

5. چەت ئەلدە ئوقۇپ، يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەت قىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىنتايىن يۇقىرى ئىمتىيازدىن ۋاز كېچىپ شۇنداق قىلىدۇ. ھەر يىلى ئالىدىغان 60-70 مىڭ دوللار ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق مائاشتىن ۋاز كېچىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە ئۆز يۇرتىغا ۋە ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى بولمايدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ يۇقىرىقىدەك يولنى تاللىمايدۇ. ئۇلارمۇ ئادەم. شۇڭلاشقا ئۇلارمۇ بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدە بىز ئۇلارغا ياخشىچە ۋە ئىلمىي يوسۇندا پىكىر بېرەيلى. ئەمما، ھەر قانداق شارائىتتا ئۇلارغا دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيلى. ئەگەر سىز شۇلار بېسىپ ئۆتكەن جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇلار ئەڭ سۆيگەن خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغاندا، ئۆزلىرىنى ناچار گەپ-سۆزلەر بىلەن دەپسەندە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانداق بىر دەرىجىدە زەخىملىنىدىغانلىقىنى سىز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئۇلار سىزنى سۆيىدۇ. سىزمۇ ئۇلارنى سۆيۈڭ. ئۇلارنى ئاسراڭ. ۋە ئۇلارنى قەدىرلەڭ.

6. ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس سانىنى 10 مىليون ئەتراپىدا، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئاشۇ نوپۇسنىڭ ئىچىدە يالقۇن ئەپەندى بىلەن زۇلپىقار ئەپەندىلەردىن قانچىسى بار؟ بىز ئۇلار كەتتۈرۈپ قويغان كىچىككىنە ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى نابۇت قىلىپ قويساق، پايدىنى كىم ئالىدۇ؟ زىياننىچۇ؟ دىنىمىزدىكى چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاللاھ بەندىلىرىگە جەننەت ئاتا قىلىدىغاندا قوللىنىدىغان ئىككى مۇھىم ئۆلچەم بار. ئۇنىڭ بىرى تەقۋادارلىق. يەنە بىرى گۈزەل ئەخلاق. گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر قانچە مۇھىم تەركىبىي قىسمى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلار سەل كەتتۈرۈپ قويغاندا ئۇلارغا ئاچچىقلانماسلىق، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۇنىڭغا سەبرە قىلىش، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش، دېگەنلەرمۇ بار. كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلىرىمىزمۇ ئادەم. شۇڭا ئۇلار بەزىدە خاتالىشىدۇ. سىزمۇ شۇنداق. ئەگەر نىيىتىڭىز دۇرۇس بولسا، ئۇلار خاتالاشقاندا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭ.

7. زۇلپىقار ئەپەندى ئۇيغۇر دىيارىدا قوللىنىۋاتقان ئىلىم تارقىتىش ئۇسۇلى ئۇ ئامېرىكىدا ئالغان تەربىيە ۋە ئۇ ئامېرىكىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاكادېمىيىلىك چېنىقىش جەريانىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەھۋالىغا ھازىرچە يۈزدە-يۈز ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ تۇتقان بەزى يوللىرىنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلار ھازىرچە يۈزدە-يۈز قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن ھازىرچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز-ئارا يول قويۇشنى، ۋە ئۆز-ئارا ئازراقتىن مۇرەسسە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق ئورنىنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەر قانداق بىر خەلق يەر ئۈستىدە تۇرۇپ،

ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر سەۋىيىدە يېتەكلەيدىغان زىيالىيلارغا موھتاج. شۇنداقلا ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقتا نەزەر سېلىپ، پەللىنى يۇقىرى قىلىپ تۇرۇپ يېتەكلەيدىغان زىيالىيلارغىمۇ موھتاج. ئاتالاپ ئۆتتۈشكە قەتئىي بەل باغلىغان بالداقنى تۆۋەن ئورنىتىپ قويىسىڭىز، سىز ئاسانلا ئۆز-ئۆزىڭىزدىن قانائەت ھېس قىلىپ، بەلنى قويىۋۋېتىپ، ھۇرۇن بولۇپ قالىسىز. بالداقنى ئېگىز قىلىسىڭىز، گەرچە كۆپرەك بەدەل تۆلەشكە، ئۇزۇن مۇددەت قاتتىق تىرىشىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇ ئاخىرىدا سىز ئۈچۈن پايدىلىق. يەنى زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ تۇتقان يولى خاتا ئەمەس. زىيانلىقمۇ ئەمەس. مەن قېرىنداشلاردىن زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈلىشىغا يول قويۇشنى، ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بېرىشنى، ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى سورايمەن. چەت ئەلدە ئوقۇپ، يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلار بىر قىسىم ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ بولدى. ئۇلار يۇرتىنىڭ شارائىتىغا تولۇق ماسلىشىپ بولغۇچە سىزمۇ ئازراق بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرۇڭ، ۋە رازى بولۇڭ.

مەن يېقىندا ئىدارەمدە يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، «ھەل قىلغۇچ سۆھبەتلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەن ئۈستىدە ئىككى كۈن دەرس ئالدىم. يېقىندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «پەيلاسوپ» ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرە دەل ئاشۇنداق «ھەل قىلغۇچ سۆھبەت» تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ پەننىڭ تورداشلارغا زور پايدىسى تېگىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا ئاللاھ بۇيرۇسا مەن يېقىن كەلگۈسىدە ئاشۇ پەننى كۆپ قىسىمغا بۆلۈپ تورداشلارغا تونۇشتۇرۇشۇم مۇمكىن.

مەن بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي. كەم قالغان يەرلىرىنى ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تەييارلايدىغان يازمىلىرىدا تەدرىجي تولۇقلاپ كېتىمەن. بۇ ئىنكاسنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋە ئالدىراش ۋاقتىمدا يېزىپ چىقتىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىكى نۇقسانلار ئۈچۈن تورداشلاردىن ئەپۇ سورايمەن.

يېقىندىن بۇيان بىر قانچە ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئادالەتسىزلىك ھادىسىسى ئېغىرلىشىپ مېڭىۋاتىدۇ. يەنى ئايرىم باشقۇرغۇچىلار بەزى تېمىغا چۈشكەن، پەقەت ئاپتورنى قوللايدىغان ۋە ئاپتورنى مەدھىيىلەيدىغان ئىنكاسلارنىلا ساقلاپ قېلىپ، قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ ئىنكاسلىرىنى تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈپ مېڭىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا نارازى بولۇپ، ماڭا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلغان تورداشلاردىن نەچچىسى بار. بۇ خىل ئەھۋال مېنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋاتىدۇ ۋە ئازابلاۋاتىدۇ. بىز كەينىمىزگە قاراپ ئەمەس، ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق توغرا بولاتتى. بىزگە سىرتتىن كېلىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرمۇ يېتىپ ئاشاتتى. مەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا مەزكۇر يازمىنىڭ بوزقىردىن باشقا تور بەتلىرىگە كۆچۈرۈپ چىقىرىلىشىنى خالىمايمەن. بۇ ئىشنى تورداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت!

**قوشۇمچە: يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى**

## 20 - ئەسىردىكى بىردىن-بىر پەيلاسوپ — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

**2015-05-13، مىسرانىم**

پەلسەپە چېتىلىش دائىرىسى كەڭ پەن، ئۇنى ئۆگىنىش ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزىدۇ. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر پەلسەپە ئۆگىنىشكە قىزىقسىمۇ، ئەمما قىزىقىش ئىدىيىۋى مەنزىلدىن تولىمۇ يىراق ھالەت. شۇڭا قىزىقىش بىلەنلا پەيلاسوپ بولغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى بىر پەيلاسوپ بولۇش تولىمۇ مۈشكۈل. پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەت ئۈستىدە تەۋرەنمەي ئىزدىنىدىغان جاسارەت ۋە ماھىيەتنى كۆرەلەيدىغان پاراسەت بولۇش، شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇش، بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ ھەم ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇش، مۇلاھىزە كۈچى كۈچلۈك ھەم لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى ئۈستۈن بولۇش شەرت. پەيلاسوپلۇق گەپدانلىق ئەمەس، پەيلاسوپلۇق جۆيلىمىچىلىك ئەمەس، پەيلاسوپلۇق قۇرۇق نوپۇز ئەمەس! پەيلاسوپلۇق ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىق ئاساسىدىكى ئىدراكىي يۈكسەكلىك. شۇڭا ئامېرىكىلىق مورتىمېر ئادلېر «ھەقىقىي پەيلاسوپ كەم تېپىلىدىغان گۆھەر» دەيدۇ. تەلىيىمىزگە، دەل مۇشۇنداق كەم تېپىلىدىغان گۆھەردىن بىرى خەلقىمىزگە نېسىپ بولدى. ئۇ بولسىمۇ 20-ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندۇر.

2015-ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتىغا 20 يىل بولدى. بۇ 20 يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ بۇ مۇتەپەككۇر ئۇستازغا بولغان تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، سېغىنىشى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش، قېتىرقىنىپ ئوقۇش، قاراشلىرىنى نەقىل ئېلىش، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئىستېمال قىلىش، ئۇنى خاتىرىلەش مەقسىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش يىلسېرى كۆپەيدى. قارىماققا خەلقىمىز بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ قەدرىگە بارا-بارا يېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھاياتىدا كۆپ زەربىلەرنى يېگەن، ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، چەتكە قېقىلغان، يېتىم قالدۇرۇلغان بىر ئالىمنىڭ بۈگۈنكىدەك قەدىرلىنىشىنى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان بىر ئىجابىي خىسلەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىشتە يەنىلا يېتەرسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز. شۇ مەنىدىن، ئۇنى تەرىپلىگەندە پەيلاسوپلىقتىن ئىبارەت خاس ئالاھىدىلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، ئۇ ھايات چېغىدا، ئاجايىپ مول نەتىجە-ئۇتۇقلىرى بىلەن زامانداشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ھۆرمەت، ھەۋەس ۋە ئالقىشقا خېلىلا سازاۋەر بولغان. بىراق، ئۇنىڭ مول تالانتىنى ۋە ئۇ ياراتقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي پەللىلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش جەھەتتە تېخىچە يۈزەكىيلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىمىز. مەسىلەن، مەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا كىمنىڭ تۇنجى بولۇپ رومان يازغانلىقى توغرىسىدىكى

تالاش-تارتىشلىق سۆھبەتلىرىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئەمما، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رويابقا چىقارغان تۈنجى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كىتابلار ھەققىدىكى سۆھبەتلەرنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مۇنداق تۈنجى 10 تۈرلۈك ئەمگەكنىڭ ساھىبى.

1. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى توغرىسىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى.
2. مۇقام ھەققىدىكى تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.
3. فارابى ھەققىدىكى تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.
4. ئېستېتىكا ھەققىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى.
5. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق تۈنجى پەلسەپىۋى نەسر توپلىمىنىڭ ئاپتورى.
6. تۈنجى رۇبائىي توپلىمىنىڭ ئاپتورى.
7. «ئائىلە» ناملىق تۈنجى ئېتىكا كىتابىنىڭ ئاپتورى.
8. مىڭئۆيي سەنئىتى بىر پۈتۈن تەتقىق قىلىنغان تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.
9. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىر پۈتۈن تەتقىق قىلىنغان تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.
10. قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى.

مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىر-بىرىدىن قىممەتلىك بۇ 10 تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان پەللە باشقىلار تەرىپىدىن ھازىرغىچە يېڭىلانغىنى ھېچ بولمىغاندا سەۋىيە جەھەتتىن يېقىنلاشقىنى يوق. بىز ئالىمنىڭ ئۆتۈقلىرىنى يەنىلا مۇشۇ ساھە ۋە مۇشۇ ژانىرلار بويىچە يۇقىرى ئىلمىي ۋە بەدىئىي «رېكورت» ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئېيتالايمىز. ئەمما، بىز پات-پات گېپىنى قىلىدىغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تۈنجى رومانىنىڭ سەۋىيىسىنى كېيىنكى يازغۇچىلار كۆپ جەھەتتىن يېڭىلىۋەتتى. بۇ ھەممىگە ئايان!

دېمەك، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن قەدىرلەش جەھەتتە بىز يەنىلا يۈزە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

باشتا تىلغا ئالغىنىمدەك، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى 20-ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ. بۇ ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئېيتىلغان ھۆكۈم ئەمەس. 20-ئەسىر تارىخىمىزدا پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭلا خاس پەلسەپە ئەسەرلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئەدەبىي ئەسەرلىرى بار. مەسىلەن، خاس پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، "قاتلاملىق ئېستېتىكا"، "ئائىلە" ناملىق بەش پارچە كىتابى؛ پەلسەپىۋى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن "سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى"، "رۇبائىيات"، "ئارىفنامە" ناملىق ئۈچ پارچە كىتابى ۋە "فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى"، "كۇماراجىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى"، "ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى"، "پەلسەپەنى ئىسلاھ قىلىش تېزىسلىرى"، "‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيىسى"، "كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا"، "ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆت زات قارىشى"، "قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىق قاراشلىرى"، "قاتلام نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ مېتودولوگىيەلىك قىممىتى" قاتارلىق ماقالىلىرى بار. مانا بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇ شۈبھىسىز ھالدا، پەيلاسوپ دېگەن شەرەپكە مۇناسىپ. 20-ئەسىر تارىخىمىزغا ھەرقانچە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر

سالساقمۇ بۇ شان - شەرەپكە مۇناسىپ يەنە بىر ئادەمنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيمىز. كەلتۈردۇق دېگەندىمۇ، تەتقىقات كۆچىدىن خالىي پەلسەپە ئوقۇتقۇچىلىرىنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇلارنىڭ نەشر قىلىنغان خاس ئەسەرلىرى يوق، بولسا پەقەت ئۆمرى قىسقا كونسپېكلىرىلا بار. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خاس ئەسەرلىرى بولغاندىن تاشقىرى ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيىسى مېتودولوگىيەسى ۋە قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى بار. بۇ ھەرگىزمۇ قارىسىغا ئاشۇرۇپ ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيىسى مېتودولوگىيەسى تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىي زاتلىق قاتلاملىققا ئىگە، شۇڭا ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىن قاتلام مېتودولوگىيەسى پرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم دېگەن قاراشنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى گۈزەللىكنى تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئىزاھلاشتىن پەرقلىق ھالدا گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي گۈزەللىك)، بىلىش نەزەرىيەسىلىك (ئېستېتىكىلىق)، سەنئەت گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئاجرىتىپ، ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما.

بىز بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پەقەت ئىككىلا زاتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي سىستېمىسى بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ بىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب - ئىسلام پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز دەپ تەرىپلەنگەن ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ناتۇرال پانتېزملىق پەلسەپە سىستېمىسى، يەنە بىرى 20 - ئەسىردە ئۆتكەن ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى. كۇماراجىۋا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق بۈيۈكلىرىمىزنىڭمۇ ئىلمىي سىستېمىسى يوق، پەقەت پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە قاراشلىرىلا بار. ئىدىيە، قاراش، تەلىمات، ئىلمىي سىستېما دېگەن ئۇقۇملار لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە ۋەزنى جەھەتتىن پەرقلىق ئۇقۇملاردۇر.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى نەتىجە - ئۇتۇقلىرى ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان پەلسەپە ساھەسىگە غەلىبىلىك كىرىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ پەلسەپە توغرىسىدا ئېچكىرى ئۆلكىلەردە ئېچىلغان دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان، ئەنخۇيدا نەشر قىلىنغان "جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى" ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنىڭ ئاساسلىق ئاپتورى ۋە باش مۇھەررىرى بولغان. "جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"دا فارابىينىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەندە مەشھۇر پەيلاسوپ يۈ گۇاڭيۈەننىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، كۆڭزى خەلقئارا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا راست كۆڭفۇزىدىن يالغان (راۋاجلاندۇرۇلغان) كۆڭفۇزى ئۇستۈن تۇرىدۇ دەپ سۆزلىگەندە چەت ئەللىك ئالىملار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياغدۇرغان. نەتىجىدە "جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى 20 مۇنەۋۋەر پەيلاسوپىنىڭ بىرى" دەپ قارالغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان "شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە، ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار" ناملىق كىتابنىڭ ئاساسلىق ئاپتورى ئىكەنلىكى ئۇنى شىنجاڭدىكى قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قىلغان. چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز پەلسەپە، ئىدىيە تارىخىنى ئۇ يازغان.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن پەلسەپە كەسپىدە مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان پەيلاسوپ ئەمەس. ئۇ 17 يېشىدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو ـ خىمىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كېلىپ ئىككى يىل ئوقۇغان. ئۇ ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا خەنزۇ تىلىنى بىرىلىپ ئۆگەنگەن. "ھاياتلىق ماددىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى"، "ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى" ناملىق ئىككى بىراشورا يازغان. شۇ جەرياندا پەلسەپىگە قىزىقىپ قالغان. ئىۋان پاۋلوفنىڭ نېرۋالوگىيە تەلىماتى، لېبىيشىنكايانىڭ ھۈجەيرە توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئورلوفنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرى، فىزىكلارنىڭ يېڭىچە يادرو فىزىكىسى قاراشلىرى ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرى كانت ۋە گېگىل تەلىماتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ تەبىئەت پەلسەپىسىگە بولغان قىزىقىشى شەكىللەنگەن. ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇشتەك جىددىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئوقۇشتىن توختاپ ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بەلگىلىگەن. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەنگەن يىلى غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر بولغان نيۇتوننىڭ "تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئاساسى"، ئەپلاتوننىڭ "غايىۋى دۆلەت"، ئارستوتېلنىڭ "مېتافىزىكا" قاتارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرغان. ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىرەر يىل بولغاندا شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيەسىگە ئەۋەتىلىپ بىر يىل ئوقۇغان.

دېمەك، ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بولغان. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ماھىر بۇ ياش ئالىم پەلسەپىدىن ئىبارەت تۈرلۈك پەنلەرگە چېتىلىدىغان بۇ ئىلىم ساھەسىدە مول بىلىم ۋە يۇقىرى تەتقىقات قابىلىيىتى ھازىرلاپ ئاخىر 20 ـ ئەسىردە خەلقىمىزدىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ دېگەن بۈيۈك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پەيلاسوپقا خاس پىكىر قۇۋۋىتى ۋە تەتقىقات كۈچى بىلەن پەلسەپە تارىخىمىزنى ئۇنتۇلماس خاس ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن بېزىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، تۈرلۈك ژانىرلاردا، ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مول ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇ 60 يېشىدا يازغان "ئۆمۈر تەلقىنلىرى" ناملىق ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىلمىي قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى "تەييار داپقا پېرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم" دەپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. ئۇ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىمۇ، مۇشۇ ئىلمىي پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، "قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا" ناملىق كىتابىدا ماتېرىياللارنى رەتسىز دۆۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنى بايان قىلغاندا ئىمكانقەدەر مىللىي ھاياتىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىلەرنى بېغىشلىدى. تارىخىي ئوبزور ۋە قايتا ئويلىنىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلىرىدە ئۆتكۈر ھەم ئەتراپلىق مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى 60 يېشىدا يازغان "ئۆمۈر تەلقىنلىرى" ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقىنىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى پىكىرلىرىم ھەمىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلىرىم بىلەن ‹ئارىفنامە›دىن كۆرۈش مۇمكىن."

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بوشلۇق خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چېلىقارلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم ۋە پەيلاسوپ، تالانتلىق ئەدىب ۋە تۆھپىكار مائارىپچى. بىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇشەققەتلىك ھايات مۇساپىسىدە ئىپادىلىگەن ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىجاد قىلغان ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ پەيلاسوپلارچە پاراستى ۋە پەزىلىتىنى كۆرەلەيمىز.

(بۇ ماقالە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 5 – ئاينىڭ 12 – كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

# بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟

**2015-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى**

مەن ئۆزۈمنىڭ «پەيلاسوپ مۇنازىرىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» دېگەن ئىنكاسىنى ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۆلۈنۈشنىڭ دەرىجىسىنى تەۋەنلىتىش مەقسىتىدە يازغان ئىدىم. ئەمما ئىزدىنىش ۋە باغداش مۇنبەرلىرىدىكى ئاشۇ تېمىنىڭ ئاستىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنى كۆرۈپ، مەن ئەسلىدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلىدىممۇ-يوق، ھازىر ئۈنى جەزملەشتۈرەلمەي قالدىم. يۇقىرىدىكى مۇنبەرلەردە ناھايىتى كۆپ ئېسىل ۋە قىممەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. شۇنداقلا بىر قىسىم ساپاسىز ئىنكاسلارمۇ يېزىلدى. مەن ياخشىلىرىغا رازى بولدۇم ھەم ئۇلاردىن سۆيۈندۈم. شۇنداقلا ناچارلىرىدىن ناھايىتى بىئارام بولدۇم. مەن بۇ يەردە تورداشلاردىن ياراتقۇچىمىزغا بولغان ساداقىتىمىز، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈمىز، ۋە ئۇلۇغ رامىزان ئېيىمىزغا بولغان ھۆرمىتىمىز نۇقتىسىدىن ساپاسىز ئىنكاسلارنى يېزىشنى ئەمدى توختىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى بىز ناچار ئىنكاسلارنى يازماي، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تاپقان بولساق. مەن ئۆتۈنەي.

مەن بۈگۈن باغداشتىكى «زۇلپىقار بارات: يالقۇن روزى بىلەن سۆزلىشىش» (http://bbs.bagdax.cn/thread-29996-1-1.html) دېگەن تېما ئاستىدىكى ئىككى قىسىملىق سىن ھۆججەتنى كۆرۈپ چىقتىم. ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن غەمگە پاتتىم. كاللامغا «بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال كىرىۋالدى. مەن ھەر قېتىم يىقىلىپ چۈشكەندە، شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا «مەن ئۈچۈن كېيىنكى ئەڭ ياخشى تاللاش قايسى؟» دەپ ئويلاشنى باشلايمەن. دېمەك، مەن ھېلىقى سىن ھۆججەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈم يىقىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. سەۋەبى، مەسىلە تېخى ھەل بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىزدە ھازىر يېڭى بىر مەسىلە مەيدانغا چىققىلى تۇرۇپتۇ. بۇ دېگىنىم زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ ھېلىقى سىن ھۆججەتلىرىدە دېگەنلىرى خاتا ئىكەن، دېگەنلىك ئەمەس. زۇلپىقار ئەپەندى ئۇ سورۇندا يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىكى «ئاجىزلىق» دەپ قارالغان نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە توغرا باياناتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇ سورۇندا زۇلپىقار ئەپەندى بىر «ماقالە باھالىغۇچى» رولىنى ئويناپتۇ. ياكى بىر «يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» نىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەپتۇ . ھەمدە مېنىڭچە زۇلپىقار ئەپەندى ئۇ رولنى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئورۇنلاپتۇ. ئەمدىكى گەپ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ مەسىلە توغرا ھەل قىلىنمايدىكەن، زۇلپىقار ۋە يالقۇن ئەپەندىلەرگە ئوخشاش بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش مەڭگۈ پەسەيمەي، ئۇ ھەتتا بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، مىللەت ئۈچۈن زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

مەن بىر ئاز ئويلىنىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلانغىلى بولىدىغان چارىلەردىن تۆۋەندىكىلىرى بارلىقىنى ھېس قىلدىم:

**1. يازغۇچىلار ئىلمىي نۇقتىدىن توغرىلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ماقالە يازماسلىق. بۇ ئۇسۇلدا مۇنداق بىر ئېغىر مەسىلە بار: بىر يازغۇچى بىر پارچە ماقالە يازغاندا، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى شەرتنى هازىرلىغان-هازىرلىمىغانلىقىنى كىم ئايرىيدۇ؟ يالقۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستاز ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئۆزى يېزىپ، بىر گېزىتتە ئېلان قىلىپتۇ. بۇ يەردە يالقۇن ئەپەندى «مەن توغرا يازدىم»، دەپ ئويلىدى. گېزىتنىڭ ماقالە تەستىقلىغۇچىلىرىمۇ «بۇ ماقالە لاياقەتلىك بولۇپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئەمما، هازىر ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، زۇلپىقار ئەپەندى «ئۇ ماقالىدە مەسىلە بار»، دەۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكىسى بىر چارە بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرماق ئاسان ئەمەس.**

**2. پەلسەپە، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدىكى ماقالىلەرگە زۇلپىقار ئەپەندى «يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» ياكى «باھالىغۇچى» بولۇپ بېرىش. يەنى، ماقالە ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، زۇلپىقار ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ چىقىپ، تۈزىتىدىغان، تولۇقلايدىغان ۋە ئېلىشۋېتىدىغان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش. بۇ جەريانىنى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا زۇلپىقار ئەپەندى رازى بولغاندا، ئۇنى ئاندىن ئېلان قىلىش. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سىن ھۆججىتىدە زۇلپىقار ئەپەندى ئاشۇنداق «يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» لىق رولىنى ئىنتايىن ياخشى ئويناپتۇ. ئەمدى بۇ چارىدىمۇ ئېغىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، (1) ئۇنىڭغا زۇلپىقار ئەپەندى ئۇنامدۇ-يوق. (2) ئۇنىڭغا يالقۇن ئەپەندى ۋە باشقا يازغۇچىلارنى قوشۇلامدۇ-يوق. ئەگەر يازغۇچىلار قوشۇلمىسا، زۇلپىقار ئەپەندى باشقىچە ئۆزگىرىپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قېتىم بىر يېڭى ماقالە ئېلان قىلىنغاندا، بۇ قېتىم يۈز بەرگەن ئىش يەنە يۈز بېرىدۇ، دېگەن گەپ.**

**3. يازغۇچىلار ئۆز ماقالىلىرىنى بۇرۇنقىدەك ئېلان قىلىۋېرىش. ئەگەر ئۇنىڭدا مەسىلە بار بولسا، تەنقىدچىلەر ئەسلىدىكى ماقالىدىكى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە تۈزىتىدىغان ماقالىدىن بىرنى يېزىپ، ئەسلىدىكى ماقالە نەدە ئېلان قىلىنغان بولسا، ئۇنى شۇ يەردە ئېلان قىلىش. مەن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدىغان خەلقئارالىق ژۇرناللاردا بۇنداق ئىشلار ئانچە-مۇنچە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ياخشى يېرى، تورداشلار بۇ قېتىمقى مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇنداق بىر جۈپ ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاساسەن ئۆگىنىۋالالايدۇ. ھەممە ئۆز-ئارا سۆز ئۇرۇشى ئېلىپ بارماي تۇرۇپلا، ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق، ۋە ساپاسىزلىق قىلماي تۇرۇپلا شۇنداق قىلالايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا پەقەت كەسىپ ئەھلىلا سۆزلەيدۇ. قالغانلار بولسا «ئاڭلايدۇ». بۇ ئۇسۇلدىكى بىر مەسىلە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى گېزىت-ژۇرناللار تەنقىدچى ياكى تۈزىتىش ماقالىسىنى بېسىشقا ئۇنامدۇ-يوق، دېگەندىن ئىبارەت.**

**4. زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئالدى بىلەن دوكلات بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سوئال-جاۋاب ۋاقتى بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلىش. مەن قاتنىشىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنداق يىغىنلار. بۇنداق يىغىنلارغا كىشىلەر پۇل تۆلەپ قاتنىشىدۇ. ئالدىن پۇل تۆلەپ تىزىملاتمىغانلار يىغىن مەيدانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. بىر يىغىننىڭ تىزىملىتىش پۇلى 500-700 دوللار ئەتراپىدا. ھەممە بۇنداق يىغىنغا ئاساسەن كەسىپ ئەھلىلىرىلا قاتنىشىدۇ.**

**مەن بۇگۈن كۆرگەن «زۇلپىقار بارات: يالقۇن روزى بىلەن سۆزلىشىش» دېگەن تېمىدىكى سىن ھۆججىتىدە زۇلپىقار ئەپەندى يالقۇن روزى ئەپەندىنى يۈز-تۇرانە مۇنازىرىگە چاقىرىپتۇ. مەن زۇلپىقار**

ئەپەندى كۆڭلىگە پۈككەن مۇنازىرە مەيدانىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى بىلمەيمەن. ئامېرىكىدا بۇنداق ئىش پەقەت سايلامغا نامزات بولۇپ تاللانغان قارىمۇ-قارشى پارتىيىلەرنىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مەن ھازىرغىچە بىرەر ئىلمىي مۇھاكىمىنىڭ ئاشۇنداق ئېلىپ بېرىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭلاشقا مەن زۇلپىقار ئەپەندى تەكلىپ قىلغان ئۇسۇلنى يۇقىرىدىكى تىزىملىككە كىرگۈزمىدىم.

قىسقىسى، زۇلپىقار ئەپەندى تەكلىپ قىلغان ئۇسۇل ئاڭلىنىشتا ناھايىتى ئورۇنلۇقتەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن تورداشلاردىن ھېچ قانداق قىممىتى يوق ئىشلار ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلماي، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار دۇچ كەلگەن يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر زۇلپىقار ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى تەكلىپىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ مەزكۇر مۇزاكىرە ئۈچۈن زور پايدىسى بار. بۇ مۇزاكىرىگە ئۆزى قاتناشسا تېخىمۇ ياخشى.

مەن زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ پەلسەپە، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە بىر ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ھەمدە ئۇنى ئاشۇ ساھەدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلقىمىزگە ناھايىتى كۆپ بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. ئەمما، زۇلپىقار ئەپەندى باشلىغان ۋە تەكلىپ قىلغان، ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئارقىلىق تارقىلىپ كەتكەن خاتا ياكى تولۇق بولمىغان ئىلمىي ئۇقۇملارنى تۈزىتىش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. مېنىڭچە ئۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ زىددىيەت ۋە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ، ياكى ئۇلارنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى يېڭى چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، ئاشۇ چارىلەرنىڭ ھەر بىرىسىدىمۇ ئېغىر توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار بار. مەن قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر چارىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت!

# زۇلپىقار ئەپەندىگە تەكلىپ

### 2015-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى

ھۆرمەتلىك زۇلپىقار ئەپەندى،

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئىنكاسىدا تېخى دېمىگەن ئازراق سۆزلىرىم بار ئىدى. ھازىر ئۇيالاپ باقسام ئۇ سۆزلىرىم ئاساسەن سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇڭلاشقا مەزكۇر ئىنكاسىمغا يۇقىرىقىدەك تېما قويۇپ قويدۇم.

مەن ئەندىشە ئىچىدە يېقىنقى بىر قانچە كۈن ئانچە ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. ھەمدە كۆپ ئىشلارنى ئويلىدىم. ئويلاپ باقسام ھازىر ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى يېڭى بىلىم ياراتقۇچى مىللەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئالمىغان بولۇپ، ھازىرچە يارىتىلىپ بولغان بىلىملەرنى ئۆگەنگۈچى مىللەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. يەنى، بىز ھازىرچە تېخى مەيدانغا كېلىپ بولغان ئىلىم-پەنلەرگە يېتىشىپ مېڭىش يولىدا تىرىشۋاتقان بىر مىللەت ئىكەنمىز. بۇ خىل ئەھۋالدا كېيىنكى 50 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتە زور ئۆزگىرىش ياساپ، «ئۆگەنگۈچى» دىن «ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى» بولۇپ كېتىشىمىز خېلى تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقا مىللەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كېيىنكى 50 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدىكى مۇھىم ۋەزىپە ئۆزىنى ساغلام تۇتۇپ مېڭىش ئىكەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنى ساغلام تۇتۇپ ماڭالمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلاردىكى ئىلىم-پەنمۇ غايىب بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ پەلسەپە، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە يۈزدە-يۈز توغرا بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ مېڭىشقا قارىغاندا، ئۆزىنى ساغلام تۇتۇپ مېڭىش كۆپ مۇھىم ئىكەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى ئىشنى ئوخشاش يوسۇندا ياخشى قىلىپ ماڭالىسا تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، كېيىنكىسىنى تاللاش بىردىن-بىر ئاقىلانە ئىش بولىدىكەن.

سىزنىڭ يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «پەيلاسوپ» ھەققىدىكى ماقالىسىگە نىسبەتەن ھازىرغىچە تۇتقان يولىڭىز، ۋە سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قانداق يول تۇتۇش ھەققىدىكى پىلانىڭىز مېنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالدى. مەن ئالدىنقى قېتىملىق ئىنكاسىمدا دېگىنىمدەك، ئىلىمدىكى زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تونۇشنى سايلامدا رىقابەتلىشىۋاتقان ئىككى كىشى بىر ئاممىۋى سورۇندا مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندەك ئۇسۇل بىلەن ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. يامان يېرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنداق ئىشلار كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىككى چوڭ زىيالىينىڭ ئۆز-ئارا سوقۇشۇشى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ، روھسىزلىنىدۇ، ۋە ئىرادىسىزلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ «پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش» ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، ئىرادىسىزلىنىش بىر مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلىشىدىكى بىرىنچى سەۋەب بولالايدۇ.

مەن ئالدىنقى ئىنكاسىمدا سىزنىمۇ رازى قىلىش، يالقۇن روزى ئەپەندىدەك باشقا يازغۇچىلارنىمۇ

رازى قىلىشنىڭ 4 چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، كېيىنكى ئىككىسى بولسا دۇنيادىكى ھەر قايسى كەسپىي ساھەلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان ئىلىم-پەن تەتقىقاتچىلىرى ھازىر قوللىنىۋاتقان، ھەمدە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان چارىلەر. سىز ھازىرغىچە ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىگە قارىتىلغان كۆز-قارىشىڭىزنى سىن ھۆججىتى قىلىپ باغداش مۇنبىرىدە تارقىتىۋېتىپ، ئاندىن يالقۇن روزى ئەپەندىنى ئوچۇق مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلدىڭىز. مېنىڭچە بۇ ئادىل بولمىدى. ھەم توغرىمۇ بولمىدى. بۇنداق ئۇسۇل قارشى تەرەپنى رەنجىتىدۇ. ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى زەخىملەندۈرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. سىز باشقىلار سورىغان سوئاللارغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. «مېنىڭ ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقىچەرەك قاراشلىرىم بار، ئەمما مەن ئۇنى كېيىنچە بىر مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا قويىمەن»، دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆز كۆز-قاراشلىرىڭىزنى يالقۇن روزىمۇ بار بولغان بىر ئىلمىي سورۇندا ئوتتۇرىغا قويسىڭىز، ياكى بولمىسا ئۇنى بىر پارچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئېلان قىلسىڭىز ياخشىراق بولىدۇ. ئىككى زىيالىي ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەندە، بىر زىيالىي ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ يەنە بىر زىيالىيغا قارىتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى يەنە بىر زىيالىيغا ئالدىن دەپ قويغىنى، ھەتتا يەنە بىر زىيالىينىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغىنى ياخشى. سەۋەبى بۇنداق ئىشتا مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك ئىككى خىل مەنپەئەت بار. ھەمدە بىرلىكنى ساقلاش يەنە بىر مەنپەئەتتىن مۇھىمراق. يۇقىرىقىدەك قىلىش ئاشۇ ئىككى خىل مەنپەئەتنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەڭلا ئېرىششنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر دىيارى بىر كىچىك زېمىن. ئۇيغۇر نوپۇسىمۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس. شۇڭلاشقا يۇقىرىقىدەك قىلىش ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس.

مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىككى كىشى ئارىسىدا مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە زىددىيەت پەيدا بولغاندا، پەقەت مىللەت مەنپەئىتىگە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى ئارىلاشتۇرۇپلا قويمايدىكەن، ئۇ زىددىيەتنىڭ قانچىلىك كەسكىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يەنىلا چىرايلىقچە ۋە ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى دىن توغرۇلۇق ماقالە تەييارلاۋاتقان مەزگىللەردە «مەۋلانە» قېرىندىشىمىز ماڭا قارىتا بىر پارچە «رەددىيە خېتى» يېزىپ ئېلان قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىدىم. سەۋەبى ئۇنىڭ نىيىتى پاك بولۇپ، ئارىلىقىمىزدا پەقەت ئازراق ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەن ئىدى. كېيىن بىز ئېلخەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق. ھەمدە بىللە ماقالە چىقىرىشقا كېلىشتۇق. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىپ، ئۇ پىلانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالدۇق.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، «ئابدۇراخمان كاشغەرى» قېرىندىشىمىز ماڭا قارىتا بىر پارچە «ئوچۇق خەت» يازدى. ئۇنىڭ نىيىتىمۇ پاك بولغاچقا، بىز ئېلخەتتە ئايرىم پاراڭلىشىپ، ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقنى يوق قىلدۇق. ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر-ئىككى پارچە ماقالىنى تەڭ تەييارلاپ تورلارغا چىقاردۇق.

مەن، بىر ئوپتىكا ئىنژېنېرى، ماڭا قارىتىپ «بىلىمخۇمار ئەپەندىگە رەددىيە» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان بىر نەپەر دىنىي زىيالىيمىز بىلەن بىللە دىنغا ئائىت تېمىلاردا ماقالە چىقارماقچى بولدۇم. يەنە شۇ مەن ماڭا قارىتىپ «بىلىمخۇمار ئەپەندىگە ئوچۇق خەت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان يەنە بىر نەپەر دىنىي زىيالىيمىز بىلەن بىللە دىنغا ئائىت بىر قانچە پارچە ماقالىنى بىللە چىقاردىم. بۇ ئىشلار ھېلىقى «خەت» لەر ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ

تەشەببۇسۇم بىلەن، ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ پاك نىيەتتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرستىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى.

دېمەك، «ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ». «نىيەت بار يەردە، ئامالمۇ بار».

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىز باغداشقا چىقارغان سىن ھۆججىتىدىكى سوئال-جاۋاب پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان سورۇندا بىر «ئۇستاز» سۈپىتىدە سۆزلەپسىز. ھەمدە سۆزلەش جەريانىدا «بىر تونۇلغان بىلىم ئىگىسىنىڭ پەيلاسوپقا مۇشۇنداق نامرات تەبىرنى بېرىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ»، «كۆلكىلىك ئۆلچەم»، ۋە «ئاغزىمنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىمەن»، قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپسىز. بۇ سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلار ئۇستازغا ئىشلەتسە بولىدۇ، ئەمما ئۇستاز ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلەتسە بولمايدۇ. ياكى بولمىسا، ئۇلارنى تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرىدىغانلار يۇقىرىراق ئورۇندا تۇرىدىغانلارغا ئىشلەتسە بولىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە بىر يۆنىلىشتە ئىشلىتىلسە بولمايدۇ. ئۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتسىڭىز سىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى ئۆزىڭىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىسىز. ئۇلارنى ئۆزىڭىزدىن سەسكەندۈرۈۋېتىسىز. مېنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغانلىرىم بىر مىسالدىنلا ئىبارەت. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق ئىنچىكە ئىشلاردا، ئىستىلغا ياتىدىغان ئىشلاردا دىققەت قىلمىسىڭىز، تىرىشچانلىقىڭىز سىز ئەسلىدە كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارمايدۇ.

مېنىڭ مەركۇر ئىنكاس ئارقىلىق سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، سىز ھازىرقىدەك شارائىتتا ئۇيغۇردىكى پەلسەپە، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ يۈزدە-يۈز توغرا بولۇشى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ قايسىسى مۇھىمراق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئوبدانىراق ئويلىنىپ باققان بولسىڭىز. سىز ئىلمىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقنى مىللەت ئۈچۈن كۆرستىۋاتىسىز. شەخسەن مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. زىيالىيلارنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۆرستىدىغان تىرىشچانلىقمۇ مىللەت ئۈچۈن. ھەمدە مېنىڭ قارىشىمچە ھازىرقى شارائىتتا ئۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ مۇھىمراق. ھېلىقى 4 چارىنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرقى ئىككىسىدىن بىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ھەم پەلسەپە، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى تارقىلىپ كەتكەن خاتا ئۇقۇملارنى تۈزەتكىلى، ھەم زىيالىيلارنىڭ بىرلىكىنىمۇ ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىزنىڭ باغداش مۇنبىرىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئاممىۋى سورۇندا ئوچۇق مۇنازىرىلىشىش تەكلىپىڭىزنىڭ ئورنىغا مەن ئوتتۇرىغا قويغان ئاخىرقى ئىككى چارىنىڭ بىرىنى قوللىنىش مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ باققان بولسىڭىز. سىزمۇ بىلىسىز، خەلقىمىز كەلگۈسىدىكى بىر كۈنى ھەقىقىي مىللەت تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاپ، ھەقىقىي مىللەت بۇزغۇنچىلىرىنى جازالايدۇ. مەن سىزنىڭ بىر ھەقىقىي مىللەت تۆھپىكارى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەمدە سىزنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

مەن ياپونلارنى تونۇشتۇرۇپ ئىككى پارچە ماقالە يازغاندا، ئۇلار ئۈچۈن «توغرا ئىش» ۋە «خاتا ئىش» دېگەن كاتېگورىيە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇلاردا پەقەت «ئاقىلانە ئىش» ۋە «ھاماقەتلىك» دېگەن ئىككى كاتېگورىيەلا بارلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. بۇ دېگەنلىك ياپونلار ئەخلاقنى بىر ياققا قايرىپ قويىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە كۆپ جەھەتتىكى ئەخلاقتا دۇنيادىكى باشقا ھېچ قانداق بىر مىللەت ياپونلارغا يەتمەيدۇ. ھازىرقى شارائىتتا بارلىق ئۇيغۇرلارغا ياپونلارنىڭ ئاشۇنداق كىشىلىك خاراكتېرى ۋە مىللىي روھىدىن ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ.

رەھمەت!

# ئابدۇۋەلى ئايۇپ ماقالىلىرى ئۈستىدىكى مۇنازىرە ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

**2016-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى**

كۆپلىگەن قېرىنداشلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر بىر قانچە ئۇيغۇرچە تور مۇنبەرلىرىدە ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇكىمىزنىڭ «تۈركىيەدە ياكى مىسىردا» قاتارلىق بىر قانچە پارچە ماقالىلىرى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىچە بۇ بەس-مۇنازىرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام مېڭىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزنى تەربىيىلەپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى توغرىلاش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتىمۇ چوڭ. مېنىڭچە ئىمكانىيەت يار بەرگەندە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «پاراڭلىشىش» ياكى پىكىر-ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرغىنى مىللەت ئېڭىدىكى يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ناھايىتىمۇ پايدىلىق بولۇپ، مەن ئالدى بىلەن بىر قانچە پارچە نادىر تېمىلارنى يېزىپ، بۇ قېتىمقى پىكىرلىشىش جەريانىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ئابدۇۋەلى ئۇكىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تۆۋەندە مەن بۇ قېتىمقى مۇنازىرە ئۈستىدە ئويلىغانلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

(1) مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە، يېقىنقى 25 يىلنىڭ مابەينىدە چەت ئەلگە چىقىپ، مەلۇم سەۋەبلەردىن ئوقۇمىغان، ئوقۇيالمىغان، ياكى ئوقۇشنى خالىمىغان قېرىنداشلارنىڭ سانى بىلەن، ۋەتەندە ئانچە تىرىشماي، ۋە ئوقۇشقا ئازراقمۇ ئىنتىلمەي ياشاۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ سانى ھازىر مىسىر ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلارنىڭ سانىدىن ناھايىتىمۇ كۆپ. مىللەتكە بولغان پايدىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلار چەت ئەلگە چىقىپ زادىلا ئوقۇمىغان قېرىنداشلار بىلەن ۋەتەندە ئۆگىنىشكە ئىنتىلمەي ياشاۋاتقان قېرىنداشلاردىن ياخشىراق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇنداق بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز دىندا ئوقۇۋاتقان ئۇكىلارنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى قوللىشىمىز، ئۇلارنىڭ روھىنى ئاسرىشىمىز ۋە قەدىرلىشىمىز، ۋە ئۇلار ھاسىل قىلغان ئىلگىرىلەشلەرنى مەدھىيىلىشىمىز كېرەك.

(2) ئون نەچچە مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر مۇسۇلمان خەلق كىشىلىرى ئىچىدىكى 3000 – 4000 كىشى دىندا ئوقۇسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. خۇددى بەزى تورداشلار ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇ يەردە ئوقۇغان بىلىمنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرامدۇ، ياكى ئۆز خەلقى ۋە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرامدۇ، دېگەن مەسىلە مەۋجۇت. ھازىر چەت ئەلدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلارنىڭ بىر قىسمى چوقۇم 1-يولنى تاللاپ، يەنە بىر قىسمى بولسا چوقۇم 2-يولنى تاللايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 3-يولمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي ئىسلامغا ماس كەلمەيدىغان، سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان، ۋە دۇنيا قوبۇل قىلالمايدىغان يەنە بىر يولدىن ئىبارەت. بەزى تورداشلار چەت ئەلدە دىندا ئوقۇۋاتقان ئۇكىلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئاشۇنداق 3-يولغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭچە ئاشۇنداق ئەندىشىنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار. ئەمما، ئەندىشىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چەت ئەلدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلار ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىش مېنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئىلمىيلىقتا ۋە

ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يارىتىلغاندا ياخشى ئادەم قىلىپ يارىتىلغان. يەنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھالىتى ( default status) «ياخشى ئىنسان» لىقتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بىز ھازىر چەت ئەلدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىشىنەيلى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى 3-يولنى تاللايدىكەن، ئۇ مىللەتكە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ داۋاملىق تەكىتلەپ تۇرايلى.

(3) مەن ھازىرغىچە تورلاردا ئېلان قىلغان يازمىلىرىمنىڭ بىر قىسمىدا دىن ئوقۇش بىلەن پەن ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ، ۋە شەرقتە ئوقۇش بىلەن غەربتە ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندا دىندىن توغرا ۋە تولۇق پايدىلىنىشنىڭ بىر كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆپ تەكىتلىدىم. مەن ئاشۇ نۇقتىنىڭ توغرىلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا مەن يۇقىرىدىكى 2-يولنى تاللىماقچى بولغان ئۇكىلاردىن بۇ تەۋسىيىگە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە بەزى ئۇكىلار بۇ تەۋسىيىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، بۇرۇن ئوقۇۋاتقان دۆلەتتىن يېڭى دۆلەتكە يۆتكەلدى. يەنە بەزى ئۇكىلار بولسا دوكتور ياسىر قازى ۋە «ئويغان» ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىرادىسىگە كېلىپ، مەندىن ئاشۇ مەكتەپلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مەن ئۇلارنىڭ مەكتىپى دەرسلەرنى پەقەت شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىلا ئۆتىدىغانلىقىنى (يەنى، ئۇلارنىڭ دەرسلىرى ئامېرىكىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك خىزمىتى بار كىشىلەر ئۈچۈن لايىھىلەنگەنلىكىنى)، ياكى بولمىسا بىر يىل ئىچىدە 9 ئايلىق كۇرس ئاچىدىغانلىقىنى، ھەمدە ھازىرچە رەسمىي باكلاۋۇر ياكى ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. يەنى، بۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ مەكتەپلىرى ھازىرچە پۈتۈن كۈن ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلالمايدىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ۋىزا چىقىرىپ بېرەلمەيدىكەن. ئەمما، ئامېرىكىدىكى باشقا 10 دەك داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر «ئىسلام تەتقىقاتى» كەسپىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىدىكەن. يەنى سىز باكلاۋۇرلۇقنى باشقا يەردە تاماملاپ، ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيالايدىكەنسىز. مېنىڭچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاشۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇغان 5 – 10 دەك زىيالىيلارغا كۈچلۈك ئېھتىياجى بار. مەن بىر قىسىم ئۇكىلارنىڭ ئاشۇنداق بىر غايە ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ ئۆز ئىزدىنىشىم ئارقىلىق ھازىرغىچە ھېس قىلغىنىم، يۇقىرىدىكى 2-يولنى تاللايدىغان ئۇكىلار غەرب ئەللىرىدىن بىرەرسىدە ئىسلام دىنىنى ئوقۇمىغان تەقدىردىمۇ، پەلسەپە، خەلقئارا دىنىي تارىخ، ئىنسانشۇناسلىق، خەلقئارا سىياسەت، پسىخولوگىيە، خەلقئارا قانۇن قاتارلىقلاردىن كەم دېگەندە بىرسىنى، ھەمدە تەبىئىي-پەندىن بىرسىنى ئوقۇسا، ئۆزى تاللىغان يولدىكى خىزمەتلەرنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى بىر يازمىسىدا، دوكتور ياسىر قازىنىڭ مۇنداق بىر ئوخشىتىشىنى تىلغا ئالدىم: جىنلار نۇر تېزلىكىدە ماڭىدۇ، ھەمدە ئىنسانلارغا بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەيدۇ. جىنلارنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيىتى نۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئوتتىن يارىتىلغانلىقى، ھەمدە ئوتمۇ نۇرغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، جىنلار بەزىدە كۆرۈنىدىغان نۇرغا، يەنە بەزىدە بولسا كۆرۈنمەيدىغان نۇرغا ئۆزگىرەلەيدۇ.

يېقىندا مەن «تارتىش كۈچى دولقۇنى» ھەققىدە بىر پارچە قىسقا يازما تەييارلاپ مۇنبەرلەرگە يوللىدىم. تارتىش كۈچى دولقۇنىنىڭ بىر خۇسۇسىيتى، ئۇ نۇر ئۆتەلمەيدىغان بىر قىسىم نەرسىلەردىن بۇزۇلماي ئۆتەلەيدۇ. ئۇمۇ نۇر تېزلىكى بىلەن ماڭىدۇ. مېنىڭ يازمامنى ئوقۇغان بىر توردىشىمىز «ئۇنداقتا جىنلار تارتىش كۈچى دولقۇنىغا ئوخشايدىكەن»، دەپ ئىنكاس قايتۇرۇپتۇ. پەقەت دىنىدىلا ئوقۇغان، تەبىئىي-پەندە ئازراقمۇ ئوقۇپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك تەپەككۇر قىلالىشى، قۇرئاندىكى مەزمۇنلارنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

(4) مەن بۇ يەردە ھازىر مىسىر ياكى باشقا بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان قېرىنداش-ئۇكىلارنىڭ ئۆلگىلىك رولى ۋە مۇسۇلمانلىق ئورنى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن. ئەڭ ئالدى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئېسىگە سېلىپ قويىدىغىنىم، ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرەر «ئومۇمىي خەلق باھالىشى» ياكى «ئومۇمىي خەلق قارار ماقۇللىشى» ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىش يوق. ئابدۇۋەلى ئۇكىمىز پەقەت ئۆزىنىڭ «دىنىنى مىسىردا ئوقۇغانىغا قارىغاندا تۈركىيەدە ئوقۇغان ياخشىراق» دېگەنگە يېقىن كېلىدىغان بىر كۆز-قارىشىنى ئىسپاتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئۇكىلار بىر تەۋسىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. قالغانلار بولسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر مەجبۇرلىنىدىغان ياكى قانۇنىي جاۋابكارلىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىش ئەمەس. ئالدى بىلەن ھەممىمىز بىرسىنىڭ ئىدىيىسى ياكى تەشەببۇسىغا «باشقىلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكرىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش» پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايلى. باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىنى چىشلەپ تارتىش ۋە باشقىلارنىڭ نىيىتىگە باھا بېرىشتىن ساقلىنايلى. ئۇنىڭغا بىر چوڭ قارار ئېلىش جەريانىغا مۇئامىلە قىلغاندەك پوزىتسىيە تۇتۇشتىن تېخىمۇ ساقلىنايلى.

قۇرئاندا مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەكلىكى، ۋە غەيرى-مۇسۇلمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق مەزمۇنلار بار بولۇپ، مەن ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى يازمىلىرىدا ئازراق توختىلىمەن. بۇ يەردە ئويغاننىڭ بىر لېكسىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئۇ لېكسىيىنىڭ تېمىسى «ياخشى ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەڭ» بولۇپ، ئۇنىڭ يۇتيۇب سىن ھۆججىتى 2015-يىلى 5-مايدا ئىنتېرنېتقا قويۇلغان ئىكەن. ئويغان مەزكۇر لېكسىيىدە سۈرە بەقەر (2-سۈرە) دىكى ئىككى ئايەتنى چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ ئايەتلەر مۇنداق:

«ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ [108]. ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [109]. »

تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ يۇقىرىدىكى ئايەت ھەققىدە دېگەنلىرى:

بۇ ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل بولغان. قۇرئاندىكى ھەر بىر ئايەتنى چۈشىنىشتە، ئۇ ئايەتنىڭ قۇرئاندىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ 2 ئايەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىلەر دەپ بولۇنغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا مەدىنىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ، ئۇ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئەھۋالغا قارىتا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى مۇقىم بولۇپ، ئۇنى ھېچ كىم ياندۇرالمايدۇ»، دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئەگەر سىزنىڭ ئىمانىڭىز پۈتۈن بولسا، ئۇنى ھېچ كىم تەۋرىتەلمەيدۇ؛ ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىمانى تەۋرىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىمانى ئەسلىدە پۈتۈن ئەمەسلىكىدىن بولغان؛ ئىمانى پۈتۈن ئادەمنىڭ ئىمانىنى ھېچ كىم تەۋرىتەلمەيدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، مەسىلە ھەرگىزمۇ سىرتتىن كەلمەيدۇ – ئەگەر ئىمانىڭىز تولۇق بولىدىكەن، سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنى بىر ئادەم سىرتتىن تەۋرىتەلمەيدۇ. ئەگەر ئىمانىڭىز تەۋرىگەن بولسا، ئۇ پەقەت ئىچكى سەۋەبتىن شۇنداق بولىدۇ.

ئەمدى ھازىرقى زامانغا قاراپ باقايلى. ھازىر دۇنيادا ئىسلامغا قارشى تەشۋىقاتلار ناھايىتى كۆپ ۋە ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئىسلامغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىسلامنى چۈشەنمەي ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھېچ بىر ھاجىتى يوق. ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق. بۇنىڭغا قارىتا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ياشلار بىر خىل ئەندىشە ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا بىر ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ھەمدە ئۇلار بەزىدە خاتا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا كۆزدە تۇتقان دىن دۈشمەنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە قارشى چىقىۋاتقان كىشىلەر. بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بىر قىسمى بولسا ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، شۇنداقتىمۇ دىنىمىزغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار.

ئۇنداقتا بىز ئۇلارغا قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك؟ بۇ ھەقتىمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئېنىق تەلىم بېرىلگەن. يەنى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىڭلار، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار، دەپتەرنى بىر ۋاراق ئۆرۈڭلار، بۇ ئىشتا بىرەر مەسىلە يوق، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماڭلار، ئۇ ئىشلار ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ، ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئاللاھ ئۆزى قارار بەرگىچە ئاشۇنداق يول تۇتۇڭلار.» بۇ گەپلەر مېنىڭ گېپىم ئەمەس، ئۇ ئاللاھنىڭ گېپى.

بەزى ياشلار «ئۇلارنىڭ پۇلى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلار ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇلارغا تايىنىپ دىنىمىزغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ»، دەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ كۈچىدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭلار، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئاللاھ ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.» بۇ يەردە ئاللاھ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچىنى ۋە پىلانىنى تۆۋەن مۆلچەرلەۋاتقىنى يوق. ئاللاھنىڭ ئۇنداق ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋىرى بار. ئەمما ئاللاھ بۇ يەردە بىزگە ئاشۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى دەپ بېرىۋاتىدۇ. سىز چىدامىلىق بولۇشىڭىز كېرەك. سىز زېھنىڭىزنى تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارغا قارىتىشىڭىز كېرەك.

ئويغانىنىڭ لېكسىيىسىدىكى مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

مەن دىنىمىزنى ئۆگىنىش جەريانىدا مۇقەددەس كىتابتا گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمەن. يۇقىرىدىكىسى ئەنە شۇنداق مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئەمما، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە ئۇنداق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۇنچىۋالا كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. بەزىدە

ئۆز-ئۆزۈمدىن «بىزنىڭ كىشىلىرىمىز قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتقاندۇ؟ ئۇنى نېمىشقا ئوقۇۋاتقاندۇ؟» دەپ سوراپ قويىمەن.

يۇقىرىدىكى دىن دۈشمەنلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مەزمۇن ھازىر داۋاملىشىۋاتقان مۇنازىرىگە ئەينەن ماس كەلمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ ئويلىغىنىم، ئاللاھ مۇسۇلمانلاردىن دىن دۈشمەنلىرىگە يۇقىرىقىدەك كەڭ-قورساقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتسا، بىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ھازىرقىدەك قىلىپ كېتىشىمىز توغرىمۇ؟ بىز زادى نېمىنى تالىشىۋاتىمىز؟ بۇنداق تالىشىش كىمگە پايدىلىق؟ كىمگە زىيانلىق؟

(5) مەن ئۆز يازمىلىرىمدا چەت ئەلدىكى ئوقۇغان قېرىنداشلاردىن بىلمىنىڭ زاكىتىنى بېرىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلارنى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئارقىلىق ۋەتەندىكى ياشلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئۆزۈم ئويلىيالىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم. ئەمما، مېنىڭ ئۇ چاقىرىق ۋە تەكلىپلىرىم ئۆزۈم ئۈمىد قىلغاندەك نەتىجە بەرمىدى. «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» بولۇشقا شەرتى توشىدىغان نەچچە مىڭ كىشى ئىچىدىن ھازىرغىچە ئاران 51 نەپەرنى تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھازىر ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارغا ماقالە يوللاۋاتقان كىشىلەردىن قانچىسى بار، بۇ ھەممىيلەنگە ناھايىتىمۇ ئايدىڭ.

ئابدۇۋەلى ئۆكىمىز ھازىر چەت ئەلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئانچە خاتىرجەممۇ ئەمەس — ئۇنىڭ تېخى بىرەر مۇقىم خىزمىتىمۇ يوق. ئاشۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقنى ئاتاپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدەك ياشاش ئىنتايىن كۈچلۈك ۋىجدان ۋە مىللىي ئاڭ، ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنساپ، ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك مىللىي مەجبۇرىيەت ھېسسىياتى قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئارىمىزدا ئۇلارغا تەڭ ئىگە بولغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى يۈزدە-يۈز توغرا بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ دىن دۈشمەنلىرىدىن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەزىز. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇۋەلى ئۆكىمىز مىللەت ئۈچۈن بىر قىممەتلىك بايلىق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا كۆيۈنەيلى. ئۇنى ئاسرايلى. ئۇنى قەدىرلەيلى. ئەگەر ئۇ بەزى ئىشلارنى توغرا قىلالمىغان بولسا، ئۇنى ئۆز سەپىمىز ئىچىدىكى بىر ئەزا قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلايلى. ئۇنى نابۇت قىلىپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنايلى.

ئويغانىنىڭ يەنە بىر لېكسىيىدە دېيىشىچە، كىبىرلىك كىشىلەر ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكى يېپىق ئىكەن. سىز زادى نېمىنى تالىشىۋاتىسىز؟ مەن ھازىر ئابدۇۋەلى ئايۇپ ماقالىسى ھەققىدىكى مۇنازىرىگە قاتنىشىپ، پاكىتسىز ۋە ئىلمىيسىز پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان قېرىنداشلاردىن «مەن زادى نېمىنى تالىشىۋاتىمەن؟ مەن قايسى مەقسەتكە يەتمەكچى؟» دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] Never underestimate any good deeds**

**https://www.youtube.com/watch?v=WdCFsDiaXHE**

## مەزكۇر ماقالىگە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار:

بىلمخۇمار ئاكا،رەخمەت سىزگە! ئابدۇۋەلى مۇئەللىم ئۈچۈن يازغان بۇ يازمىڭىزنىڭ باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

= = =

ئالىم دىگەن هامان ئالىم
توغرا يولنى كۆرەر دائىم
ئازغانلارغا مەشئەل يىقىپ
قارڭغۇدا يانار دائىم

رەهمەت ئەركىنكا قىممەتلىك يازمىڭىز ئۈچۈن تەشەككۇر
دوسلار بىز مۇ ئوبيىكتىپ پىكىر قىلىشنى ئۈگىنەيلى

= = =

ياخشى تېما ،'ئەركىنكامغا رەخمەت ، قېرىنداشلىرىم پاكىت بىلەن سۆزلەيلى ، مۇشۇ ئاڭلىغاننى سۆزلەيدىغان ، بەرگەن تەسىر بىلەن هۆكۈم قىلىشتىن يىراق تۇرساق. ئىشەنچىلىك ئاساسقا ئىگە ئەمەس سۆزلەر بىلەن هسىياتچان ياشلارنى قايمۇقتۇرمايلى . تېما يازغۇچىلار ئەركىنكامدىن ئۆگەنسەك ،'ئاددى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەش . پاكىتلىرى تولۇق ،قايىل قىلارلىق !

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەركىنكا ، بۇ تىمىڭىز ئاجايىپ قايىل قىلارلىق بولۇپتۇ ،'ئاللا سىزگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن . كوكبورا!

= = =

ئەركىن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىكى سالماق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشمۇ ئادەمدىن مەلۇم ساپا تەلەپ قىلسا كېرەك. ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېيتىلغان سۆز بەك توغرا ئېيتىلغان بىز تالىشۋاتقان ئاشۇ مەسىلىلەر زادى بىز ئۈچۈن بىر پايدا ئېلىپ كېلەمدۇ يوق؟!
تەنها_روه

= = =

مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى دەپ دەپ لىكىن ئۇز قاراشلىرىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي يۈرگەنتىم مانا ئەمدى ئەركىنكامنىڭ بۇ يازمىسىنى ئوقۇپ هاردۇغۇم چىققاندەك بولدى . ئالى508

= = =

ئۆز خەلقىنى ياد ئەتكەن ۋە خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغانلار ئەلنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆكلەيدۇ . قولىڭىزغا دەرىت كەلمىسۇن ئەركىنكا !

= = =

هېلىمۇ سىزدە ئاقىل كىشىلىرىمىز بوپ قاپتىكەن ئەركىنكا .،

بولمىسا قاچانغىچە باشسىز يىلاندەك تىپىرلاپ يۈرە بولغىيتۇق .،.

= = =

مېنىڭچە - ئاللاھنى تونۇش ئۈچۈن بىر يىل كەتمەيدۇ، بىراق ئاللاھنى تونۇتۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يەتمەيدۇ.

ئاللاھنى تونۇش ئۈچۈن ئىلىم رىيازىتى چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا بەركەت تىلىگۈلۈك.

مەسىلە- ئاللاھنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئىلىم رىيازىتىنى ئىختىيار قىلغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەمىنلىك تىلىگۈلۈك.بىراق بىزنىڭ ئۇلار ھەققىدە بىلىش چۈشىنىش رىغبەت ۋە رىيال ھادىسلەر ھەققىدە پىكىرلىشىش، يېتەكلەش-يېتەكلىنىش مەسئۇلىيەتلىرىمىز بار (ئۇلارغا زور ئۈمۈد باغلانغاچقىلا «ئۇماق خاتالىق» لار كۆرۈلىدۇ)

باھانە سەۋەپنى قولغا ئېلىۋالغان ئەسكەرنىڭ تەقدىرى تەسلىم بولۇشتۇر.

قانۇن-ئىنتىزاملىق ھالدا كىشىلەر ئېڭىدىكى تارىخى تۇسالغۇلارنى كىشىلەر بىلەلەيدىغان ئەڭ يېنىك تىل بىلەن ئىپادە قىلىپ روھىيەتتىكى داشقاللارنى تازىلاش، شۇ ئارقىلىق ئىلىم -پەن قىزغىنلىقى دولقۇنى يارىتىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، ‹‹دەريا كەچمىگۈچە چوڭقۇرلىقىغا بىر نىمە دەپ بولماس››،

ئالىم بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ خەلقئارادىكى، بىر قىسىم ئىسلام تەشەببۇسچىلىرىنىڭ ئىلغار شەرھلىرىنى ۋە قاراشلىرىنى تەكلىماكاننىڭ بۈرجەكلىرىگە قەدەر يەتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى باھانە سەۋەپنى قولغا ئېلىۋالغانلار ئۈچۈن رۇشەن سېلىشتۇرما بولالىشى مۇمكىن....

تەنقىدنى قوبۇل قىلىش -پەقەت ئاقىللارغىلا خاس نېسىۋە بولۇپ شۇڭا ئۇ-چىنلىقنىڭ جېنى .

بىز نىمىنى ماختىساق شۇنىڭ ھەققەت بولىشى ناتايىن، چۈنكى-ھەققەت ماختاشقا ھاجەت ئەمەس. ئاقىللار ۋە ئۆزىنى ئاقىل چاغلايدىغانلار تەنقىد-ۋە تەكلىپ ئىمۇنىتىگە مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىكەن ئۇ چوقۇم غاپىلىق بۆشىگىدە مەڭگۇ ئۇخلىغۇچى.

ئەمىلىيىتى بولمىغان ئىشلارنىڭ ئادەمنى چارچىتىپ قويىمىشى تەبى.

«ئۆز كەسپىدىن ھالقىپ ماقالا يازدى.....دىنى مەھىيەتلىك تىملارنى مۇپەسسەل ئىگىلىرى يازسۇن.......» دىگەندىمۇ- «كېچە ئۆزۈن بولسا چۈشمۇ ئۆزۈن بولىدۇ، قەلەمنى ھەق ئىگىسى مەندىن تاپشۇرۇپ ئالغۇچە ئاددى ئىزدەنگۈچى سۈپىتىمدە مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن» دەپ قىممەتلىك ۋاختىنى ئىلغار دىنى تەشەببۇسلارغا، ئىنسانىيەتنىڭ يۇقۇرى ئىلىم-پەن ساھەسى ئۈچۈن شەخسىيەتسىز تەقدىم ئېتىپ كېلىۋاتقان ئالىمىمىزغا ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ نۇرىدىن نۇر ئالغان ئىزدىنىشچان، ئوت يۈرەكلىرىمىزگە ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيمەن. لاۋا0998

= = =

ھەقىقەتەن ئېسىل ماقالە بوپتۇ. ئەركىن سىدىق ۋە ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ئوخشاش نەزەر دائىرىسى كەڭ، يىراقنى كۆرەر كىشىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

= = =

تىما ئىگىسى ھارمىغايسىز ، چاڭقىغان يۈرەكلەرنى دائىم پاساھەتلىك ،چۈشىنىشلىك يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق سۇغۇرۇپ تۇرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن !

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئەركىن سىدىق ئاكا ،جاپا چەكتىڭىز .

"تەكشۈرۈپ -تەتقىق قىلمىغان كىشىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق " دىگەندەك يىقىندىن بىرى گۈلەن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىغا بەزى بىر سەلبى مەزمۇندىكى ئىنكاسلار بولدى ،'ئىجابى ئىنكاسلارمۇ كۆپ بولدى ،يىغىپ ئىيتقاندا خەلقىمىزگە باشتىن ئاخىر شەخسىيەتسىز ،سەممى پوزىتسىيە بىلەن كەڭ ئوقۇرمەننى مەنپەئەتلەندۈرۈپ كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە سىزمۇ بار)،دىمەكچى گۈلەن ئەپەندىنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ ئازغىنە يىتەرسىزلىكىدىن ھەرۋاقىت ئۈستۈن ئورۇندا تورىدۇ ،شۇڭا ھەر ۋاقىت خەلق قەلبىدىكى لاياقەتلىك زىيالى ،ھۆسۈللۈق زىيالى بولۇشقا مەنسۇپ !!!............

سىزنىڭ ئۇشبۇ ماقالىڭىز بۇ نوختىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ ،شەخسەن مەنمۇ مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە.

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاس يىزىشتىن بورۇن ،'ئەستايدىل پوزىتسىيە بىلەن بىزگە ئىلىپ كەلگەن ئىجابى ياخشى تەرىپىنى كۆپىرەك كۆزدە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ئاخىردا ئەركىن سىدىق ئاكا ۋە گۈلەن ئۇستازغا ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ئاللاھدىن ئاسايىشلىق تىلەيمەن ،بونۇڭدىن كىينكى شىلىرىنىڭ ئوقۇقلۇق بولۇشنى ،قىممەتلىك ماقالىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن . پانىدۇنيا

= = =

بىلىمخۇمار ئۇستاز يۇقارقى يېزىلغان يازمىلار توغرىسىدا بەكلا ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش بېرىپتۇ. مەنمۇ پىكرىنى قوللايمەن. كىشىلەر شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلمىغان مۇشۇنداق ئىلمىي مۇنازىرىلەرنىڭ بولغىنى، بولمىغىنىدىن ياخشى. بىزمۇ مۇنازىرە ئارقىلىق خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىكەنمىز-ئەمەسمۇ!

= = =

ئەسسالامۇ -ئەلەيكۇم ئەركىنكا،كەمىنە بىگاندىن سىغىنىپ سالام!

ئابدۇۋەلى ئايۇب ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىغا نىسبەتەن كۆز-قاراشلىرىڭىزنىڭ مۆتىدىل شۇنداقلا چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈستىدە ئىنساب بىلەن پىكىر قىلغانلىقىڭىزدىن سۆيۈندۈم .

ھارمىغايسىز!

= = =

ئالدىنقى قېتىملىق ئۆتكۈر مۇنازىرىلەرنىڭ ئايىغى چىقماي ، تازا ئىككى تام بولۇۋاتقاندا " بىلىمخۇمار " ئاكىمىزنىڭ بىر تىمىسى بىلەن ، ئاللا بۇرۇن تالاش ـ تارتىشقا ئايلىنىپ كەتكەن مۇنازىرە بېسىققان ئىدى .

بۇ قېتىممۇ بۇ تىمىڭىزنى تازا ۋاختىدا يوللاپسىز ، سىزگە كۆپ رەھمەت . توغرا يولنى كۆرسىتىپسىز ، سىزنىڭ بىرەر ئىشتىكى پىكرىڭىز ، ئاللاقاچان پىكرلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدى .

سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تىنىگە سالامەتلىك ، خىزمىتىڭىزگە ئالەمچە نەتىجە ، خاتىرجەملىك ، تېخىمۇ ئۆتكۈر تەپەككۇر تىلەيمەن . ساۋدا571 ئەقىل پاراسەت تىلەيمەن . ساۋدا571

= = =

دەل ۋاقتىدا ۋە ئىنتايىن قايىل قىلارلىق تەۋسىيە بوپتۇ بىلىمخۇمار ئاكا، بۇنىڭغىمۇ يەنە ئەزۋەيلەيدىغانلارنىڭ مەقستى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

= = =

ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا سىزدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىلمىسۆيەرلىك، ئەستايىدىللىق، ئەپۇچانلىق، مېھرىبانلىق، ئىزچىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىسىل پەزىلەتلىرىڭىزگە تولىمۇ قايىلمەن. بىزگە سىزدەك كىشىلىرىمىز تولىمۇ زۆرۈر ، ئابدۇۋەلى مۇئەللىمنىڭ يازمىسىغا يوللانغان ئىنكاسلاردىن شۇنچىلىك ئىچىم ئاچچىق بولغان ئىدى...بەس- تالاش قىلغان توراداشلارنىڭ قىسمەن ئاچچىق تەنىلىرى ھەقىقەتەن ئارتۇقچە ئىدى. بىز قاچانغىچە كەسىتىنىڭ قايچىلىدىغىدىن قۇتۇلالمايمىز؟ بۈگۈن سىزنىڭ يازمىڭىزنى ئوقۇپ شۇنداق خوش بولدۇم، خۇددى مەن دەي دەپ دىيەلمىگەن كۆڭۈل سۆزلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم، سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن! بايىلا ھەببۇللا توختى ئەپەندىمنىڭ ئابدۇۋەلى مۇئەللىمنىڭ يازمىسىغا قارىتا يازغان ئەسكەرتمىسىدە ئىپادىلەنگەن سۆزلەردىكى كىچىك پېيىللىقتىن، ئۆز ئارا ھۆرمەت تۇيغۇسىدىن، مەسئۇلىيەتتىن سۆيۈندۈم، بولسا ئىنكاس يازغاندا ھەممەيلەن مۇشۇنداق ئىلمى بولساق، ئۆز ئارا شەخسىيىتىمىزگە تېگىدىغان دىل ئازارى ئىبارىلەردىن ئىمكان بار ساقلانساق بەكمۇ ياخشى بولاتتى. ئاخىرىدا بارچە ئىزدىنىش يولىدا توختىماي تىرىشىۋاتقان ئەزىز قېرىنداشلىرىمىغا غەيرەت جاسارەت يار بولسۇن.

بىغۇبارىم

= = =

ئەركىن ئاكىمىز مۇشۇ تېما ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىپ زىدىيەتلىشىپ قېلىۋاتقان يەنى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كىتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى دە-تالاشلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. ئەركىن ئاكىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىشلىرىغا بەرىكەت، تىنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن. تېما ئۈستىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولۇپ قېلىۋاتقانلارنىڭمۇ مۇنازىرە قائىدىسى بۇيىچە ئىلمىيلىك بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بولۇپمۇ ئۆز ھىسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئەمەس، ئەمەلىي پاكىت ۋە دەلىللىرىمىز بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

= = =

ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن بىلىم خۇمار ئاكا ئاللاھ ئىلمىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە ۋەمەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، بۇ تېما ھەققەتەن ھەق ئۈستىدە ئادىل يېزىلىپتۇ .

= = =

كىتاب ئوقۇش يىلىدىن باشلانغان بىر نەچچە قېتىملىق كەسكىن مۇنازىرىلەرگە سىلىشتۇرغاندا بۇ مۇنازىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئەھمىيىتى زوردەك ھېس قىلدىم.

= = =

گۈلەن ئاكامغا ياخشى باھا بەرگىنىڭىزدىن بەك سۆيۈندۈم بىلىمخۇمار ئاكا ...گۈلەنكامغا قانچىلىك بىسىم كىلۋاتقانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلالىدىم.

= = =

چارچاپ قالغان بولساڭلار-كۆڭۈل ئارامىڭلاردا ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ 2010-يىللاردىكى ئۇيغۇر توربەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى بولسۇن!!!

http://abdurahman38.blog.sohu.com/164854735.html

# ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ئائىت يازمىغا تولۇقلىما

## 2016-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى

بۈگۈن ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇكىمىزنىڭ «كەچۈرۈڭلار» دېگەن يازمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم بىر ئاز يېرىم بولدى. روھىي جەھەتتىكى راھەتسىزلىك تۈپەيلىدىن، خېلى ئۇزۇنغىچە قولۇم ئىشقىمۇ بارمىدى. «مەن قىلىپ بېرەلەيدىغان نېمە ئىش بار؟» دەپ بىر ئاز ئويلاندىم. ئەڭ ئاخىرى مۇشۇ تولۇقلىما يازمىنى تەييارلاشنى قارار قىلدىم.

مېنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتىدىغىنىم، مېنىڭ ئالدىنقى يازمىدىكى «ئون نەچچە مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر مۇسۇلمان خەلق كىشىلىرى ئىچىدىكى 3000 – 4000 كىشى دىنىدا ئوقۇسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ» دېگەن سۆزۈم ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇكىمىزنىڭ ماقالىسىگە ئەمەس، ئۇنىڭغا چۈشكەن بەزى ئىنكاسلارغا قارىتىلغان. مەن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپلا ئەتراپىمدىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇشقا، ۋە ياخشى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلدىم. ئۇنى ھازىرمۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرى دائىرىسىدە داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، مىللىتىمىز ئۈچۈن ئىلىپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىشكە زادىلا ئىنتىلمەيدىغان، ئۇيغۇر دىيارى ياكى چەت ئەلدە ئوقۇشنىڭ بىرەر پۇرسىتىنى يارىتىش يولىدا زادىلا تىرىشىپ كۆرمەيدىغان ياشلىرىمىزغا قارىغاندا، بىرەر مۇسۇلمان دۆلىتىدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلىرىمىزنىڭ قىممىتى زور. پەقەت دىن ئۆگىنىش بىلەنلا توختاپ قالغان ياشلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دىنىنىمۇ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە باشقا كەسىپلەردىن بىرەرنى ئۆگىنىپ، بىر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتقان ئۇكىلىرىمىزنىڭ قىممىتى تېخىمۇ زور. بۇ جەھەتتە مېنىڭ كۆز-قارىشىم ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇكىمىزنىڭكى بىلەن بىردەك بولسىمۇ، مەن ئۆز يازمامدا بۇ ئىدىيىنى ياخشى ئىپادىلىيەلمەي قاپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇكىمىزدىن ئەپۇ سورايمەن. شۇنداقلا ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇكىمىزغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرىمەن.

مەن تورلارغا يېقىندا چىقارغان «تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلار» دېگەن يازمىنى مۇنداق دەپ باشلىغان ئىدىم: «دىنىمىز بىر ئۇلۇغ دىن بولۇپ، ئەگەر ئۇ توغرا چۈشىنىلگەن ۋە توغرا قوللىنىلغان بولسا، مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئائىلە، جامائەت، جەمئىيەت، مەملىكەت ۋە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ دائىرىدىكى ماكانلارنىڭ ھەممىسى ياشاشنىڭ ئەڭ گۈزەل ماكانىغا ئايلانغان بولاتتى. مۇسۇلمان بولۇپ ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچە باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق، پەقەت بولمىدى، دېگەندىمۇ باشقىلارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بولغان بولاتتى. ئەمما ھازىرقى رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. مۇسۇلمانلار دىن ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى توغرىلىمىسا ۋە چوڭقۇرلاشتۇرمىسا، ھەمدە نىيىتى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىنى پاكلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ساقلانغان مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.»

مەن ھازىرغىچە جۇڭگو، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 3 ئوخشىمىغان دۆلەتتە ياشاپ باقتىم. شۇ جەرياندا كۆرگەن ۋە ئۆز بېشىمدىن بىۋاستە ئۆتكۈزگەن بىر ئەھۋال شۇكى، سىز ئۆز ۋەتىنىڭىزدىن باشقا بىر دۆلەتتە ئۇزۇن مۇددەت ياشايدىكەنسىز، چوقۇم ئاشۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي كىشىلىك ساپاسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىڭىزگە مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋالىسىز. خۇددى تۆۋەندىكى 1-رەسىمدىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ نوپۇس سانى بارلىق مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئاران 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، بۇنى بىلمىگەن كىشىلەر ھازىر ئەرەب دۆلەتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئوخشىمىغان گۇرۇھ ياكى ئوخشىمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى كۆرۈپ، ئاسانلا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانلىق خاراكتېرى ئۆز-ئارا سوقۇشۇش؛ ئۇلار تارىختىن بۇيان ئىزچىل تۈردە شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتىدۇ»، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مەن ئاشۇنداق گەپلەرنى ئۇيغۇرچە تورلاردىكى ئىنكاسلاردا كۆپ ئۇچراتتىم. ئەرەب دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبىنى دىنىدىن كۆرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداقلا ئەرەب دۇنياسىدىكى ئاخىرى ئۈزۈلمەس ئىچكى زىددىيەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. ئاسانلا گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆز-ئارا سوقۇشىدىغان خاراكتېر ئەرەبلەرنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمىمۇ-ئەمەسمۇ، ئۇ ماڭا ئايان ئەمەس. ياپونلار بىلەن گېرمانلاردا ئۇنداق ئىش ئاساسەن يوق. مېنىڭچە بۇ دىن، تارىخ، ئىنسانشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىقلاردىن خەۋىرى بار زىيالىيلار چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمدە شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەرەبلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ساپاسى تەرەققىي قىلغان ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى. ئۇلارنىڭ ساپاسى ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئارقىدا قالدى. دۇنيا خەلقى ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلمايدۇ. دۇنيا خەلقى ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆلچەممۇ قىلمايدۇ. بۇ ئىشتا ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى سەگەك بولۇپ، ئۆزلىرىگە پايدىسىز يولنى تۇتماسلىقى كېرەك. مەن ئەرەب ئەللىرىنىڭ بىرەرسىدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلاردىن بۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمدەك، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دىن ئۆگىنىدىغان 3 – 4 مىڭ ئۇكىلار ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئەمما، ئۆزىگە بىر قىسىم ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاقىلانە ئىش قىلمايدىغان، ئىشنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن قىلمايدىغان، ھەر بىر ئىشتا باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۆز-ئارا ئۇرۇشماي تۇرالمايدىغان كىشىلىك خاراكتېرىنى يۇقتۇرۇۋالغان ئۇيغۇرلار بار بولىدىكەن، ئۇنداق كىشىلەر كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدۇ.

| دۆلەت ئىسمى | نوپۇس سانى | بارلىق مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى نىسبىتى |
|---|---|---|
| ھىندونېزىيە | 204,847,000 | 12.70% |
| پاكىستان | 178,000,000 | 11.00% |
| ھىندىستان | 172,000,000 | 10.90% |
| بېنگال | 145,607,000 | 9.20% |
| تۈركىيە | 74,660,000 | 4.67% |
| بارلىق ئەرەبلەر (22 دۆلەت) | 422,000,000 | 20% |

**1-رەسىم: مۇسۇلمان نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قانچە دۆلەتلەر. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇس سانىنى 1.6 مىليارد دېسەك، ئەرەبلەرنىڭ 26.3 پىرسەنت بولىدىكەن.**

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكىسى خاتا بولۇپ قاپتۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر يازمىسىدا دوكتور ياسىر قازى ھەققىدە مۇنداق بىر مەزمۇننى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم: ئۇ مەدىنىدە 10 يىل ئوقۇپ، ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىدىكى بۇرۇن ئىگىلىگەن دىنىي بىلىم چۈشەنچىلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار خۇددى بىر كونا بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياسىر قازى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇش جەريانىدا، ئۆزىدىكى دىنىي ئۇقۇملارنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. يەنى، ئۆزىدىكى دىنىي بىلىملەرنى كېسەك قىلىپ، بىنانى يېڭىدىن ياساپ چىقىدۇ. ئاشۇنداق پاكىتلارغا ئاساسەن، مەن ھازىر شەرقتە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلارغا ئىمكانىيىتى يار بەرسە غەربتىمۇ بىر مەزگىل ئوقۇشنى، ھەمدە پەندىمۇ بىر ئاز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلدىم. مەن ئەرەب ئەللىرىدە دىن ئۆگىنىۋاتقان ئۇكىلاردىن بۇ نۇقتىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن مەزكۇر يازمامنى دوكتور ياسىر قازىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. بۇ سۆزلەر ئۆزۈمنىڭ 2014-يىلى تورلارغا چىقارغان «دىن ۋە زامانىۋىلىق» دېگەن يازمىسىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئەكەلدىم:

-- مەن ھازىر بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە، كلاسسىك ئەنئەنىنى زامانىۋى ئۆرۈپ-ئادەتكە ئايلاندۇرىدىغان، بارلىق ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ ۋە قايتىدىن قاچىلاپ چىقىپ، بىر 19 ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدىغان ئاكادېمىيە ياكى ئالىي مەكتەپلەر، دەپ قارايمەن. ھازىرغىچە بىزنىڭ كلاسسىك ئەنئەنىمىز بىلەن ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر بىزدە ئىككى قۇتۇپ شەكىللىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرى ئىلغار ئىدىيىلىك مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ھالال ھېسابلايدۇ. يەنە بىرى بولسا ھەددىدىن تاشقىرى كونسېرۋاتىپ بولۇپ، ھەممە ئىشلارغا بىر ئىنتايىن تار نەزەر دائىرە بىلەن قارايدۇ. شۇڭا بىزگە

**هازىر لازىم بولغىنى مۇشۇ ئىككى قۇتۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق توغرا كېلىدىغان نەرسە. مەن ئۆزۈم ئەنئەنىگە ناھايىتى سادىق بولۇپ، ئاشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ قارىغاندا، مەن ئۆزۈمنى بىر كونسېرۋاتىپ، دەپ ھېسابلايمەن. ئەمما، مېنىڭ كيىنىشىم، ئىش قىلىش ئۇسۇلۇم، ۋە گەپ-سۆزلىرىم بىر كونسېرۋاتىپقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، كونسېرۋاتىپلىق نەزەر دائىرىسى تار بولۇش، دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. كونسېرۋاتىپلىق دېگىنىمىز ئەنئەنىمىزگە ۋە ھاياتىمىزغا سادىق بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى مەسىلىلەرنى ۋە مۇرەككەپلىكلەرنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئاكتىپلىق ۋە رېئالىستىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش دېگەننى كۆرستىدۇ. مەن بىزنىڭ دىنىمىز رېئالىستىك ۋە ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان (pragmatic) دىن، دەپ ئويلايمەن. بىزنىڭ دىن بىر نەزەرىيىۋى فانتازىيە دىنى ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىسلامنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇش مەن ئۈچۈن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئويلىغىنىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان دەرىجىدىكى بىر رېئاللىق. مەن ئەلمەغرىپ ئىنستىتۇتىدا تېئولوگىيە، ئەخلاق ۋە قانۇن دەرسلىرىنى ئۆتىمەن. ئىسلام قانۇنى دەرسىدە بىز قۇرئاننى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى شۇ پېتىلا سۆزلىمەيمىز. بىز مەلۇم بىر ئۇقۇمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى مەزمۇنلارنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق قۇرئاندا ئەسلىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنى سۆزلەيمىز. نۇرغۇن كىشىلەر "بىز سۈننەت بويىچە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش كيىنىشىمىز كېرەك"، دەپ ئويلايدۇ. مەن بولسام سۈننەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز زامانىغا ماس كېلىدىغان كيىملەرنى كيىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كيىم لايىھىلەش ئىنقىلابى قوزغاپ باقمىغان. ئۇ پەقەت ئۆز خەلقىنىڭكى بىلەن ئوخشاش كيىملەرنى كيىپ ياشىغان.**

**-- مېنىڭ بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىم بار. ئۇ بولسىمۇ مەن شەرق بىلەن غەربتە ئوقۇپ قولغا كەلتۈرگەن بىلىملەرنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. مېنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىم شەرقنىمۇ ۋە غەربنىمۇ تەڭلا چۈشىنىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد دىنى زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بىر دىنى مەكتەپ قۇرۇش. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەگەر دىنىمىزنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ماكاندا گۈللەنسۇن، دەيدىكەنمىز، بىز دىنى زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ماكانىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز داۋاملىق تۈردە ئىمپورت قىلىنغان دىنى زىيالىيلارغا تايانساق بولمايدۇ. ئەگەر بىز دىنى زىيالىيلارنى سىرتتىن كىرگۈزسەك، ئۇلار داۋاملىق بىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەس نەرسىلەر قاچىلانغان خۇرجۇندىن بىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئۆزىمىز تەربىيىلىگەندىلا دىنىمىز بىزنىڭ زېمىنىمىزدا قايتىدىن گۈللىنىدۇ. مەن مەدىنەدىمۇ ئوقۇپ باقتىم. ئامېرىكىدىمۇ ئوقۇپ باقتىم. مەدىنە ۋە ئەزھەر قاتارلىق شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھېچ قايسىسى غەربتىكى ئىماملىقنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمەيدۇ. ئىمامنىڭ 1-ۋەزىپىسى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە پوپ بولۇش. يەنى كىشىلەر ئۇچرىغان پسىخولوگىيىلىك مەسىلە، نىكاھ مەسىلىسى، ياشلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش مەسىلىسى، ۋە بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغىنىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش. شەرقتىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ. دارۋىنىزم مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن بىر ياشنىڭ مەسىلىسىمۇ شۇنداق. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەرگىزمۇ دارۋىنىزم مەسىلىسىدە غەربلىكلەر مۇنداق دەيدۇ، بىز مۇنداق دەيمىز، بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ماۋۇ ماۋۇ، دېگەن نەرسىنى ئۆگەتمەيدۇ. بىر 17 ياشلىق ياش ئاللاھنىڭ**

مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمانلىنىپ، ئالدىڭىزغا كەلسە، سىز ئۇنىڭغا "بېرىپ قۇرئاننى ئوقۇ!"، دەپلا قويسىڭىز بولمايدۇ. سىزدە بۇ ياشنىڭ ئاشۇنداق گۇمانى نەدىن پەيدا بولغانلىقى، ۋە ئۇ گۇماننى قانداق يوقىتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىلىم بولۇشى كېرەك. مەن قۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ بىر يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنى، بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زىيالىيلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرىدۇ. مەن ھازىرقىدەك ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوقۇپ، نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ ھېلىقىدەك بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇشتىكى مەقسىتىم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش. مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتكە چىقىپلا، شۇ جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشالايدۇ. شەرقتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر ياشنىڭ غەربتە يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالايدىغان بىر سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن يەنە كەم دېگەندە 10 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇم كېيىنكى 10-20 يىل ئىچىدە ئاشۇنداق مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇپ، 1-تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش. بۇ ئىشتا مەن كۆزلىگەن پەللە خېلى ئېگىز. ئەمما نىشاننى ئېگىز قىلمىسىڭىز، ئۇنىڭغا يېتەلمەيسىز. مەن ھازىر بۇ يولدا ئىشنى باشلاپ بولدۇم.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Arab world
https://en.wikipedia.org/wiki/Arab_world

[2] Islam by country
https://en.wikipedia.org/wiki/Islam_by_country


= ======================================================== =

## مەزكۇر ماقالىگە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار (25-2-2016- ۋە 26-كۈنلىرى):

ھەقىقىي ئالىم، ھەقىقىي دوكتۇر مانا مۇنداق بولىدۇ. گۈلەن ئۇستازنىڭ كەچۈرۈم سورىغىنىنى بىر جەھەتتىن توغرا چۈشەنسەممۇ، يەنە بىر جەھەتتىن پەقەت ئىدىيەمدىن ئۆتمىگەن ئىدى. چۈنكى، گۈلەن ئۇستاز ھەققەتنى سۆزلىگەن تۇرسا نىمىشقا كەچۈرۈم سورايدۇ دەپ بىئارام بولغانتىم. ئاۋۇ ئەزھەردىكى چوڭ -كىچىك تالىبلار، دوكتورلار ئۇستاز گۈلەنگە بىر خىل غەيرى سېسىق دىماقتا ھاكاۋۇرلارچە ئىنكاس قايتۇرىشى ھەققەتەن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئەقلى بولسا

ھەقىقەت ئالدىدا ئاجىزلىقنى بويىنغا ئېلىپ، بىر قېرىندىشىم دوستانە گەپ قىپتۇ دىگەن بولاتتى. ئەمما ئۇلاردا ئۇنداق جۈرئەت يوق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغۇدەك ئاڭ يوق، پەقەت شۇ ئابرويىمىز چۇشۇپ كەتسە كىيىن خەلق بىزگە نان بىرەرمۇ دەيدىغان بىر مەنپەتپەرەسلىك بار.

ھەممىدىن قامالاشمىغان يىرى ئۇلار دېموكراتىك تۈزۈمگە غەيرى قارايدىكەن، زامانىۋىي جەمىيەتكە بىر خىل دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارايدىكەن. بۈگۈنكى دۇنيا ھەمكارلىق ئاساسىدا، ئىناقلىق ئاساسىدا، مەيلى قايسى دىندىكىلەر بولسۇن ئۆزئارا ھۆرمەت ئاساسىدا تەرەققى قىلىدىغان دۇنيا. ھە دېسە بىزگە قىلچىلىك زىيان زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان يەھۇدىيلارنى، ئامېرىكىنى تىللاپ، ئۇلارنى دۈشمەن دەپ تىللاپ، شۇ خىل سېسىق ئىدىيىنى خەلققە سىڭدۈرسە دۇنيا بىزنى ھەرقانداق تەرەققىيات قىلىشتىن، روناق تېپىشتىن يىتىم قالدۇرىدۇ. چۈنكى تەرەققىيات دۇنياۋىي ھەمكارلىق، دوستانىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان.

رەھمەت بىلىمخۇمار ئاكا.

باغداش، نەخپۇت

= = =

ئەگەشتىم ..... رەخمەت ئەركىن سىدىق ئۇستاز نەچچە ۋاقتىلاردىنبىرى ئابدۇۋەلى ئاكامغا بولغان خاتا چۈششۈنۈشلەر كوڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلغان ئىدى .... ئالالاھتىن سىلەرگە سالامەتلىك ئىشلىرىڭلارغا ئاساھىشلىق تىلەيمەن ..... قولۇمدىن سىلەرگە سالامەتلىك تىلەشتىن باشقا ھىچقانداق شىكەلمەيدۇ ئاكا .... رەخمەت سىلەگە !

دىلرام

= = =

ئەنجۈمەننىڭ سۆزىدىن نەقىل: "... ئەركىن ئاكامنىڭ چۈشەنگىنگە رەھمەت..."

مېنىڭ ئىنكاسىمدىن نەقىل:

"ئەركىن ئاكىڭىز سىزنى تېخى تولۇق چۈشەنگىنى يوق... ئەركىن ئاكىڭىزنىڭ قەلبىدە ۋە باش سۆرىتىدە بىر ئالىمنىڭ ئوبرازى چاقناپ تۇرۇپتۇ... سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ئۇلۇغلۇق ماقامى تۆت ھېكايە كىتابىنىڭ مۇئەللىپى؛ ئەمما، ئەركىن ئاكىڭىزنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغلۇق ماقامى "تۆت تارىخى كىتاب"نىڭ مۇئەللىپى... ئەركىن ئاكىڭىز سىزنى ھازىرلا توغرا چۈشەنمەيدۇ، بەلكى يېقىن كەلگۈسىدە "قونداق پاقىللىرى" نىڭ سەممىيىتى ئارقىلىق ئاندىن توغرا چۈشىنىشى مۇمكىن..."

مەنمۇ يۇقۇرقى قوپال ئىنكاسنى يازغىنىمغا خىجىل بولىۋاتىمەن...

گۈلەن ئەپەندى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ھەققىدە ئازراق ئويلىنىپ، ئوقۇرمەنلىرى ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

گۈلەن ئەپەندىنىڭ ئوقۇرمەنلەردىن باتنىغان ئىلگىرىكى بىر ئىنكاسى يادىمغا كېچىپ قالدى:

"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەردەم ئىنىم، سىزگە كۆپ رەھمەت، ئىنكاسىڭىزدىن كۆپ نەتىجىگە ئېرىشتىم. مۇشۇنداق ئىنكاسلارنى ئەڭ سۆيىنىمەن... ئوقۇشتا سەئۇدىنى تاللىمايمەن دېگىنىڭىزدىن

**سۆيۈندۈم. بۇ خارىنىڭ ھەدىس تويلاۋاتقان چاغلىرىدىكى بىر ھىكايىسى ئېسىمگە كەلدى. دېمىسەمۇ بىلىسىز... مەنمۇ يازماي دېدىم. توغرا سېسقنى كوچلىسا جاھان پۇرايدۇ. بىز سۈكۈت قىلساق كىشىلەر شات بولىدىغان بولسا سۈكۈت ئەۋزەل."**

**بولۇپمۇ، گۈلەن ئەپەنى "...كىشىلەر شات بولىدىغان بولسا سۈكۈت ئەۋزەل." دېگەن ئىبارىنى قېرىنداشلىرىدىن ئاغرىنغان ھالدا ئىشلەتمىسە بولاتتى...**

**ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى گۈلەندەك بىر ئىستىدات ئېگىسىنى بارغانسېرى تونۇپ يېتىۋاتىدۇ. ئەمما، شۇنىڭلىق بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىستىدات ئېگىسىنى مەڭگۈ ئاسراش مەجبۇرىيىتىمىزمۇ يوق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك ئارزۇسى شۇكى، بۇ ئىستىدات ئېگىسى بارغانسېرى مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى، قۇسۇرسىز بولىشى، ھەق ـ ئادالەت ئېگىسى بولۇشى كېرەك؛ ئەسەرلىرى تېخىمۇ شۇنداق**

**ھۇما**

**= = =**

**ئىنشاالله...ئابدۇۋەلى ئەپەندىمنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپقاي، كۆرەلمەس ئىچىدە زەھەر ئوغا قاينايدىغان تالىپچاقلار مەڭگۈ ئاشۇ مىسىردا ئورۇن تۇتۇپ دىيارىمىزغا قەدەم باسالماي سېسىپ كەتكەي ... دىيارىمىزدىكى تالىپ ۋە مولللىرىمىز ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ئىزلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ ،'ئەمما بىزگە سىلەرگە ئۇنداق پەننى ئىنكار قىلىدىغان، ھاكاۋۇرلۇق ۋە زەھەرخەندىلىك دەرسىنى ئوقۇپ ،ھەسەتتىن يۈز نۇمۇر ئالغان، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنچىلىكتە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئەۋرەز پاقىلىرنىڭ كېرىكى يوق...گۈلەن ئەپەندىم كۈنسىرى ياشناپ كېتىڭ، ئەركىنكا كۈنسىرى ياشناپ كېتىڭ، مىللىتىمىزنىڭ پەخرىلىك ئوغلانلىرى ،'ئەل ۋەتەن ئۈچۈن يۈرىكى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قېرىنداشلىرمىز جاھاننىڭ قەيرىدىلا بولسۇن ئامان بولسۇن.**

**ۋەتەنوگلانى**

**= = =**

**ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم، بۇيازمىڭىز ئالدىنقى يازمىڭىزنى تىخىمۇ يورتۇپ بىرىپتۇ.**

**ئابدۇۋەلى ئەپەندىم بىلەن سىزنىڭ كۆزلىگەن مەخسىدىڭىز ئاساسەن بىر.**

**ئۇ بولسىمۇ دىندا ئوقىغان تالىپلارنىڭ جەمىيەتكە چىققاندىن كىينىمۇ رولىنى يوقاتماي جەمىيەتكە يۈك بوپ قالماي بولسا جەمىيەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش، ھىچ بولمىسا ئۆز ھۆددىسىن چىقىش.**

**بۇنداق دىسەم دىندا ئوقىغانلار ئۆز ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك يارىماسمۇ دەپ ئويلىشڭلار مومكىن، ئەمىليەتتە دىندا ئوقىغان كۆپ ساندىكى ياشلار دىندا ئوقۇشنىلام بىلىپ ئىجتماى تۇرمۇشتا يولىقىدىغان مەسىللەرگە قەتتى قىزىقمايدۇ.**

**ئون يىل دىندا ئوقۇپ ئۆيدىكى لامپۇچكىسى كويەپكەتسە ئالماشتۇرالمايدىغانلارمۇ يوق**

ئەمەس.

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ دىمەكچى بولغىنى دىندىلام ئوقۇپ كىيىن باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىق دىمەكچى.

بىزنىڭ موللام تاماخور بولۇر دەيدىغابن بىر تەمسىلىمىز بار، بۇ ھەرگىزمۇ تالىپلارنى كەمستكەنلىك ئەمەس بەلكى دىندىلام ئوقۇپ باشقا ھۈنەر كەسىپ بىلەن شۇغىللانمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ كۆنى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا سەل پەرىقلىق بولىدۇ. بۇنداق دىسەم ئۇلارنىڭ رىسقىنى ئاللا بىرىدۇ دىشىڭلار مومكىن، لىكىن ئاللاھمۇ تىرىشقانغا بىقىپ بىرىدۇ.

موللىلارنىڭمۇ باشقىلاردەك ياشۇغۇسى كىلىدۇ، ياخشى يىگۈسى، چىرايلىق كىيىن گۈسى كىلىدۇ، ماششىنىسى بولىشنى چوڭ ئۆيى بولىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ پۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەمدى شۇ پۇلنى قانداق تىپىش كىرەك؟ ئادۇۋەلى ئايۇپ ئاكىمىز دىگەندەك شۇ دىندا ئوقىشتىن باشقا تالىپلاردىمۇ ھۈنەر كەسىپ بولىشى كىرەك.

خاتا كەتكەن يەلىرى بولسا تەنقىت تەربىيە بەرگەيسىلەر.

ئۇممات1

= = =

ھەقىقەتەن چۈشىنىشلىك، ئىخچام تىلدا يىزىلغان تىپتىملىق ماقالە بوپتۇ. ھەقىقي ئالىملارغا خاس پەزىلەت، سۈپەتلەر ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ھەربىر جۈملىلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. گۈلەن ۋە ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ تىنىغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئۇيغۇر05

= = =

كومىسار ئەپەندى، ئۇيغۇر دىگەن ئومۇمىيەتتىن چىقىپ سۆھبەتلەشسەك، بىزنى ھىچكىم يۇرتىدىن كەچتى دىمەيدۇ...

سىز، ئالىمنىڭ ئالىمنى باش سۆرەت قىلىپ تالىغانلىقىدەك يۇكسەك پەزىلىتىنى كۆرگەنمۇ؟

ئالىم ئەركىن سىدىقنىڭ مۇشۇ توردىكى باش سۆرىتىگە قاراپ بىقىپ ئاندىن "لىكىن سىز كۆزدە تۇتقان كىشى ئەمەس .. " دىگەن ئىبارىنى ئىشلەتىسىڭىزمۇ كىچىكمەيسىز

ھۇما

= = =

ناھايىتى خۇش بولدۇم، ئابدۇۋەلى ئەپەندىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سۆزلىرى سىز ۋەباشقا تەپەككۇرغا باي بىلىملىك قىرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن قوللاشقا ئىرىشتى.

پىھارۇھ

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئەركىن سىدىق ئاكا
ئۈشبۇ قۇشۇمچە يازمىڭىزمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ ، سىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈمەن
كەلگۈ تورداشلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىم ، ئىنكاس يازغاندا ئىغىر بىسىق ،سەممى ،'ئىجابى ئوسلۇپتا يېزىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن . بىر مۇكەممەل تېتىملىق ،خەلقىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققان ماقالىنى يېزىش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس ،يەنە كېلىپ ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بولسۇن ياكى گۈلەن ئوستاز بولسۇن ، تۇرمۇش رىتىمى تېز بولغان دۆلەتلەردە ياشاپ ،تەتقىقات شلرى بىلەن ئالدىراش تۇرۇپمۇ خەلق ئۈچۈن بىجاندىل شەخسيەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئالىم تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ۋاقىت چىدىن ۋاقىت چىقىرىپ چاڭقاق دىلللارغا يامغۇر كەبى شىپا بولۇۋاتقان ماقالىلىرنى بىزگە ھەدىيە قىلماقتا .....
بىزدە ئالدى بىلەن مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولسۇن ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بولسۇن ،'ئىززەتلەش ۋە قۇغداش تۇيغۇسى تىخمۇ بولسۇن ...،'ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن سىزنىڭ ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلىرمىزنىڭ ئەجىرىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىڭىز ۋە ئەخلاقسىزلىقىڭىز بولۇپ ھساپلىنىدۇ .ئالىمرىمىزنى ھۆرمەتلەشنى بىلەيلى ،قوغداشنى بىلەيلى ،قەدىرىگە يېتەيلى
پاندۇنيا

= = =

بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا كۆپ رەھمەت ، سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تىنى سالامەت بولغاي .
بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ روھىڭىزنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغايسىز . بەك ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ ئىنكاسى غەلىتە ئىكەن ، ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماڭ .
ساۋدا571

= = =

بەزى تورداشلارنىڭ ئىنكاس يېزىش ۋەزىپىسى بارمۇ قانداق ؟
ئەركىن سىددىق ئاكىمىز بىر ئوبدان يازغان تېمىنى پېتىقداپ ! ئۇيغۇرچىنى ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمىگەن ئادەم باشقا تىلدىكى ئوقۇشنى قانداق قوبۇل قىلىدىغاندۇ؟
بەزەنلەر راستىنلا زەھەردەك گەپ قىلىدىكەن ، بۇ ھەسەتتىنمۇ ، بىلىمسىزلىكتىنمۇ ۋە ياكى قەستەنلىكمۇ ؟
ھەممەيلەن قېرىنداشقۇ ؟ نەشتەرنى سانجىۋالمساق پۇخادىن چىقمامدۇ يا ؟
ئەركىن ئاكا ، قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن ! شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ ۋاقىت چىقىرىپ قېرىنداشلار ئازارلاشمىسۇن دەپ بۇ ئىككى تېمىنى يوللاپسىز ،'ئاللاھ بىلىمىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن !
پەرۋاز

= = =

چارچاپ قالغان بولساڭلار-كۆڭۈل ئارامىڭلاردا ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ 2010-يىللاردىكى ئۇيغۇر توربەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى بولسۇن!!!

http://abdurahman38.blog.sohu.com/164854735.html

دىككات

= = =

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇستاز ئەركىن ئاكا سىزنىڭ ئالدىنقى يازمىڭىز ئىنتايىن توغرا گۇلەن ئۇستازغا ئوخشاش بىلىملىك ،ۋىجدانلىق كىشلەر يازمىڭىزنىڭ نىگىزلىك مەزمونىنى مىنىڭچە ئوبدان بىلىدۇ . بۇ يەردە "كاللىسنى قاغا چوقۇۋالغان "بىر قىسىم نادانلارنىڭ ئالدىدا كەچۈرۈم سورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن . ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن يىراق ماكاندا تۇرۇپ ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇن -تىنسىز خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا ئامان ئىسەنلىك تىلەيمەن . تىنىڭلار سالامەت بولسۇن . شۇ بىر قىسىم نادانلارنىڭ ئەرزىمەس ئىنكاسلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك يازمىلارنىڭ يۇقۇلۇپ كىتىشىدىن بەك ئۈمۈدسىزلىنىمەن .

كارۋانجان

= = =

گۇلەن ئەپەندىم ۋە ئەركىن ئاكىمىزنىڭ توختىماي تورلاردا ماقالە يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ مەسلەن ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ، يالقۇن روزى ، ياسىنجان سادىق چوغلان ، جالالىدىن بەھرام ،'ئەسئەت سۇلايمان ،ۋە باشقا بىرقاتار يازغۇچى ئەدىپلىرىمىزنىڭ جىمىتىدە .ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنىڭ ئىشىغىلا پۇختا بولۇپ تورمۇنازىرىسىگە ئىزچىل قاتناشماسلىقى ياكى ياشلارغا رىغبەت بولىدىغان تېمىلارنى يازماسلىقى ( بەلكىم يازغاندۇ ، ئەمما ھېچكىم فىزىكا كەسپىدە ئوقۇغان ھەم شوغۇللىنىۋاتقان ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ )

ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ ، كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ .

تور مۇنازىرىسىگە باش بولۇپ ياكى يېتەكلەپ تور دۇنياسىدا بەس مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇپ ياشلارنى ئۇندىدارلاردىكى قۇرۇق پاراڭلاردىن يىراقلاشتۇرغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ ؟

ئەجىبا تور دۇنياسىدا ماقالە خەۋەر يوللاپ ياشلارغا ئىلھام مەدەت بېغىشلاش ۋەزىپىسىنى ئەركىن ئاكىمىز ،تاشپولات ئاكىمىز قاتارلىق بىرنەچچە ساناقلىقلا زىيالىيلىرىمىز ھۆددىگە ئېلىۋالمىغاندۇ .

ئۇيغۇرچە خەت يېزىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى

ئابدۇقادىر جالالىدىن ، يالقۇن روزى ، ياسىنجان سادىق چوغلان ، جالالىدىن بەھرام ،'ئەسئەت سۇلايمان .

تاتاتۇڭا

= = =

ئەركىن ئاكا،تېمىڭىزغا رەخمەت،جاھاننىڭ دەردىنى ئالىملار تارتىدۇ،راھىتىنى نادانلار سۈرىدۇ ،دەپ ئوقۇغانمەن بىر كىتابتىن،مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىڭىزدىن گۈل ئۈنسۇن،مۇنبەردىكى قېرىنداشلىرىمغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى بىر بىرىمىزگە تىل سالماي،ھاقارەتلىمەي،'ئەمەلى سىپاتلار بىلەن مۇنازىرىلىشەيلى،'ئاچچىق ئەقلىمىزگە مىنىۋالمىسۇن. ھىلىمۇ ياخشى ئارىمىز خېلى يىراق ،جەم بولۇشساق مۇشلىشىپ كېتىمىزمۇ نىمە؟ گەپ سۆزىمىزدىن قايسىمىزنىڭ قانچىلىك ساپادا ،'ئەخلاقتا ئىكەنلىكىمىز چىقىپ تۇرۇپتۇ ،تۈزىتەيلى،تۈزىلەيلى.

كىلقۋاز

= = =

ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بۇ تېمىنى يوللاپ ياخشى قىپسىز. بولۇپمۇ ياسىر قازىنىڭ سۆزلىرى بىزنىڭ مىسىردا دىن ئوقۇۋاتقان قىرىنداشلىرىمىزغا ناھىيىتى ياخشى جاۋاپ بوپتۇ. گۈلەنىنىڭ كەچۈرۈم سوراش خېتىنى ئوقۇپ كىككىلۈم بىر قىسما بوپ قالغانتى. سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ سەل تەسكىن تاپتىم. مىسىردىكى تالىپ قىرىنداشلار ياسىر قازىنىڭ سۆزلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، ئەمەل قىلسا ياخشى بولاتتى.

باتۇركاراھان

= = =

ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئەپەندىمگە سالامەتلىك تىلەيمەن،'ئاللاھ ئىلمىڭىزنى زىيادە قىلسۇن.

ئابدۇجلىل

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىرىندىشىم !

كۆڭۈل ئارامىمىزغا سۇنغان خەلقىمىزنىڭ مىننەتسىز ئوغلانى ئەركىن.سىدىق ئاكىمىزنىڭ تور سۆھبىتىنى كۆرۈپ نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم.رەھمەت سىزگە.

سەھرالىكمەن

= = =

ئەسسالام ئەلەيكۇم،جېنىم قېرىنداشلىرىم!!نەچچە كۈندىن بۇيان سىلەرنىڭ بارلىق ئىنكاسلارنى تولۇق ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن،'ئىنكاسلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى،قېرىنداشلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ كۆپ خىل ساپا ۋە كۆپ خىل قاتلامدا ئىكەن،مۇشۇنداق لىم سورۇنغا ئىشتىراك بولۇپ ئۆزىنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى

يۇقىرى كۆتىرىشنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئىنتىلىۋاتقان بۇ سورۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئاغزىدىكى بەزى سۆزلەر مېنى بەك قايغۇغا سالدى،نەق گەپكە كەلسەك قېرىنداشلىرىم كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۈيىقى سىقىراپتۇ دىگەندەك بىز ھەممىز بىر گەۋدىمىز,'ئەركىن ئەپەندى،ھەبىبۇللا ئەپەندى،گۈلەن ئەپەندى ھەممىسى بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز,'ئۇلارنىڭ قايسىغا تىل ئۇزارتىلسا بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ،'ئۆز ئالىم ئۆلىمالىرنى قەدىرلىمگەن مىللەت خار ۋەيران بولغۇچى مىللەتتۇر,'ئۇلارنىڭ ئىجتىھات تۆھپىللىرى بىر بىردىن ئېسىلدۇر,گۈلەن ئەپەندىنىڭ خەلىق ئۈچۈن قوشقان ئەمەلى تۆھپىسى ئۇنى خەلىق قەلبىدە كاتتا ئورۇنغا گە قىلدى،'ئۇ بۇنىڭغا لايىقتۇر,ھەبىبۇللاھ ئەپەندىگە كەلسەك ئۆزنىڭ جىتماي پەن ساھەسىدىكى ۋە دىنى ساھەدىكى ئۆتكۈر پىكىرلىرى ،خەلىققە سۇنغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى،ۋە ئۇنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەربىيلىگەن ئوقۇغۇچىللىرى،شۇنىڭدەك دىنى ساھەدىن ئىبارەت تىگىگە يىتىش نىتايىن قىيىن بولغان بىر كەسىپتە ئۆزۈپ چىقىپ ئۆزىدە دىنى ۋە پەننى بىلىمنى تەڭ ھازىر قىلىشى بىزنىڭ ئۇنىڭغا تەككۈزگەن تىلىمىزنى كۆيدۈردۇ،گۈلەن ئەپەندىگمۇ شۇ.ئىنسان خاتالىقتىن خالى ئەمەس،بۇ ئۈچ قېرىندىشىمىزمۇ شۇ،مۇكەممىللىك ئاللاھقا خاستۇر,'ئەملىيەتتە سىلەر بۇ يەردە تالىشىپ جىدەل قىپ كەتكەن بىلەن ئۇ ئۈچ كىشىمىز ھەرگىز بىربىرنى خاتا چۈشىنىپ رەنجىشىپ يۈرگىنى يوق،بەلكى قولنى قولىغا تىخىمۇ چىڭ تۇتۇپ،قانداق قىلغاندا خەلقىمىزگە ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلالايمىز دىيىشىۋاتىدۇ،،،سىلەرگە نىمە تالاش تارتىش ؟

ئەقىنىخ

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىنداشلار.

ئۇستازىمىز ئەركىن سىدىق بىلەن ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ۋە باشقا ھەممە ئۇستازلارغا كۆپ رەخمەت. سىلەر بىز ئۇيغۇرلارغاھازىرقى زاماندا ناھايىتمۇ كېرەك. سىلەر ئۇيغۇرلارغا ئالغا قاراپ مېڭىشتىكى يولنى كۆرسەتكۈچى. سىلەر مۇشۇ جەرياندا ناھايىتمۇ جاپا چېكىۋاتىسلەر. بىز بولساق سىلەرنى قەدىرلەشنىمۇ ئۇقمايۋاتىمىز. مەن بۇنىڭدىن ئىچ-ئىچىمدىن ئەپۇ سورايمەن.

مەن تورىۋاتقان ئامرىكىدا بىر جەمىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇۋاتقان ئاغىنەم ماڭا "ئۇيغۇرلار بىرىنچىدىن ناھايىتى ياخشى سەركەردىگە ئىنتايىن مۇھتاج. ئىككىنچىدىن ئۇيغۇرلارغا سەركەردە بولماق ئىلگىرىكىن تەس" دىگەن ئىدى. بۇ سۆزلەر ناھايىتمۇ توغرا. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى يۈز يىلدىن ياقى ئۆزىمىزدىن سەركەردىمىز بولۇپ باقمىغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا سەركەردە بولۇش ئۈچۈن بۇرۇنقىلاردىن ئۆگىنىدىغان مەنبەرىمىز يوق. ئەڭ مۇھىمى بىز ئەگەشكۈچىلەرنىڭ "شۇ سەركەردىلەرنىڭ خاتا يەلىرى بولسىمۇ ئەگىشىش كېرەك "دەيدىغا ئېڭىمىز يوق. ئەركىن سىدىق ۋە ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇستازلىرىمىز بىزگە ئەڭ كېرەك سەركەردىلەردۇر.

ئابدۇۋەلى ئۇستازىمىزنىڭ ماقالىلىرىگە رەدىيە بەرگەن ئۇستازلارغىمۇ كۆپ رەخمەت. ئەملىيەتتە ھەممىمىزنىڭ مەقستى بىر. ئۇ بولسىمۇ مىللىتىمىز ھەم دىنىمىز ئۈچۈن. پەقەت تۇتقان يولىمىز ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۇستازلىرىمىزغىمۇ رەخمەت، ئەگەر ئۇلار مىللىتىمىز ھەم دىنىمىزنى دىمگەن بولسا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ شۇ نەرسىلەرنى يىزىپ ئولتۇرمىغان بولغىيتى. لىكىن مەن ئۇلانىڭ تۇتقان يولىغا ئانچە قوشۇلالمىدىم.( بۇ مىنىڭ شەخسى قارشىم). مەن بۇرۇن ئۇ ئۇستازلارنىڭ ماقالىلىرىنى تۈزەك

كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن ئابدۇۋەلى ئۇستازنىڭ ماقالىسىگە قارشى تۇرۇشقا توغرا كەلگەندە بىر نىمە يېزىپتۇ. شۇنچىلىك بىرنىملەرنى يازالىغاندىن كېيىن سىلەردىمۇ قابىلىيەت باركەن. بۇ ئۇستازلارنىڭ باشقىلارغا قارشى تۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى بىزگە يول باشلايدىغان نەرسىلەرنى يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئامرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئامرىكىلىقلارنىڭ بىر مىجەزىگە ئامراق بولۇپ قالدىم، ھەم مۇشۇ مىجەزنى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆگەنسىكەن دىگەن ئۈمىدتە. ئۇ بولسىمۇ ئەگەر بىرەرى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان بىر پىكىرنى دىسە، «سىزنىڭ پىكرىڭىز ئادەمنى قىزىقتۇرىدىكەن (interesting)» دەپ قويىدۇ، لېكىن رەدىيە بەرمەيدۇ، ھەم ئۇ كىشىنىڭ پىكرى بويىچىمۇ ئىش قىلماي ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىچە ئىش تۇتىدۇ.

ئابدۇۋەلى ئۇستازنىڭ گېپىگە يۈز پىرسەنت كىشى قوشىلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن توقسەن پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشى قوشىلىدۇ، ئۇنداق بولۇش ئاسان ئەمەس. بىز ئابدۇۋەلى ئۇستازنىڭ ناھايىتىمۇ جىق ئەسەرلەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۇرسەك. ھەم بۇ ئۇستازلارنىڭ كۆپ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆزىمىزگە يول تاپساق دىگەن ئۈمىدتە.

ئابدۇللانۇرۇم

# دوكتور ئابدۇل سالامنىڭ كۈۋەيت ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقى

مەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا تەكلىپكە بىنائەن نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن ھەمدە ماڭا بېرىلگەن بۇ شان-شەرەپكە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. گەرچە مەن سۆزلەيدىغان مەزمۇنلار مېنىڭ ۋەتىنىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھەققىدە بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەستىن جۇشقۇن ھېسسىياتىم بىلەن سۆزلىمەكچىمەن. چۈنكى، كۈۋەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى باشقا بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

مەن بۈگۈن مۇھىمى ئىلىم-پەن ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تامامەن ھەقلىق بولغان ئىززەت- ئابرۇيىمىزنى ساقلايمىز دېسەك، ئالدى بىلەن ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئىنتىپاقدىكى ئىجادىيەت مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشىڭلارنى، ھەمدە زۆرۈر بولغان پائالىيەت ۋە تەدبىرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن. لېكىن مەن بۇ مەسىلىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى بىر نەچچە مىنۇت ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ «زەررىچە فىزىكىسى» نىڭ بەزى تەرەققىياتلىرى، بولۇپمۇ ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسى شەكىللىرى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇلار مەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىۋاتقان ئىلمىي مەسىلىلەردۇر.



1-رەسىم: دوكتور مۇھەممەد ئابدۇل سالام

## ئاساسى كۈچلەرنىڭ بىرلىكى

فىزىكا ئالىملىرى بۈنىڭدىن پەقەت 20 يىل ئىلگىرىلا، ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسى شەكىللىرىنىڭ تارتىش كۈچى ئېنېرگىيىسى، ئېلېكتىر ماگنىت ئېنېرگىيىسى ۋە يادرو ئېنېرگىيىسىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولغان ئاجىز تەسىر ئېنېرگىيىسى ۋە كۈچلۈك تەسىر ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېنېرگىيىنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرى بىر خىلدىن يەنە بىر خىلغا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تارتىش كۈچى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدىغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان. سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئېنېرگىيىنىڭ ئۈچىنچى خىل شەكلى (يەنى كۈچلۈك يادرو كۈچى) مۇشۇ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. بىز بەزى كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە بۇ خىل پىكىرنى سىستېمىلىق بايان قىلدۇق. ھەمدە تەجرىبە لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ خىل تەجرىبىلەر ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە ئەنگلىيەلەردە ئىشلىنىشكە باشلىدى. ئەگەر بۇ تەجرىبىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بولسا (يەنى ئېنېرگىيىنىڭ ئۈچىنچى خىل شەكلى مۇشۇ پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى بولىدىغان بولسا) خۇدانىڭ شەپقىتىگە شۈكرى ئېيتىمەن. بىز تەخمىنەن ئۈچ يىل ئىچىدە بارلىق يادرو كۈچلىرى بىلەن ئاتومنى شەكىللەندۈرگۈچى ئېلېكتىر كۈچىنىڭ ئوخشاش بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىمىز. مۇشۇنداق بولغاندا، تارتىش كۈچى بىلەن يېقىندا ئېتىراپ قىلىنغان ئېلېكتىر- يادرو كۈچىنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاش ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولىدۇ، خالاس.

بۇ بىرلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى مۇنداق: تارتىش كۈچى، ئېلېكتىر كۈچى ۋە يادرو كۈچى قاتارلىق كۈچلەرنىڭ بارلىقى، بىر خىل تەسىر كۈچىنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. قارىماققا بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل قاراشقا ئىشەنگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن بىز چوقۇم ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. يۇقىرىدىكى كۆز قاراشنى ئەڭ دەسلەپتە ئېينىشتېين ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. لېكىن بۇنى ئېنىق، توغرا بايان قىلىش ۋە دەلىللەش ئۈچۈن تەخمىنەن 50 يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، مەن تالاش-تارتىشتا قالغان بۇ ئاخىرقى مەسىلىنى كەلگۈسىدە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن چىققان ياش بىر فىزىكنىڭ ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تىلەيمەن.

سىرتقى كۆرۈنۈشى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ بىرلىكى ئۈستىدە تەۋرەنمەستىن ئىزدىنىش بىز فىزىكلارنىڭ ئېتىقادىمىز. شۇنداقلا مەندەك بىر مۇسۇلماننىڭمۇ ئېتىقادى. مەن ئاللاھنىڭ بىر قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇشنى چۈشىنىپ يېتىشنى شان- شەرەپ ۋە بەخت دەپ بىلىمەن. شۇڭا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا شۈكرى قىلىمەن.

1979-يىلى 12-ئايدىكى نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا مەن فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، تەكلىپكە بىنائەن ستوكھولمدىكى كاتتا ھەشەمەتلىك زىياپەت زالىدا شۋېتسىيىچە پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ زىياپىتىگە تەشەككۈر ئېيتىپ سۆز سۆزلىگەن ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزۈمنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. بۇلار مېنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلىكى ۋە سىممېترىكلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلىكىدىن ئىبارەت. «فىزىكا ئىلمىنىڭ كەشپ قىلىنىشى- پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. ئۇنى كەشپ قىلىشقا شەرق ۋە غەرب، جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئەللەر تەڭ قاتناشقان. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ

ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ (ئاسماندا بىرەر نۇقسان تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ». (قۇرئان كەرىم،سۈرە مۇلك 3- ، 4- ئايەتلەر). بۇ بارلىق فىزىكلارنىڭ ئېتىقادى – بىزنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە بىزگە يار-يۆلەك بولىدىغان ئېتىقاد. بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى، بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىز شۇنچە ئاشىدۇ. كۆزىمىز شۇنچە قامىشىدۇ.»

مەن بۇ گەپلەرنى بۇگۈن كەچتە كەلگەنلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى دۇنيا كىشىلىرىگە، يەنى ئىلىم-پەن ئۈستىدىكى ئىزدىنىش رىقابىتىدە پۇرسەت ۋە ماددىي بايلىق كەمچىل بولغانلىق سەۋەبىدىن ئارقىدا قالغانلىقنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىۋاتىمەن.

## ئىلىم- پەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى

ئىلىم- پەننىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە ئىلىم- پەن تەرەققىيات تارىخىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا ئوخشاش بەزى دەۋرلىك ئالمىشىشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن مەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چاغدا قىلغان سۆزۈمدە مۇنداق بىر تارىخى باسقۇچنى ئەسلەپ ئۆتكەنىدىم: بۇنىڭدىن 760 يىل ئىلگىرى، شوتلاندىيەلىك بىر ياش يىگىت ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپ، ئىسپانىيەدىكى تولېدو (Toledo) غا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسمى مىشائىل (Mechael) بولۇپ، مەقستى تولېدو ۋە كوردۇۋادىكى ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تۇرۇپ ئىشلەش ئىدى. مىشائىل مىلادى 1217-يىلى تولېدوغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئۇلۇغۋار بىلەن بىر پىلان تۈزگەن. ئۇنىڭ پىلانى ئارىستو تىلىنى لاتىن تىل سىستېمىسىدىكى ياۋروپاغا تونۇتۇش ئىدى. ئۇ گىرىك يېزىقىدىكى ئەسلى نۇسخىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ئاندىن ئۇنى ئىسپانچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. تولېدو ۋە سالېرنودىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى غەربتە ئىلىم- پەن ئىجادىيەتلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلام ئەللىرىدە خېلى بۇرۇنلا يوروۇتۇلغان ئەقىل-پاراسەت چىراغلىرى بۇ مەكتەپلەرگىمۇ يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئىلىم- پەن ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى بۇ دەۋرىي ئايلىنىشنى مەن تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتىپ بېرەلەيمەن. گېئورگې سارتون ئۆزىنىڭ بەش توملۇق ئىلىم- پەن تارىخى ھەققىدىكى ئۆچمەس ئەسىرىدە، دەۋرلەرنى پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بىلەن بۆلگەن. ھەر بىر دەۋرنى 50 يىلغا ئايرىپ، ھەر 50 يىلنى بىر مەركەزلىك شەخسكە باغلىغان. مەسىلەن، سارتون مىلادىدىن ئىلگىرىكى 450~400- يىللارنى ئەپلاتون دەۋرى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئارىستوتىل دەۋرى، ئېۋكلىد ۋە ئارخىمېد دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەرگە ئايرىغان. مىلادى 700-يىلدىن 1100-يىلغىچە بولغان 350 يىلنى جىملىئى جابىر، شارەزمى، رازى، مەسئۇدى، ۋاڧا، بىرونى، ئىبىن سىنا، ئىبىن ھەسەن ۋە ئۆمەر ھەييام دەۋرلىرىگە ئايرىغان.

بىز بۈگۈنكى كۈندە ئەل بىرونى بىلەن ئىبىن سىنانىڭ ئاساسى زەررىچىلەرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىر- بىرىگە يېزىشقان خەتلىرىنى كۆرىدىغان بولساق، ئەل بىرونىنىڭ ئەقلى خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇللىرى يەنىلا يېڭى بىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئادەملەر يالغۇز فىزىكا ئالىملىرى بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، گېئولوگىيە، پەلسەپە ۋە ئاسترونومىيە ساھەلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز-قاراشلىرى ۋە بىلىملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇپ ۋە بايان قىلىپ، 11- ۋە 12-ئەسىر فىزىكىسىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كىرگۈزۈلمىگەن؟ مانا بۇ ئىلىم-پەندە كىشىنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئىش. بۇنىڭغا شۇ دەۋر جەمئىيىتىدە قايتا-قايتا ئۆزگىرىش بولۇپ، كېيىنكى ھۆكۈمدارلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ قارام ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىلىم-پەن ئۈچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغان.

1350-يىلىدىن كېيىن ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىدا قالدى. لېكىن 1437-يىلىدىكى سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەگنىڭ شانلىق ئوردىسى ئىلىم- پەننىڭ ئوچىقى ئىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەل كىندى «ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەس. ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ھەقىقەتنىڭ پەللىسىگە چىققانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدىن قىممەتلىك ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ، ھەقىقەت ئىزدەنگۈچىنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە ئورنىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.» دەپ يازغان. ئەل كىندى توغرا ئېيتقانىدى. مەيلى ئۇ قايسى يەردە تېپىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقەت دېگەن مەڭگۈ ھەقىقەتتۇر. ئاللاھ بىزنى ئۆزى ياراتقان دۇنيانى چۈشەندۇرۇپ بېرىشكە خەلق ئەتتى.

## ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەندە ئارقىدا قالغانلىقى

ئىسلام ئەللىرى نېمىشقا ئارقىدا قالدۇق؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىرتقى سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقلىرى. بۇ ۋەيرانچىلىقلار كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەيرانچىلىقلار ئىلىم-پەننى پەقەت بىر مەھەل ئۈزۈپ قويىدى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ ماراغادا بىر رەسەتخانا قۇرغان. مىنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەندە ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئىچكى قىسىمدا دەپ ئويلايمەن. بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەرۋاسىز ۋە ئېتىبارسىز قاراشنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئۇلۇغ جەمئىيەتشۇناس ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ بىرى بولغان ھەمدە پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ شانلىق پاراسەت ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىبنى خەلدۇننىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلايمەن. ئىبنى خەلدۇن ئۆزىنىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق كىتابىدا: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي دېڭىز ياقىسىدىكى فىرانسىيە تۇپرىقىدا چوڭ بىر پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگىنىش ئورنى بار ئىكەن. ئۇ يەرگە ئوقۇشقا بارغان كىشىلەر نۇرغۇنلىغان پەنلەرنى ئۆگىنىدىكەن. كىشىلەرگە سىستېمىلىق تۇردە ئالەمنىڭ جىمى مۆجىزىلىرىنى چۈشەندۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن... ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ دىنى ئىشلىرىمىزدا فىزىكىنىڭ قىلچىمۇ مۇھىم ئەمەسلىكىگە شەك-شۈبھە يوق. شۇڭا ئۇ ئىشلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك» دېيىلگەن. ئىبنى خەلدۇن ئىلىمگە قىزىقمىغان، ئارزۇمۇ قىلمىغان، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغان، ھەتتا ئىلىمنى ئۆچ كۆرگەن. بۇ خىل پەرۋاسىزلىق يېتىملىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەل كىندىنىڭ

ئەنئەنىسى – ھەرقانداق جايدىن ئىمكان قەدەر ئېھتىياجلىق ئىلىمگە ئېرىشىش ئەنئەنىسى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ئەينى ۋاقىتتا يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان غەرب ئىلىم- پەنلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يۈز يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار تەشنالىق بىلەن ئىلىم ئىزدىدى.

ئىبىن خەلدۇن دەۋرىدىن باشلانغان ئىلىم ۋە پاراسەتتە يېتىم قېلىش قۇدرەتلىك ئىسلام ئىمپېرىيىسى، تۈركلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى، ئىراننىڭ سەپەۋى ئىمپېرىيىسى ۋە ھىندىلارنىڭ موغۇل خانلىقىغىچە داۋام قىلدى. ئىسلامىيەتتىكى بىر مۇنچە بىلىم تۈسىنى ئالغان پەنتۇالار ئىلىم- پەنگە توسالغۇ بولدى. ئۇ چاغدا پەننى تەتقىقاتنىڭ ھەرقاندىقى دىنى مەدرىسىلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. دىنى مەدرىسىلەردىكى ئېغىزاكى تارقىلىدىغان دىنىي ئەقىدىلەر يېڭىلىق يارىتىشتىنمۇ مۇھىم ھېسابلىناتتى.

## ئىسلام ئەللىرىدە ئىلىم – پەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

مۇسۇلمانلار ئۈزلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 8-،9-، 10-،11- ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكىنى، ھەمدە ئىلىم- پەننى راۋاجلاندۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىش قىيىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلدۇ. دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاپتور مۇھەممەد ئەجەبۇل خاتىپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىلىم – پەننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتە مۇنۇ سۆزدەك پاساھەتلىك سۆز يوق: «قۇرئان كەرىمنىڭ 250 ئايىتىدە شەرىئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان، 750 پارچە ئايىتىدە بولسا (قۇرئاننىڭ تەخمىنەن سەككىزدىن بىرى) مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى تونۇش، ئەقىل-پاراسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىلىم- پەن ساھەلىرىنى جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىنغان.»

پەيغەمبىرىمىز ھەدىستە: «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېگەن. بۇ شەرەپلىك نام ئىلىم – پەن بىلىملىرىگە ئىشەنگەن ئالىملارغا مەنسۇپ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىنى چۈشىنىدىغان ئالىيجاناب ئادەملەردۇر.

بىز ئىلىم- پەن دۇنياسىدا يەنە تارىختىكى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەمدۇق–يوق؟ مەن سەممىيلىك بىلەن شۇنى كۆرسىتىمەنكى، ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۇمىدلىك نىشاننى كۆزلەيدىغانلا بولسا، بىز چوقۇم ئۇ نىشانغا يېتەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ تارىخى تەجرىبىسى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇنى ئېيىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەككى، ئىلىم- پەندە ئاسان يول يوقتۇر. خەلق ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن ئىككى پىرسەنتىگىچە بولغان قىسمىنى ئاساسىي پەنلەر ۋە ئومۇمى پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئاجرىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. كەم دېگەندە بۇنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى خاس ھالدا نوقۇل ئىلىم- پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىتىشىمىز كېرەك. ياپونىيە مىڭجى يىللىرىدىكى ئىسلاھات دەۋرىدە شۇنداق قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تيەنخۇاڭ پادىشاھ تەختكە چىقىش نۇتقىدا: «بىلىم مەيلى ئۇ يەرشارىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشىمىز لازىم.» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇنداق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىملىرى كۆپەيتىلدى، ھەمدە ئۇلار بارلىق ساھەلەردە

ئۆستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۈگۈنكى كۈندە سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئالىم توپلانغان ئاپتونومىيىلىك تەشكىلات بولۇپ قالدى. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈمى ئاستىدا، ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملارغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇلار تۈرلۈك ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولماقتا.

جەمئىيىتىمىزدە بىزنىڭ ئەنە شۇنداق قىلىشىمىزغا يول قويۇلامدۇ-يوق؟ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ۋاقتىلىق پىكىر-ئىختىلاپلىرى بولغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملارنى كەمسىتىمىزمۇ-يوق؟ ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى توختىتىپ قويىمىزمۇ-يوق؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ بېقىشىمىز كېرەك.

مەن بۇ سۆزۈمدە باشتىن-ئاخىر ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتە ئىتتىپاق تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدىم. گەرچە بۇ دۆلەتلەردە ھازىر سىياسىي جەھەتتىن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلىم-پەن ئىتتىپاقى ئەينى زاماندا، يەنى ئىسلام ئىلىم-پېنىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرىدە مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل ئىلىم-پەن ئىتتىپاقىنى ئاڭلىق تۈردە تەشكىللەش زۆرۈر. بۇ ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىمىز ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن يەنىمۇ قوللىشىغا موھتاج. بۈگۈن بىز ئىسلام، ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن ئالىملار كىچىك بىر تەشكىلات تۈزدۇق. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىلىم – پەن مەنبەسى ۋە ئىلىم – پەن ئىجادىيەت كۆلىمى، خەلقئارا سەۋىيىسىنىڭ يۇزدىن بىرىدىن ئوندىن بىرىگىچە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى يىغىپ، خۇددى بىر ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەشكىلاتتەك خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىز يالغۇز بىر مۇنچە ئايرىلىپ قېلىشلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارالىق نورمال سەۋىيىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ دۆلەتلىرىمىزنىڭ ئىلىم- پەننى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن غەربنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلىم- پەن تەشكىلاتلىرىدىكى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ھاڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىدا ئىلىم- پەننىڭ گۈللىنىشى تۆۋەندىكى بەش شەرتكە باغلىق، بۇلار:

--مەجبۇرىيەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش؛

--مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىش؛

--بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش؛

--ئىلىم –پەن ئىشلىرىدا ئۆزى-ئۆزىنى باشقۇرۇش؛

--خەلقئاراغا يۈزلىنىش قاتارلىقلاردۇر.

## ئۈچ مۇراجىئەت

مەن نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئىجاد قىلىش ئىشلىرىنى ناھايىتى قىزغىن تەشەببۇس قىلىمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزدە ئاللاھ ئاتا قىلغان كۈچلۈك ئىلىم ئېلىش ئارزۇسى بولۇشتىن باشقا، بۈگۈنكى شارائىتتا بىلىم-كۈچ، ئەمەلىي پەن- ماددىي ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ۋاستە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بىز خەلقئارا ئىجتىمائىيەتنىڭ ئەزاسى بولساقمۇ، باشقىلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بىز بىلىمنى ئىجاد قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشى ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچراۋاتىمىز. مەن سۆزۈمنى ئۈچ مۇراجىئەت بىلەن ئاياغلاشتۇرماقچىمەن.

بىرىنچى مۇراجىئىتىم، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق ئالىملارغا ۋە كەسپداشلىرىمغا.

ئىككىنچى مۇراجىئىتىم ئۆز تەلىماتلىرى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزنى ئالغا يېتەكلەۋاتقان خادىملارغا.

ئۈچىنچىسى بولسا دۆلەتلىرىمىزنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىد.

مەن سۆزۈمنى ئالدى بىلەن قېرىنداشلىرىمغا ۋە ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشلايمەن. مۇنداق پەرەز قىلايلى، ئەگەر سىزنى پەن ۋە ئەمەلىي پەنگە زۆرۈر بولغان بارلىق ئۈسكۈنە ۋە ياردەملەرگە ئېرىشتى دەيلى، ئەگەر سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىز كەلگۈسىدە ئەمەلىي قوللىنىلسا، سىلەرنىڭ ئۆز تەشكىلاتىڭلاردا ئۆز-ئۆزۈڭلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقۇڭلار بولسا، ئۆز جەمئىيىتىڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىڭلارنى زېھىن قويۇپ ئىشلىشىڭلارغا ئىمكانىيەت بولسا، چەتئەللەردىكى ئالىملار سىلەرنى بۇ ئىلىم – پەننى گۈللەندۈرۈشتىكى يېتەكچىلىك رولۇڭلارنى جارى قىلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان بولاتتى. ئۇ ھالدا سىلەرنىڭ تەتقىقات ئورنۇڭلار بىرلەشكەن ئىسلامىيەت ئىلىم پەن ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزگەن بولاتتى. نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدە ماتېماتىكا پېنىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورۇنلىرى يوق؟ بۇنىڭغا ھەيرانمەن. ئەگەر بىزنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىز كەم بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇشۇ پەن ساھەسىدە ساھىبخانا دۆلەت بولۇپ، خەلقئارادا ھەمكارلىق تەتقىقات ئېچىۋېتەيلى. بۇنداق قىلغاندا خەلقئارالىق ئىلىم – پەن ساھەسىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلغىنىمىزدىن سىرت، بىزگىمۇ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنترو يادرو يېغىلىش تەتقىقات تەشكىلى ۋە خەلقئارا ئىلىم – پەن بىرلەشمىسىنىڭ خەلقئارالىق يەر شارىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش پىلانىغا ئوخشاش ئىشلارغا بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭمۇ قاتنىشىشىنى، ياكى غەيرىي رەسمىي يوسۇندا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككىنچى مۇراجىئىتىم، ئارىمىزدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تەلىماتى بىلەن ئىجتىمائىيەتنى ئاۋات قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. بىز قۇرئان كەرىمدىكى تەلىملەرنى ئۇنتۇپ قالمايلى، ھەمدە بۇ تەلىملەرنىڭ ئىجتىمائىي نىشانلىرىمىزغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ئىسلام ئەللىرىدىكى مەكتەپلەر ۋە دەرسلىكلەر ئىبن سىنا دەۋرىدىكى ئىلىم – پەنلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان ئىلىم – پەنلىرىدىكى چۈشەنچىلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

ئەمدى مەن ئەڭ ئاخىرقى مۇراجىئىتىمنى بىزنىڭ دۆلەت ئىشلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇۋاتقان كىشىلىرىمىزگە قارىتىمەن. ئىلىم- پەن مۇھىم نۇقتا. چۈنكى ئىلىم – پەن ئەتراپىمىزدىكى ئالەمنى ۋە ئاللاھ لايىھىلىگەن دۇنيانى تولۇق چۈشىنىشكە يول ئاچىدۇ. ئىلىم – پەننىڭ مۇھىم بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، پەندىكى كەشپىياتلار بىزگە ماددىي مەنپەئەت بېرىدۇ.

قىسقىسى،'ئىلىم – پەن ھەممىلا يەرگە ئومۇمىيۈزلۈك باب كۆلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، شۇنداقلا ئەرەب ۋە ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ھەمكارلىششىدىكى ۋاستە بولالايدۇ. لېكىن بىز خەلقئارا ئىلىم – پەن ئىشلىرىدا قەرزدارمىز. بىز چوقۇم غۇرۇرىمىزغا تېگىدىغان بۇ خىل قەرزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئىشنى ئاسان قىلغاي ،ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ھىدايەت ئاتا قىلغاي! ئامىن!

1981 -يىلى كۇۋەيت .

مەنبە: «ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى»، قىزىققانلار مۇشۇ كىتابنىڭ

**ئۇيغۇرچىسىنى كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.**

**نەشرىياتى: جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر-قازاق شۆبىسى.**
**تور مەنبەسى: http://bbs.bagdax.cn/thread-28852-1-1.html**
**باغداشقا يوللىغۇچى: تۇران1001**
**رەسىم مەنبەسى: https://en.wikipedia.org/wiki/Abdus_Salam**

# چۈشكەن ئىنكاس ۋە كەلگەن خەتلەردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن ھازىرغىچە تەييارلاپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقارغان ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ئائىت ماقالىلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ بۇنداق تېز تاقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئۇ ئىنكاسلارنى كۆچۈرۈپ ساقلاپ قويماپتىمەن. بۇ قېتىم ئىزدەپ كۆرسەم، ساقلاپ قويغان ئىنكاس ۋە خەتلەردىن يەنە ئازراقى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلەر ھەققىدە بولمىسىمۇ، ئاشۇ ئىنكاس ۋە خەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كۆپىنچە ئىنكاسلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ يېزىپ قويماپتىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشى ئۈمىد قىلىمەن.

(1) ئەركىن سىدىق ئۇستازنىڭ قىممەتلىك ئەمگەك ۋە ئەقىدىلىك ئىزدىنىشلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت!

ئەڭ مۇھىمى سەممىي قەلب، پاك قەلب مۇشۇ بولسىلا كۇپايىكەن! قەلبتە سەممىيلىك ۋە پاكلىق لىپمۇلىق بولسا ئۇ كاللا، ئېغىز، پۇت ۋە قولنىڭ ھەممىسىدىن لىپمۇ-لىق ھەسەل قاچىلانغان قاچىدىن ھەسەل تەپچىرىگەندەك تەپچىپ چىقىدىكەن.

ئىزدىنىش، ئا. قارلۇق

(2) ئاللاھ ئەجرىڭىزنى ھەسسىلەپ بېرەر، تىنىڭىز، زېھنىڭىز سالامەت ۋە ساغلام بولغاي. مەن سىنىپتا ئولتۇرۇپ سىزدىن دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئوقۇپ چىقتىم ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندىم.

ئىزدىنىش جان

(3) ئادەمنىڭ قەلبى ئالەمنى سىغدۇرالىغاندا ئاندىن ئالىملىق يۇلتۇزى چاقنايدىغان چېغى، ئالىملىرىمىزغا تەشەككۇر!!! كۆزى ئالەمنى كۆرەلىگەن بىلەن قەلبى قېرىندىشىنى سىغدۇرالمايدىغان خەتەر مېھرى-مۇھەببەت بىلەن قەلبلەرنى ئىللىتقاي. باغداش دىككات.

(4) مەن بىرىجى بولۇپ ئوقۇۋپتىمەن . ماۋۇ ئوقۇيدىغان تىما ئىكەن ، قايىل بولدۇم. مىنىڭ ئۆزەمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەدبىقلىسام بولىۋېرىدىكەن دەپ قارىدىم . مەسلەن ئەتراپىمدىكىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بۇ تىما ئارقىلىق باشقىدىن ئۆگەنگەندەك بولدۇم . بىر جەمىيەتتە ھەرقانداق بىر ئادەم يەككە ياشىيالمايدۇ ، جەزمەن باشقىلار بىلەن يەنى بىر دىنلىق ياكى غەيرى دىنلىق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىدە بولىمىز ، ئەگەر مۇشۇ تىمنى ئۆزىمىزدە ئۆزلەشتۈرسەك ، خىزمەت ،

سودا ، تىجارەت ، مۇنازىرە ، ھەتتا ئادەتتىكى پاراڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىكەن دەپ ئويلۇدۇم . ئەگەر دەۋەتچىلەر ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرسە تېخىمۇ زور ئۈنۈمى بولغۇدەك . بىلىمخۇمار ئەپەندىمگە كۆپ تەشەككۈر ، سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تىنى سالامەت ، خىزمەتلىرىڭىز نەتىجىلىك بولغاي .
باغداش ساۋدا571.

(5) قالتىس يېزىلىپتۇ ، مۇشۇنى جەمىيەتىمىزدىكى ھەر ساھە كىشلەر ئۇقۇپ باقسا دەيمەن....بىزگە يۇلباش بۇلۇپ بىرۋاتقان دىنى ئۆلىمالارغا كۆپدىن كۆپ تەشكۈرلەر بولسۇن. ئالللاھ ئۇلار نىڭ بىلمنى زىيادە قىلسۇن..ئىمانىنى مۇستەكەم قىلسۇن........لىكىن شۇنداق زاتلار چىقۋاتىدۇ...ئۇلار ئۆزلىرنىڭ مەنپەتىنى دەپ ئۆز ئالدىغا يەكۇن ۋە پەتىۋالارنى بىرۋاتىدۇ....بۇلار ئالللاھ ھوزۇردا قانداق جاۋاپ بىرەر...پەيغەمبىرمىز سەللاھنىڭ يۇزگە قانداق قارار.. مانا مۇشۇ سەۋەبىدىن بەزى ئەگەشكۇچىلەر يۇلدىن ئىزىپ كېتىپ باردۇ....مۇشۇ سەۋەبدىن ئىغتىلاپ كېلىپ چىقۋاتىدۇ.مانا مۇشۇ سەۋەپدىن دىن ئورتىتاق چۇشەنچە ھاسىل بولماتىدۇ. ئەركىنكام دىگەدەك ھەممە ئادەم ئىناق ئىتپاق ئۆتسە نىمەدىگەن ياخشى...بىراق ئىتلاردەك خىرس قىلىپ تۇرسا ..بۆردەك بولۇپ توغرا يول باشلاش كېرەد.....

بىر توپ ئارسلانغا ئىت باش بۇلسا،'ئاسلانلار ئىتدەك بۇلۇر.
بىر توپ ئىتقا ئارسلان باش بولسا ئىتلار ئارسلاندەك بولۇر.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ
باغداش پادىتى2.

(6) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز، ئەسەرلىرىڭىزنى شۇنداق ياقتۇرۇپ، بەزىدە قايتا-قايتا ئوقۇپ كېتىمەن. رەھمەت سىزگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. يازمىدىكى "تازىلىق ئىشچىللىرىنى تۆۋەن كۆرگەنلەرنى كۆرۈپ" دىگەن قۇرلىرنى يەنە "ئالللاھنىڭ جاپالىق ئىشلەپ ھالال دىن تېپىپ يىگەنلەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ" دىگەن قۇرلارنى ئوقۇپ ئىختىيارسىز كۆزۇمدىن ياش چىكەتتى ، چۈنكى مەنمۇ بەزىدە ئىشك ئالدىدا يوللىرىمىزنى سۇپۇرۇپ پاك پاكىزە قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى يەنى ئالللاھ ياخشى كۆرىمەن دىگەن مېھنەتكەش ئەزىزلەرنى بىلىپ بىلمەي كۆزگە ئىلماپتىمەن ئەمەسمۇ .تەۋبە ئى رابىي ئۆزەڭ كەچۇر گىن بىزنى .
مىسرانىم ئابدۇلھامىد795.

(7) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا ياخشىمۇسىز؟ خىزمەتلىرىڭىز قانداراق كېتىۋاتىدۇ،'ئۇزۇن بولدى. سىز بىلەن ئالاقىلىشالمىدىم، يېقىندا يوللىغان (بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق) تېمىسىدىكى يوللىغان ماقالىڭىزنى ئۇقۇپ چىقىپ شۇنداق جوش بولدۇم. خىزمەتلىرىڭىز شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بۇنداق بىر ياخشى تېمىنى يوللاپسىز، رەخمەت سىزگە ئاكا.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن يوللىغان بۇ تېمىڭىز چوقۇم بىزگە بىر ماياك بولغۇسى،مىنىڭ كۆزىتىشىمچە ھازىر نۇرغۇنلىغان ياشلاردا ئىسلام دىنىمىزغا بولغان ئىنتىلىش يۇقىرى پەللىگە چىقىۋاتىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئىش لېكىن ئۇلار ئىلىم-پەن دىن(بولۇپمۇ ھازىر ئوقۇغۇچىلارنى تەبىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنجېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا كەسپلىرىدە قانداق تەربىيىلىشىمىزگە باغلىق.") يىرىقلىشىۋاتىدۇ.كۆپۈنچە قېرىنداشلىرىم بولسا مەكتەپتە بىلىم ئېلىشتىكى سەۋەپنى مەمۇرى خىزمەتكە ئورۇنلىشش ئۈچۈنلا ئۇقۇيدۇ ھەم

شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ،گەرچە مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولسامۇ ئۇزۇمنى ئۇلار بىلەن تونۇشمايدىغاندەك ھەتتا ئۇلاربىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىم يوقتەكلا ھېسقىلىمەن،'ئەمدى سىز يازغان ماقالە مەزمۇنىغا كەلسەك سىز بۇماقالىدە گېرمانلار بىلەن ياپۇنلانى مىسال قىلىپ چۇشەندۇرۇپسىز،گەرچە گېرمانلار بىلەن ياپۇنلار ئىككىنجى دۇنيا ئۇرشى مەزگىلدە شۇنداق كۆپ ئادەملەرنى قىرغان بولسىمۇ نىمىشقىكىن تاڭ ئۇلاغا شۇنداق ھۆرمۇتۇم كىلىدۇ ھەم شۇنداق ھەۋەس قىلىمەن.مەن ئۇلارنىڭ ئىككىنجى دۇنيا ئۇرشىدىكى كۈچلۈك ئارمىيە سىگە ئەمەس ئەكسىچە سىز ماقالىدە تىلغاغان ئۇلاردا بولغان شۇنداق بىر روھقا(ياسىر قازى قايتا-قايتا تەكىتلىگىنىدەك، ئەگەر ھەر بىر مىز ئەقلىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىپ، جېنىمىزنى تىكىپ، ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىشساق، ئاللاھ ئاندىن ھەربىرىمىزگە ياردەم قىلىدۇ دەپ ). قارايمەن،ھەراس ئاكا سىز گېرمانلار بىلەن ياپۇنلانى ئانچە كۆلمەيدۇ، ئانچە بەك ئوينىمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا "بىز ھازىر قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز؟ بىزنىڭ ئەتىدىكى تەقدىرىمىز كاپالەتكە ئىگىمۇ؟" دەپ، كۆپ ئويلايدۇ دەپ يېزىپسىز بۇنى ئوقۇپ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن لىكىنى ئويلاپ قالدىم،بىز ئويۇن تاماشا ھەم كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ بولالمىدۇق دەپ قارايمەن.ھەتتا ئەتىدىكى تەقدىرىمىز كاپالاتكە ئىگىمۇ ئىگە ئەمەسمۇ ئۇنى ئويلاپمۇ باقمايمىز مەن ماقالىنى ئوقۇپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمدە گېرمانلار بىلەن ياپۇنلادا باربولغان شۇنداق بىر روھنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم(مەنمۇ داۋاملىق ئۆزۈمنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ كىتىۋاتقانلىقىمغا،'ئەتەمنىڭ ھەم كەلگۈسۈمنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىگىئەمەسلىكىم ئۈستىدە كۆپ ئۇيلۇنۇپ قالىتىم ئويلاپ ئويلاپ ئۆز ئۆزەمگە نىمانداق كۆپ ئويلايدىغاندىمە كۆپ ئويلىغانىنىڭ نىمگە پايدىسى دەپلا ئۆزۈمگە تەسەللى تاپاتتىم ئەسلىدە بۇ مەندىكى ياخشى بىر روھكەن ماقالىڭىزنى ئوقۇغانىنىڭ ياغى ئۆزۈمنىڭ قايسى خىل دىكى كىشىلەر توپىغا تەۋەلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. ئوقۇرمىنىڭىز: رامبودىن.

(8) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا: قانداق ئەھۋالىڭىز؟ خىزمىتىڭىز ئوڭۇشلۇق كىتىپ بارامدۇ؟ ئائىلىڭىز خاتىرجەم،تىنىڭىز سالامەتمۇ؟ مىللىتىمىز ئۇچۇن قىلىۋاتقان ئەمگىكىڭىزنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ ھەسسىلەپ بېرىدۇ ، ئىنشائاللاھ. مەن سىزنىڭ ماقالىرىڭىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنى ھەم مەنپەئەتلەنگۈچىسى. سىزنىڭ خەلقىمىز ئۇچۇن قىلىۋاتقان ئەمگەكلىرىڭىزدىن تەسىرلەندىم. مەنمۇ ئاز تولا ئىش قىلسام دىگەن مەخسەتتە سىزگە خەت يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

مەن ئالدى بىلەن ئانىلارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلى توغرىسىدا بىر كىتاپ ،ئاندىن باللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا يىتەكلەشكە دائىر بىر كىتاپ تەرجىمە قىلسام.بۇ ئىككى تىما مىنىڭچە بىز نۆۋەتتە ئەڭ ئېھتىياجلىق دەپ ئويلايمەن. يەنە بىر پارچە ئانىلارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلدىكى بوۋاق پەرۋىشى توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپلاردىن ئىلمي قىممىتى يوقىرى دەپ قارىغان كىتاپلاردىن خالىغان بىرنى سىز تەۋسىيە قىلسىڭىز.

مەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى پارچە تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرۇپ تەسىرى ۋە تەكلىپ پىكىرلەرگە ئاساسەن داۋاملىق تەرجىمە قىلسام.ياكى باشقا ھەمكارلىششنى خالايدىغان قېرىنداشلار بولسا داۋاملىق باشقا تۈرلەرنىمۇ قوشۇپ تەرجىمە قىلساق دەپ ئويلىدىم.

تەكلىپ پىكرىڭىزنى ئايىمىغايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئويتاغ. 2014 يىلى 12 ئاينىڭ 19 كۈنى ، بېيجىڭ

(9) ناھايىتى ياخشى ئۈچۈرلاردىن تەمنلەۋاتىسىز، ئاللا ئەجرىڭىزنى بەرسۇن. بولسا مۇشۇ يوللانمىلىرىڭىزنى كىتابچە قىلىپ تۈزۈپ قويسا ياخشى بولاتتىكەن. ھەم دۆلەت تىلى خەنزۇ تىلىدا تەرجىمە قىلىنسا دېگەن ئۈمىدتىمەن. پەرزەنتلىرىمىزگە ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى سىلەردەك مۇشۇنداق نەتىجىلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقئارادا قولغا كەلتۈرگەن ۋە كەلتۈرۈۋاتقان نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ بەرسەك تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

(10) ئالامەت ئالامەت بەك سۆيۈندۇم، مۇشۇنداق قىزىمىزنىڭ بارلىقىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرگەن ئەركىن ئەپەندىگە رەخمەت، ھارمىغايسىز، نادىر تىمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئىلىم پەن ساھاسىدىمۇ ئاز بولسىمۇ تۆھپە قوشۇۋاتقىنىنى كۆرسەكمۇ ، ئاڭلىساقمۇ بىر ھوزۇر بولىدىكەن. شۇ چۈشكۈنلۈشۈپ قايانغا مڭىشنى تاپالمايۋاتقان ياشلىرىمىزغا يورۇتقۇچى ماياك ،مىللىتىمىزگە تەسەللى بولىدىكەن. تەشەككۈر تەشەككۈر . ياراتقۇچىمىز ئىشلىرىڭىزنى بەركەتلىك قىلسۇن، تىنىڭىز ساق بولسۇن.

(11) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا! يەنە بىر ياخشى يازمىڭىزغا كۆپ تەشەككۈر! ئەزىز تېنىڭىزسالامەت بولسۇن!

ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزلىرى يېتىشكە مەنسۇپ بولمىغان ۋەياكى قولدىن بىرىپ قويغان ئارزۇ-ئارمانلىرىغا كۆپۈنچە بالىلىرى ئارقىلىق ئېرىششنى ئۈمىد قىلىدىكەن،بەزىدە دەپ قالىمەن سىزنىڭ بۇ يازمىلىرىڭىزنى تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا ۋە ياكى تولۇق كۇرۇسنى تولۇقلاپ ئوقۇۋاتقان(چوڭلار مائارىپ بويىچە) ۋاقتىتا كۆرگەن بولسام،بەلكىم تەقدىرىمدە باشقىچە ئۆزگىرىشلەر بولار بولغىيدى.ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى 15 يىل بولاي دېدى(باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)،'ئەمدى بولسا بۇ خىزمەت بىلەن خوشلۇشۇپ يەنە بىر خىزمەتكە يېڭىدىن قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. مېنىڭمۇ ئىككى قېزىم بار،مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم بۇ قىزلىرىمنى ياخشى تەربىيلەپ يارامىلىق كىشلەردىن قىلىپ چىقىش،بۇ يازمىنى كۆرۈپ يېڭىدىن ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولدۇم،رەھمەت سىزگە!

ياشلىقتا قولدىن بىرىپ قويغان ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرماق ھەقىقەتەن قېيىن ئىكەن،'ئارمانغا يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر توختاۋسىز كۆرەش قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى بۇ يازمىدىن يەنە بىر قېتىم تونىغاندەك بولدۇم.

(12) بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ يازغان تېمىللىرى قايسىلا تېمىدا بولمىسۇن ،'ئۇنىڭدىن مىللەتكە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتنى كۆرۈۋالغىلى بۇلىدۇ.دەرۋەقە مىللىتىمىزنىڭ غېمى كۆپ بولغاچ ،مەلۇم بىر تېمىنى تۇلۇق يۇرۇتۇپ بولماستا تېخىمۇ مۇھىم بىر تېمىغا ئۆتۈپ كېتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن.مەنمۇ بەزىدە ئالىمنىڭ تەن سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ قالىمەن .ئاللاھ تەنلىرىنى ساق قىلغاي.

(13) ئىنكاس يازمىغان بىلەن ئۇقۇۋاتىمىز ئەركىنكا. "بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ" دېگەن تېمىدىكى

يازمىللىرىڭىزنى تۈلۈق ئۇقۇپ كىلىۋاتمەن. ئەمما بىر تالمۇ ئىنكاس يازالمىدىم. مىننەتتارلىقنى بىلمىگىنىم ئەمەس، قانداق مىننەتتارلىق بىلدۈرۈشنى بىلەلمىدىم. بىز سىزدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇق. بولسا شۇ تېمىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىسا. ھە راست يازمىللىرىڭىزنى بېسىپ چىقىرىپ كىتاپچە قىلىپ ساقلىۋېلىپ ئۇقۇۋاتقانلارمۇ بار.

(14) مەن دەل مۇشۇ گەپنى ئوقۇغان چىغىمدا، ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇم ھەسسىلەپ، ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە بولغان كۆڭۈل مايىللىقىم، ھىس-چۈشىنىشىم تىخىمۇ يىقىنلىشىپ، كۆزۈمگە لىق ياش كەلدى. رەھمەت ئەركىن سىدىق ئەپەندى.

(15) ئەسسالامۇئەلەيكۇم،بىلمىخۇمار ئاكا.بۈگۈن ئىزدىنىشقا كىرگىلى ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدىم،سىزنىڭ بۈگۈن تېمىڭىزنىڭ داۋامىنى يوللايدىغانلىقىڭىز ئېسىمگە كېلىپ كېچە بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ئىنكاس يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.مەنمۇ تېمىلىرىڭىزنى زوق-شوق بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ بىرى بولسامۇ،'ئىنكاس يېزىشقا ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەيدىكەنمەن.ئېھتىمال،سىزنى زىيادە ھۆرمەت قىلغىنىم تۈپەيلى،بولمايدىغان گەپ قىلىپ سالغىنىمدىن جىم تۇرغىنىم خوپ دەپ قارىسام كېرەك.مەن ۋە مەن بىلىدىغان نۇرغۇن قىز-ئاياللار بار،سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان،چوڭ بىلىدىغان،يازمىلىڭىزدىن خۇرسەن بولىدىغان.ئەمما ئۇلار سىزگە رەھمىتىنى ئاڭلىتالمايدۇ.سەۋەبى:-ئىزدىنىشقا ئەزا ئەمەس ياكى تورغا چىقالمايدۇ.چۈنكى ئۇلار جەنۇبتا.لېكىن،مەن يۇرتتىكى ۋاقتىمدا ئۇلار بىلەن بولغان ھەر بىر يىغىلىشلىرىمىزدا ھەرقايسى تور بەت ۋە مەتبۇاتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ يازمىلىرى،سۆزلىگەن لېكسىيەلىرى توغرۇلۇق پاراڭ بولاتتى.ئىزدىنىشنىڭ ۋە ئىزدىنىشنى ئىزدىنىش قىلىۋاتقانلاردىن سىزنىڭ، بىلگەجاننىڭ،...پاراڭلىرى ھەممىدىن كۆپ بولاتتى.بولۇپمۇ سىز ئىزچىل يېزىۋاتقانلاردىن بولغاچقا،سىزنىڭ تېمىڭىزنى تېخى ئوقىمىغانلارغا‹ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېزىدىن كېلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى›نەخ مەيداندا ئوقۇپ بېرىپ ئاندىن مۇنازىرىمىزنى باشلاپ كېتەتتۇق.

مەن سىزنى ئىزدىنىشنى بىلىشتىن بۇرۇنلا بىلىۋال تور بېتىدىكى يازمىلىرىڭىزنىڭ ئېلكتاب قىلىپ تارقىتىلغان نۇسخىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق تونۇغان ئىدىم.باشقا بىلمەيدىغانلارغا ماڭا ئىزدىنىشنى تونۇشتۇرغان ھەمشىرىك ئاچام ئېرىنمەستىن كىتابچىلاپ چىقىرىپ ھەممەيلەنگە ئاۋۋال ئۆزۈڭلار ئوقۇپ چىقىڭلار،'ئاندىن ئىنى-سىڭىللىرىڭلارغا ۋە باشقىلارغا بېرىڭلار!بولسا ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر قېرىندىشى بارلىقىنى،ۋاقىت دېگىنى مۇشۇنداق تەڭشەپ،ھەممىگە يەتكۈزگەندىلا بىر ئىشنى ئاخىرىغا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن دەپ تارقىتىپ بەرگەن ئىدى.بىز ۋەبىزلەر سىزنىڭ دىنى يازمىلىرىڭىزدىن.پەرزەنت تەربىيسى ۋە باشقا مەزمۇندىكى يازمىلىرىڭىزدىن كۆپ مەنپەئەت ئالغانلارمىز.ئۇيغۇر جەمىتىنىڭ سىز ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان يەنە بىر قاتلىمىدىكى كىشىلە ئىچىدىمۇ سىزنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغانلار.يازمىڭىزنى سۆيۈنۈش بىلەن ئوقۇيدىغانلار ھېلىھەم كۆپ. يېزىۋېرىڭ. ھارماڭ.سىزگە خوتەن قىزلىرى نامىدىن سالام يوللايمەن.ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!!!

(16) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، ياخشىمۇسىز. ئۇلۇغ ئاللاھدىن تېنىڭىزگە سالامەتلىك، كۆڭلىرىڭىزگە خوشاللىق، خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق، ئۆمرىڭىزگە بەرىكەت تىلەيمەن. مەن

شىنجاڭ ئەلگەنۇر خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قۇشۇمچە ئەلگەنۇر تورىنىڭ باشقۇرغۇچىسى. ئىسمىم تۇرغۇنجان سامساق، يۇرتۇم ئاقسۇ، بۇ يىل 38ياشقا كىردىم. سىز بىلەن تور دۇنياسى ئارقىلىق تونۇشقانلىقىمدىن تولىمۇ خوشالمەن، ئاللاھ خالىسا دىدارلىششقىمۇ نىسىپ بولار.

تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا سىزنىڭ تەرىپلىرىڭىزنى ئاڭلايتىم، كۆڭلۈمدە سىز بىر غايىۋانە شەخس ئىدىڭىز، ئاللاھ نىسىپ قىلىپ مانا بۈگۈن سىزگە خەت يېزىش پۇرستىگە ئېرىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن. دۇنيا نىمە دىگەن تار ھە!. سىزنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭىزدىن يۈرەكلىرىمىزگە يول ئېچىلدى. سىز ئارقىلىق گاڭگىراش ئىچىدە ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىۋالدۇق، كۆڭلۈمىزدىكى تۈگۈنلەرنى يەشتىڭىز. سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. مىللىتىمىز ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدىغان قوشۇنغا قوشۇلۇشنى چىن دىلىمدىن خالايمەن. مېنىڭ كەسپىم كومپيۇتېر، تەكشىلىكتىكى لايىھە ئىشلىرىنى قىلالايمەن، خەت بېسىش سۈرئېتىم تېز.

كۆرسەتمە بېرىشىڭىزنى، ۋەزىپە-تاپشۇرۇقلار تاپشۇرىشىڭىزنى سەمىملىك بىلەن كۈتىمەن.

(17) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا ، سىز ئۇيغۇر تور دۇنياسىغا يازما يوللىغاندىن بىرى سىزنىڭ يازمىللىرىڭىزنى تولۇق دىگۈدەك ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن ؛يازمىللىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھايات يولىدا مەقسەت نىشانىنى تاپالماي ،قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقان،قەلبى چاڭقىغان تالاي ئۇيغۇر ياشلىرىغا روھىي ئىلھام مەدەت بىرىپ كىلىۋاتىسىز ،رەھمەت سىزگە .ئاللاھ تېنىڭىزنى سالامەت ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن ،'ئائىلىڭىزنى بەخىت سائادەتلىك قىلغاي.

(18) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،بىلىمخۇمار ئاكا،سىزنىڭ مىللىتىمىزنى،'ئانا تۇپراقنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيگىنىڭىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سۇنغان بۇ تىرىشچان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ روھى ھەقىقەتەنمۇ ئۆلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن،بىز ھەممە زىيالىلار سىزدەك ئىتتىپاقلىق،مەسئۇلىيەتچان،تىرىشچان،بارلىقنى كەلگۈسىمىزنىڭ پارلاق بۇلىشى ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان بولساق دىگەن ئۈمىتتىمەن،شۇندىلا بىزنىڭ بۇ روھىيتىمىزدىكى ئۈمۈتسىزلىك،تەشۋىشلىنىشلەر......نىڭ تۈگىشىگە ياردىمى بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن،بىز ياشلاردا بۇ خىل سىزدىكىدەك روھ كەمچىل بوپ قالسا كەلگۈسىمىزدىن= =

(19) بىلىمخۇمار ئاكا، مەن سىزنىڭ مىللەتنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان، سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيىدىغان ، كەلگۈسىنىڭ غىمىنى يەيدىغان،قانداق قىلسام مىللىتىمگە ئازراقمۇ بولسا ياخشىلىق قىلسام دەيدىغان بۇ ھەقىقى ئەرلەرچە غايىڭىزگە،ۋە تىرىشچانلىقىڭىزغا قايىلمەن،بۇ روھ پۈتۈن زىيالىلاردا بولۇشقا تىگىشلىك روھ دى،بىراق بەزىلەر كۈن ئۆتكۈزۈشنىلا،راھەتنىلا ئويلايدۇ،سىز مۇشۇنداقلارغا قوزغاتقۇچ ماياك بولالايسىز،'ئاخىرىدا سىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخىت تىلەيمەن،

(20) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەركىن سىددىق ئاكا !

چەتئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازمىلىرىڭىزغا يىقىندىن دىققەت قىلىپ كىلىۋاتىمەن. چەتئەللەردىكى دوكتۇرلىرىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇش ھەم شۇنىڭدىن ئاكتىپ ئىنىرگىيە ئالغان نەتىجىلىك ياشلىرىمىزنىڭ تىخىمۇ كۆپلەپ چىقىشىنى ئالدىن مەقسەت قىلىنغان بۇ يازمىلىرىڭىز ئاللاھ خالىسا ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكۈسى !

بىزگە دەل مۇشۇنداق ئاكتىپ ئېنېرگىيە مەنبەلىرى كېرەك بىر دەۋىردە ياشاۋاتىمىز. بۇنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ھېس قىلىپ ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىڭلاردىن ھەقىقەتەن بىز بەك سۆيۈندۇق.

يازمىنىڭ باش قىسمىدىكى نەسىھەت خاراكتېرىدىكى قىستۇرمىڭىزغىمۇ كۆپ رەھمەت. ئېتىقاد قاراشتىكى يېمىرىلىش ئۆز نۆۋىتىدە قىممەت قاراشنى ئۆزگەرتىۋەتتىدۇ. دۇنياغا ياخشىلىق يارىتىش نەزىرىدە قاراشنىڭ ئورنىنى پەقەت نەپلا ئىلىشتەك تويماس كۆز بىلەن قاراش ئالىدۇ. بىزگە ئەسلى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدىغان مۇراجەتلەر كۆپەيسە كۆپەيسۇنكى قەتئىي ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك ! چۈنكى ئىنسان ئازغۇن ھەم ئۇنۇتقاق. شۇڭا ئۇ ھەرۋاقىت ئاگاھلاندۇرغۇچىغا مۇھتاج.

ئەجرىڭىز سۇسىز قالمايدۇ ئاللاھ خالىسا، بۇنىڭغا سىز ھەم بىز ئىشىنىمىز ...

(21) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەركىن سىددىق ئاكا !

چەتئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازمىلىرىڭىزغا يىقىندىن دىققەت قىلىپ كىلىۋاتىمەن. چەتئەللەردىكى دوكتۇرلىرىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇش ھەم شۇنىڭدىن ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئالغان نەتىجىلىك ياشلىرىمىزنىڭ تىخىمۇ كۆپلەپ چىقىشىنى ئالدىن مەقسەت قىلىنغان بۇ يازمىلىرىڭىز ئاللاھ خالىسا ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكۈسى !

بىزگە دەل مۇشۇنداق ئاكتىپ ئېنېرگىيە مەنبەلىرى كېرەك بىر دەۋىردە ياشاۋاتىمىز. بۇنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ھېس قىلىپ ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىڭلاردىن ھەقىقەتەن بىز بەك سۆيۈندۇق.

يازمىنىڭ باش قىسمىدىكى نەسىھەت خاراكتېرىدىكى قىستۇرمىڭىزغىمۇ كۆپ رەھمەت. ئېتىقاد قاراشتىكى يېمىرىلىش ئۆز نۆۋىتىدە قىممەت قاراشنى ئۆزگەرتىۋەتتىدۇ. دۇنياغا ياخشىلىق يارىتىش نەزىرىدە قاراشنىڭ ئورنىنى پەقەت نەپلا ئىلىشتەك تويماس كۆز بىلەن قاراش ئالىدۇ. بىزگە ئەسلى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدىغان مۇراجەتلەر كۆپەيسە كۆپەيسۇنكى قەتئىي ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك ! چۈنكى ئىنسان ئازغۇن ھەم ئۇنۇتقاق. شۇڭا ئۇ ھەرۋاقىت ئاگاھلاندۇرغۇچىغا مۇھتاج.

ئەجرىڭىز سۇسىز قالمايدۇ ئاللاھ خالىسا، بۇنىڭغا سىز ھەم بىز ئىشىنىمىز

(22) يىراق ئوكيان قىرغاقلىرىدا، ئۆز قېرىنداشلىرىنى دەپ مۇھەببەت بىلەن يانغان يۈرىكى ۋە توختاۋسىز قىلىۋاتقان خالىس مېھنەتلىرى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئۇستاز ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ۋە ئالىي ھۆرمەت تېگىل بولغاي...

نەۋايى ھەزرەت شۇنداق دەپتىكەن: " ئادەمكى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇ ئۆزىدىن باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ...ھايۋانكى، ئۇنىڭ شەرەپسىزلىكى ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ..."

ئۇيغۇردىكى باشقا نۇرغۇن زىيالىيلار ئۆزىگە زەڭ سېلىش بىلەن بىللە، ئۆز قەۋمى-قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ ئادەمىيلىك قەدىر-قىممىتى، شەرىپى ۋە سۈپىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە جەۋلان قىلدۇرغان مۆھتەرەم ئالىم ئەركىن سىدىق ئەپەندى، تاشپولات روزى ئەپەندى، قەيسەر مىجىت ئەپەندى، تۇرسۇنجان مۇھەممەد بىلگە ئەپەندى ۋە كارۋانبىز گۇرۇپپىسىدىكى باشقا ئەزىمەتلەرگە ئەستايىدىل نەزەر سېلىپ باققاي!

(23) كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەندەك ئەركىن ئاكام دۇنيا سەپىرىدە بىز ئۈچۈن بىر ھاسا بولىۋاتىدۇ· ئەركىن ئاكا، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

(24) بۇ ماقالىنى يازغان كىشى ئەسلى ئەركىن سىدىق ئاكىمىزكەنغۇ.... بىر ئويلىسام ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ،چۈنكى مەن باشلانغۇچنىڭ 5-يىللىقىغا چىققاندا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانتىم، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئاكامنىڭ ۋە ئۇقۇتقۇچىلىرىمنىڭ تېخىمۇ تولۇق دەپ بېرىشى بىلەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئامىرىكىدا ناسا ئالەم بوشلۇقى تەتقىقات مەركىزىدە ىشلەيدىغان ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم ،شۇندىن باشلاپ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈردۈم ،'ئالىي مەكتەپكە كەلگەندە ،‹‹غايىنى رىياللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرى››،‹‹ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى›› قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئۇقۇغاندىن كىيىن بۇ ئاكىمىزنىڭ تەبىي -پەندىلا ئەمەس ،'ئىجتىمائىي -پەنلەر جەھەتتىمۇ ناھايتى ياخشى بىلىمساپاغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ھەسسىلەپ ھۆرمىتىم ئاشتى،ھەتتا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنى مەن ھازىر چوڭ بىر داھىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرىمەن،شۇڭا بىر ئويلىسام مۇشۇ باغداش توردا ماقالىلىرىنى چىقارغاندا راس شۇ كىشىمدۇ يا يالغاندىن بىرەسى چىقىرۋاتامدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن......مەن ھەتتا ھازىرمۇ بىلىمخۇمارنىڭ ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتىمەن. ناۋادا بىلىمخۇمار ئاكىمىز راسلا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بولسا ،مەن سىزنىڭ تىنىگىزنىڭ سالامەت،'ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە سىز مىنىڭ قەلبىمدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھايات كىشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى

(25) ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئۇستاز، مىللەت ئۈچۈن چېكىۋاتقان ھەرقانداق جاپايىڭىزغا نىملا دىسەك ئازلىق قىلىدۇ. لىكىن شۇنى بىلىڭكى ھەرقانداق مۆۋە كۆچىتى بەش ئون يىلدىن كىيىن مىۋىسىنى بەرگەندەك، سىزنىڭ بۇ ئەمگىكىڭىزمۇ يىقىن كەلگۈسدە مىۋىسىنى بىرىدۇ.سىز ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس نى يىزىپ تاماملاپ بولغاندىنكيين دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن غەلبە قازانغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆز قارىشىڭىزنى ئىسپاتلاۋاتىسىز ۋە بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ، ئەقلى جەھەتتە غەرپلىكتىن ھىچ پەرقىمىز يوقلىقىنى ھىس قىلدۇرىۋاتىسىز. ئىنىشىڭكى سىزنىڭ يازمىڭىزدىن نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ دىلى يورىۋاتىدۇ. سىز گە سەخسى نامىمدىن كۆپ رەھمەت. ئاخىرىدا توختى مۇرات ئاكىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋرى مىنى قايغۇغا چۆمدۈردى. مىڭ-مىڭ ئەپسۇس. ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن ئۇستازدىن كىيىن چىققان يەنە بىر پارلاق يۇلتۇز ئىدى، (چاي) نى كۆپ ئىچۈرۈپتىپ ..................بىزنى تاشلاپ كىتىپتۇ.

(26) بىزدە ئۆلىمالار كۆپىنچە مىللەتكە ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر سۇئاللارنى قويۇپ تۇرىۋېلىپ، ئەسلىدىمۇ بىلدۈرۈلمەسلىك ئاسارىتىدە يۈرگەن بىزلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تېڭىرقاشلارغا غەرق قىلدۇ، ئەمما، بىلىمخۇمار ئاكىمىز تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى بىلەن چۈشىنىشلىك ماقالىلەر ئارقىلىق ئارىمىزغا ئۈمىدنىڭ،نىشاننىڭ،'ئەڭ مۇھىمى ئىشەنچىنىڭ ئۇرىقىنى چېچىۋاتىدۇ،بىز ياۋرو- ئاسيانىڭ مەركىزىدە ھەيۋەتلىك تاغلار ئارىسىدا ئىگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋىدا شان-شەرەپتىن خالى ياشاۋاتقان بىر خەلق،مەن خەلقىمنى ئەزەلدىن بىر ئاددى خەلق دەپ ئويلمايمەن،'ئەمما بىز ھەقىقەتەن ئىپتىخار ۋە ئىشەنچكە ئىنتايىن مۇھتاج، رەخمەت،بىلىمخۇمار ئاكا!

بوغداي.

(27) ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا ياخشىمۇسىز! «پەيلاسوپ» توغۇرلۇق تىمىلار راستىنلا كۆپىيىپ قالدى ، مەنمۇ ھەممەتىما ئىنكاسلارنى ئوقۇپ چىقتىم لىكىن ئىنكاس يازمىدىم چۈنكى كىمنىڭ خاتا كىمنىڭ توغۇرلىقنى بىلەلمىم ، سىزنىڭ تىمىڭىزنى كۆرۈپ ھەقىقى توغرا جاۋاپقا ئېرىشكەندەك بولدۇم ، باشقا تورداشلارمۇ چوقۇم شۇنداق ئويلايدۇ . ئەركىن ئاكا بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمىيتىمىزدە سىزدەك توغرا پىكىرلىك ، ئادەمنىڭ دىلىغا چىراق ياقالايدىغان زىيالىدىن قانچىسى باردۇ ؟ كۆپۈنچە كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىقنى نىمە قىلارىنى بىلمەي يۈرۈۋاتىدۇ ، مېنىڭچە بىزنىڭ ئۇيغۇرجەمىيتىمىز سىزدەك بىلىملىك ھەقىقى بىر يول باشلىغۇچىغا مۇھتاج . مەيلى ئەلى قۇربان بولسۇن مەيلى زۇلپىقاربارات مەيلى يالقۇن روزى توغۇرلۇق مۇنازىرىلەردە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندى ، ھېچكىممۇ سىزدەك ئوتتۇرغا چىقىپ توغرا چۈشەندۈرۈش بەرمىدى . مەن بەزى ئويلاپ قالىمەن بىزنىڭ مىللىتىمىزدىكى ئەڭ ئالى زىيالىلار توردىكى ئاشۇ مۇنازىرە قىلغان كىشلەردەك بولىدىغان بولسا بىزنىڭ مىللەتتە ھەقىقى زىيالى يوق دىيەرلىك ئىكەن . مەن بەزى شۇنداق شىرىن خىياللارنى قىلىپ كېتىمەن : سىزنى دىيارىمىزدىكى بارلىق مەكتەپلەردە يەنى باشلانغۇچتىن ئالى مەكتەپكىچە بارلىق مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلەپ بەرسە ، مىللىتىمىز بىلىمگە سىزدەك ئىشتىياق باغلىسا ، زىيالىلار سىياسونلار كەشپىياتچىلار كۆپلەپ چىقسا ، مىللىتىمىز مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتىن تېزراق قۇتۇلا دەپ ئويلاپ كېتىمەن .

(28) ھۆرمەتلىك بىلىم خۇمار ئەپەندى. سىزنى ئۇدۇللا ئەركىن ئاكا دەي. يازمىڭىزنىڭ ئىجابى قىممىتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى يازغان ھەربىر جۈملىڭىزدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. سىزگە مىڭلارچە رەھمەت. مىللى ئاقارتىش يولىدا قانچىلىك جاپا چېكىۋاتقانلىقىڭىزنى ، قانچىلىك بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىڭىزنى ۋە قانچىلىك كۆڭلىڭىزنىڭ ئازار يىگىننى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سىزمۇ خۇددى ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىندەك ،مىللىتىمىزنىڭ پەخرى ۋە غورۇرى. بۇ يازمىغا تۇتقان پوزىتسيەرىڭىزنى 100پىرسەنت قوللايمەن. ئالاھىدە شاراھىتتا ئۆزىمىزنىڭ پايدا مەنپەئەتىنى ياخشى ئويلاشمىساق قانچىلىك چوڭ زىيانلارنىڭ كىلىپ چىقىدىغنى بىرقىسىم كىشلەرگە ئايان. زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ كۆپ پىكىرىنى قوللايمەن. بۇنى مەن باشقا ئىنكاسىمدىمۇ يازغان ئىدىم. لىكىن ئۇنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئىشلەتكەن بەزەن سۆزلىرىنى ئويلىسام بۇ كىشىگە قەتئى ھۆرمىتىم يوق. ئەسلىدىمۇ بۇ (پەيلاسوپ) لۇق مەسلىسى ،زۇلپىقار ئەپەندى چىڭ چاپلىشىۋالغۇدەك ۋە ھەل قىلمىسا بولمىغۇدەك ئۇنچىۋالا جىددى مەسلە ئەمەستى. ئۇ، ئۆز بىلمى بىلەن ھۆرمەتلىك ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىنى يىڭىلاپ تۇرسا، كىمنى تولۇقلىسا ، تۈزۈتۈشكە تىگىشلىك يەرىنى تۈزەتسە تامامەن بولاتتى. بۇنىڭغا زۇۋلپىقار ئەپەندىنىڭ بىلمى تامامەن يىتەتتى. مىڭ ئەپسۇس بۇ ئىشلارنى قىلىدىغانغا زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ كىشلىك پەزىلتى پەقەتلا يەتمىدى. ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى، تارىخى تەتقىقاتلىرى ۋە نۇرغۇن مىراس ئەسەرلىرى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقى ۋە يىتەكلەۋاتقانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. مۇشۇ شاراىتتا ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنى چۈشۈرۈش، ئورنىنى تەۋرىتىش زۇلپىقار ئەپەندىگە نىمىگە ھاجەت بولۇپ قالغىنى ماڭا نامەلۇم. بۇنى پەقەت ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ يەلكىسىگە مىنىپ تەسىر دائىرىسىنى چوڭايتىش دەپ ئويلاش جاۋاب بولىشى مۇمكىن. لىكىن شۇنىسى ئىنىقكى زۇلپىقار ئەپەندى دۈشمەن ئەمەس. دىمەكچى بولغىنىمنى قىسقارتىپ دىسەم ،بىزنىڭ بەزەن داڭلىقلىرىمىز باركى ئۇلار ئاللا قاچان مىللەتنىڭ غورۇرى بولۇپ كەتكەن. خۇددى مەيلى ئەرەپلەر بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلار بولسۇن جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلارغا

بولسۇن مۇھەممەد سەللەللاھۇۋەتسالام پەيغەمبەرلىكتىن باشقا پۈتۈن مۇسۇلمانلار نىڭ غورۇرى بولغىنىدەك، ئۇيغۇر يىقىنقى زاماندىكى غۇرۇرى ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن ۋە سىز، شۇنداقلا سىللەردەك ئاقارتىش يولىدىكى چىپىۋاتقان تۇلپارلار. شۇڭا بۇنداق مەسىلىدە بولۇپمۇ زۇلپىقاردەك زىيالىلار يەڭگىلتەكلىك قىلماسلىقى كىرەك.بولمىسا خەلىق بىلەن زىيالى، زىيالى بىلەن زىيالى، خەلىق بىلەن خەلىق تامامەن بۆلۈنۈپ ماڭىدۇ. دەل سىز ئىيتقاندەك بۇ ئىشلار نىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى بار. پايدا كىمگە؟ زىيان كىمگە؟ مانا مۇشۇنى ئويلاشنىڭ ئۆزىلا بىزگە كۇپايە .بىرئادەمنىڭ كەم يەرنى تۈزۈتۈش ، ئۇنى بىسىپ ،چۈشۈرۈپ يوقىتىۋىتىشتىن مىڭ ئەۋزەل. قىنى زۇلپىقار ئەپەندى بۇ ئىشلاردىن بىر دەرىس چىقىرىپ ئۆزىنى دىيارىمىزغا ماسلاشتۇرۇۋالسا،كىسىپ ئىيتىمەنكى ،'ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك زىيالىسى . ئاخىرىدا سىزگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا. گۈللەن.

(29) دۇنيالىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى توغرا دىنىي ئىتىقاد قارىشى بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرەلىگەن ئىنسان نە قەدەر بەختلىك ھە ! ئۇنداق كىشى ئىغىزىدىن كىبىرلىك ئىپادىلەر،بىھۇدە گەپ سۆزلەر ئاز چىقىدۇ. سىزگە ئوخشاش ئۇيغۇر زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ بىشى بولغان كىشىلىرىمىزدە مۆتىدىل دىنىي ئىتىقاد قارىشى ھەم ئەخلاقى كۈچەيسە ئىنشاللاھ زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئىڭى ئاشقان بولىدۇ. مىللەت تەرەققىياتىدىكى ئاۋانگارتلار ھىسابلانغان زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ھەم ئەخلاق ساپاسى بىر مىللەتنىڭ نىسبىي تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ئامىل.

سىزدىن بەك سۆيۈنىمىز،'ئۇستاز ئەركىن سىددىق ! ئاللاھىم ئىككى دۇنيالىق ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن ! مۇستافاوگۇز .

(30) توشقان ئىبلىسكەنسەن ..مۇسۇلمان بولساڭ قانداق قىلسەن ئۆمۈر بويى ئاداۋەت تۇتۇپ ...

مەن مەيلى كىم ئۇ ئۆزباش بولسۇن ياكى گۈلەن بولسۇن ياكى يالقۇن ھەممىسدە بىلىمخۇمار ئاكىمىزدەك پوزىتسىيە بولسىكەن دەيمەن ...چوڭ ياكى كىچىك ھەممىگە ئۆز بولالايدۇ ..ئورۇنلۇق بولسىلا قۇبۇل قىلىدۇ ..خاتا قىلغىنىنى تۇنۇپ يەتسە ئىككىلەنمەستىن ئۇچۇق ئاشكارا تۈزۈتىدۇ ...خاتا قىلغىنىنى ئىتراپ قىلغىنى تۈپەيلى ئابرويى چۈشۈش تۈگۈل ھەسسىلەپ ئاشىۋاتىدۇ ھەم ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىمىزگە ئايلاندى ....توختىماي يازما يىزىۋاتقىنىغا 20 يىلغا يىقىنلاپ قالغان بۇ مۆھتىرەم ھەم كۆپ زەربىلەرگە ئۇچرىغان بۇلۇپ ھەسەتخورلارنىڭ بايانلىرىمۇ دەسلەپكى يىللىرى بۇ مۆھتىرەمگە قارىتا گۇمانى قاراشلارغا سەۋەب بولغان ....ئەمدىچۇ يەنىلا مۇشۇ بىلىمخۇمار ئاكىمىز ئاشىپ قالدى قەلىب تۆرىمىزدە ....ھامىنى ئاخىرىدا كىشى ھەققىدە سۆزلەيدىغىنى ئۇنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىزدىنىش ئالسوت705.

(31) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، بىلىمخۇمار ئاكا! تېنىڭىز سالامەت، ئۆي ئىچى ئاماندۇر؟ ئاللاھ شۇنداق بولۇشنى نېسىپ ئەتسۇن. بەختىمىزگە، بۇ يىل كىرگەندىن بېرى ناھايىتى كۆپ ۋە سۈپەتلىك ماقالىلارنى يېزىپ تەقدىم قىلىۋاتىسىز. سىز يېزىپ ئېلان قىلىۋاتقان ھەرقانداق ماقالىنى سۆيۈنۈپ، بەزىلىرىنى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ماقالىلىرىڭىزغا چۈشۈۋاتقان ئىنكاسلاردىنمۇ تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىۋاتىمەن. ئاددىي تەپەككۇر ئېگىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان قىسمەن ئىنكاسلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا، سىز ھەم يازمىلىرىڭىز ھەققىدىكى باھالار

**ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولىۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. كەسپى تەبىئىي پەن بولغان سىزدەك بىر ئالىمنىڭ ئۇيغۇرغا ئەڭ كېرەك بولىۋاتقان تېمىلار ئۈستىدە تېنىمسىز ئىزدىنىشى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ مەخسۇس يازمىلارنى تەييارلىشى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر بالىسىنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ. سىزگە ھەرقانداق ئىنكاسلارنىڭ چۈشۈشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز بىز ھەقتىكى ۋە ھەققانىيەت يولىدىكى ئىزدىنىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ئاللاھدىن ئەجىر تىلەيمەن. « ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ماي قايغۇسىدا » دېيىلگىنىدەك، خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھالى - كۈننى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە شەخسىي شۆھرەتنى مىللىي مەنپەئەت ھەم ئىناقلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىۋاتقان پىسخىكىلىق كېسىلى بار قىسمەن بىلىم ئادەملىرىگە سېلىشتۇرغاندا، سىزنىڭ ئۈن- تىنسىز ئىزدىنىشلىرىڭىز ئاجايىپ زور مېھنەت ھەم قۇربان بېرىشتۇر. سىزگە چەكسىز تەشەككۈرلەر بولسۇن!**

**خەۋىرىڭىز بولغىنىدەك، نەچچە ئايلاردىن بېرى يازمىلىرىڭىزنى سۆيۈنۈپ ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئەھۋالىڭىزنى سوراشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. چۈنكى بۇ يەردە تور يوق ھېسابىدا ئىكەن ۋە شەكلەن ئېچىلغان كۈنلەردە بولسا ھەقىقىي مەنادىكى « تور » ئىكەن.....**

**ئاللاھقا شۈكرى، سالامەتمەن. ھەممىمىز سالامەت. كۆپ تەرەپلىمە توسالغۇ، قولايسىزلىقلار تۈپەيلى ئالاقە، ئەھۋاللىششلار توختاپ قالدى. شۇڭا، سالامەتلىكىڭىز ۋە يازمىلىرىڭىز ھەققىدە ئايرىم قاناللار ئارقىلىق تەپسىلىي توختىلىش مۇمكىن بولماي، بۇ يەردە قىسقىلا سۆز قالدۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۈكرىكى، بۇمۇ بىر ئىمكانىيەت. بۇ يەردىكى ئىشلىرىم ئاخىرلاشقاندا تۇرمۇشىڭىز، ئىجادىيەتلىرىڭىز خۇسۇسىدا كەڭ - كۇشادە سىردىشىدىغان پۇرسەتلەر كېلىدۇ، ئالاقە قاناللىرىمۇ تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ، ئىنشائاللاھ. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسرىغايسىز، ئاكا.**

**سىزگە سالامەتلىك، بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەپ قالىمەن. ئىنىڭىز خ.**

**(32) ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز كۆپچىلىك! ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندىم! ياخشىمۇسىزلەر؟**

**ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، سىزنىڭ تور دۇنياسىدا كۆپچىلىككە سۇنغان ماقالىلىرىڭىزنى ئاندا-ساندا ئوقۇپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، شۇنى پەملىيەلەيمەنكى، سىز تور دۇنياسىدا خەلقىمىز ئۈچۈن خالىس ھالدا مەرىپەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز. ئەسىرلەپ سوزۇلغان مائارىپسىزلىق خەلقىمىزدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمسىزلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان ، ئائىلىدىن، يەسلى مائارىپىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ مائارىپىغىچە بولغان پۈتكۈل مائارىپ ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ بىلىمسىزلىكلەرنى تۈگىتەلمەيۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، سىزنىڭ خۇددى ئابدۇقادىر داموللام، تەۋپىق ئەپەندىلەرگە ئوخشاش ئىستىراتىگىيىلىك نەزەر بىلەن، تور دۇنياسىدا مەرىپەت تارقىتىش بىلەن شوغۇللىنىۋاتقىنىڭىز ئىدىيە ۋە پەزىلىتىڭىزدىكى ئۇلۇغۋارلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، نادانلىقى تۈپەيلى كۆلپەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان ئۇيغۇرنىڭ ئاددى بىر ئەزاسى بولغان مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.**

**باغداش، ئاۋاز.**

**(33) مەن پىكرىڭىزنى قوللايمەن ، بەزى كىشىلىرىمىز ئادەتتىكى ئۆزى ئازىراق ئىزدەنسە ياكى ماتېريال كۆرسە ھەل قىلالايدىغان كىچىك ئىشلارنى سوراپ بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ھەربىر ئادەمگە**

**ھەربىر ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىغان ئاقكۆڭۈللۈكدىن پايدىنىلىۋاتىدۇ ، بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ۋاقتى مۇشۇ مۇنبەردىكى ھەرقاندىقىمىزدىن مۇھىم ، چۈنكى بىلىمخۇمار ئاكىمىز ھەربىر سىكۇنت ۋاقتىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدۇ. خىزمىتى ھەرقاندىقىمىزدىن نەچچە ئون ھەسسە ئالدىراش ھەم بىسىم يۇقۇرى ، شۇنداق بولسىمۇ بىلىمخۇمار ئاكىمىز ئەڭ زور چەكتە خەلقىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ . مىنىڭچە تارىخىمىزدا بىلىمخۇمار ئاكىمىزدەك ئۆز خەلقىگە بۇنچىلىك مىھىر-مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان ئادەم ئىنتايىن ئاز .**

**شۇنداق تۇرۇقلۇق بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ مىڭدىن بىرىچىلىك ئىشىنىمۇ قىلمىغان بەزى ماڭقۇرۇتلا نۇمۇس قىلماي بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا قاملاشمىغان ئىنكاسلانى يازىدىكەن .**

**بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بۇلۇشىنى تېنىنىڭ سالامەت بۇلۇشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. ئىزدىنىش**

**(34) مەن بۇنىڭدىن 15~20 يىللار ئىلگىرى ،'ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىممىكىن بەلكىم، ھە .. شۇ چاغدا ئەدەبىيات دەرىسلىكىمىزدە بىر ھىكايە بولىدىغان، دانكونىڭ ، خەلقى چەكسىز كەتكەن قاپقاراڭغۇ ئورمانلىق ئىچىدە يول تاپالماي ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ۋاقتىتا، قەھرىمان دانكو يۈرىگىنى سۇغۇرۇپ ئالغان، دانكونىڭ قان تامچىپ تۇرغان يۈرۈگىدىن شۇنداق نۇر چىققانكى بۇ نۇر پۈتۈن ئەتراپىنى يورۇتقان ، قەھرىمان دانكو خەلقىنى باشلاپ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئاخىرى قۇتۇلدۇرغان ئىكەن . مىنىڭچە بۇ ھىكايىنى ھەممىمىز بىلىمىز . ئەمما مەن مۇشۇ كۆنلەردە مەشھۇر ئالىممىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنى مۇشۇ قەھرىمان دانكوغا بەكمۇ ئوخشىتىپ كىتىمەن ئىچىمدە ، ئالىممىز ھەققەتەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە قەھرىمان دانكونىڭ رېئاللىقتىكى ئەينى.(قىرىنداشلىرىم مىنىڭ بۇ يەردە دىمەكچى بولغىنىم دانكونىڭ دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز جۈمۈڭلا) ئىكەن. مىنىڭ بۇ گەپلىرىم كۆڭلۈمدىكى يۈرەك سۆزلىرىم بولۇپ ،بەلكىم پايدىلىنىش قىممىتى يوقتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يازماسلىقىم كىرەكتۇ بەلكىم ، ئەمما مەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بارلىق ماقاللىرىنىڭ ئاستىدىكى ئىنكاسلارنى كۆرۈپ بەزىلىرىدىن شۇنداق سۆيۈنۈپ كىتىمەن، بەزەن ئىنكاسلا دىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىپ بىزار بوپ كىتىمەن ،ھۆرمەتلىك ئالىممىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا قىلغان بىھۆرمەتلىك قىلىقلىرىغا كىچىچە ئويلۇنۇپ كىتىمەن. بىراق يەنە شۇنداق تەسەللى تاپىمەنكى ، ئەينى ۋاقىتتا دانكومۇ شۇنداق قارىشلىقلاغا ئۇچراپتىكەن ،يەنىلا خەلقىنى باشلاپ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ، يەنى دانكو ئاخىرىدا يەنىلا غەلبە قىپتىكەن ! باغداش، يىللارجاۋابى.**

**(35)...«بۇرۇن جەمئىيەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆگەنگۈچىلەر خۇدا بىلەن روھنى ئۆگىنىدىغانلار بولغان بولسا، يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە جەمئىيەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆگەنگۈچىلەر تەبىي-پەن ۋە دورىگەرچىلىك دوكتورلىرىغا ئۆزگەردى...» سالام بىلىمخۇمار ئەپەندى .دىن بىلەن ئىلىم پەن ،ئىلاھىيەت بىلەن ئەمىلىيەت (ئەھۋالىمىز)،تەرەققىيات بىلەن جەننەت، ئىككىنچى تىرىلىش بىلەن ئۆزلىكىمىز ...ھەققىدە مۇنازىرە، مۇھاكىمە قىلىشىمىز تۇلىمۇ زۆرۈر، دەپ قارايمەن .مانا مەن تۇنجى بۇلۇپ بۇ يازمىڭىزنى سۆيۈنىش ئىچىدە ئەستايىدىل كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن ...سىزنىڭ بۇ تۇلىمۇ سەزگۈر ئەمما زۆرۈر بۇ تىمىنى ئوتتۇرغا تاشلىغىنىڭىزغا سەممىي رەھمەت . سىزگە سالامەتلىك ،ئۇتۇق ،ئەمىنلىك تىلەيمەن .يەنە بۇرۇن سىزگە ئاتاپ بىر شېئىر يازغان**

**ئىدىم . يۇشۇرۇن قالمىغاي يوللاپ قۇياي ...كۇرۇپ باقارسىز**
**هۆرمەتلىك...غا**
**نەچچە باھار كىلىپ گۈللەر ئېچىلدى**
**كۇرۇشەلمەي ئۆتمەكتىمىز بىر قېتىم .**
**سېغىنىشلار ۋولقان بۇلۇپ ئېتىلدى**
**سىردىشالماي ئۆتمەكتىمىز بىرقېتىم**
**ۋۇجۇدىمىز ئىجات بىلەن نۇرلىنار ،**
**ئاھ...ئۇزىمىز بولساقمۇ گەر يىراقتا .**
**ئىمىشقىدۇ يۇرەك قىلدەك تولغۇنار ،**
**كۇلەلمەيمەن بۇ ھاياتتا پىراقتا ،**
**ئامان بۇلۇڭ قەدىرلىك دوست ھەر جايدا**
**ئۇتۇق تىلەي ئەمگىگىڭىز ، ئىجاتقا .**
**مۇڭدىشارمىز نىسىپ بولسا بىر كۇنى**
**باھار كىلىپ گۇل ئېچىلسا ھەرياقتا**
**2005-يىل ماي ئاقسۇ**
**ئىزدىنىش، كوكتۇغ.**

**(36) بىراق مۇنۇ ئابلىمىت ، بىز توراداشلار ياقتۇرغان ھەتتا يىراق ئامىرىكىدىكى ۋەتەنسىراش تۇيغۇسىنى، مۇنبەردىكى ئۇيغۇرچە يىزىقتىكى گۇزەل سوزلەر ۋە يەنە ئۇشبۇ شىرىڭىزدىكىدەك تىرەن پىكىرلەردىن ھوزۇرلىنىپ ، يۇرىكىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان چەكسىز ھىجرانلىق يۇرت سىغىنچىنى پەپىلەپ تۇرغان، سىز موھتەرەم سياقتىكى ، سۇيۇملۇك كىشىمىز بىلمخۇمار ئاكامۇ قايىللىغىنى بىلدۇرۇپ مەدھىيلىگەن بۇ شىرىغا قارىتا خۇددى تام تۇشۇگىدىن ھوشۇتاز يۇگۇرۇپ چىققاندەك تولىمۇ بەدقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇپ ،ئوزى قىلچە خىجىللىق ھىس قىلمايدىغان(قىلچىلىك ھايا تۇيغۇسىمۇ بولمىسا خىجىل بۇلۇشنى قانداق بىلدۇ!) ئەمما بىز بوزقىرداشلارنى ئوزىنىڭ بۇ ناباپ قىلمىشىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغان كوڭۇلسىز بىر خۇلاسىنى پەيدا قىپ قويىدى. ئەھرار، بوزقىر، 2016-1-2**

**(37) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرلەك ئوغلانى ئەركىن سىدىق ئەپەندى سىزگە ئاللا رەخمەت قىلسۇن.سىز ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ھاردىم تالدىم دىمەي،مىللىتىڭىزئۇچۇن يۇرەك قىنىڭىزنى يەنى ئەڭ قىممەتلىك .ئىنىرگىيەڭىزنى سەرىپ قىلىۋاتىسىز .سىزنىڭ ئەقلاقى پەزىلىتىڭىزگىمۇ ئاپىرىن.سىز دۇياۋى ئالىم بولسىڭىزمۇ تەككەبۇرلۇقتىن خالى ھەقىقى پەزىلەتلىك ئالىمدۇر.ئۇلۇق ئاللادىن سىزدەك پەزىلەتلىك ئالىملارنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىن كوپلەپ چىقىشىنى تىلەيمەن.**
**باغداش، كالباھار، 2016-1-7**

**(38) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز . مەن سىزنىڭ يېزىش جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ ، تولىمۇ ھەۋەس قىلىش بىلەن بىرگە ، سىزگە ئوخشاش يېزىپ ، سىزگە ئوخشاش ئىپادىلەپ ، خەلقىمىزگە سىزگە ئوخشاش نەپ بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدىم . ( گەرچە ، ئۇنداق**

ئىقتىدارغا ئىگە بولالمىسامۇ ) . يېزىقچىلىق جەھەتتە سىزنى ئۇستاز تۇتقانلىقىمدىن ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاتاشنىمۇ بىرخىل ھۆرمەتسىزلىك ـ دەپ قارىدىم ، شۇڭا سىزنى پەقەت ۋە پەقەت ئۇستاز ـ دەپ ئاتاشنىلا توغرا تاپتىم ھەم شۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتىمەن . ئىلگىرىكى ماقالىلىرىڭىزغا ئوخشاشلا ، بۇ ماقالىڭىزمۇ مېنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى . ئۇلۇغ ئاللە سۇبھانە ۋەتاالاغا سېغىنىپ ، سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن . ئاللەقا ئامانەت .

بوزقىر، ئوبزور، 2016-1-8

(39) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مۇھتەرەم ئاكا! تېنىڭىز سالامەت، ھەدىمىز ۋە ئىنى-سىڭىللار سالامەتتۇر؟ ئىلاھىم شۇنداق بولىشىنى نېسىپ قىلسۇن.

شۈكرىكى، ئۆزۈممۇ سالامەت. ئۆي ئىچى ۋە سىز بىلىدىغان سۆيۈملۈك كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئان-ئېسەن.

خېلى بولدى سىزدىن ئەھۋال سورىيالماي قالدىم. خەۋرىڭىزدە بولغىنىدەك، مەن ئۆتكەن بىر يىلدا جەنۇپ ناھىيە-شەھەرلىرىنى كېزىپلا يۈردۈم. مۇنتىزىم تورۇش ۋاقتىم ئاز بولدى. يەنە كېلىپ، يېقىنقى ۋاقتىلاردا يۇرتلار ئارا سەپىرىم تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، سىزگە ئەستايىدىللىق بىلەن خەت يازالمىدىم، ئەپۇ قىلارسىز.

ئاللاھقا شۈكرى، مانا بۈگۈن كومپيۇتېر ئالدىدا ئۇزاقراق ئولتۇرۇش نېسىپ بوپتۇ. بىرىنچى ئىشىم ماقالىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۆرۈش بولدى. باشقىلىرىمۇ ياخشىكەنۇ، ماڭا تېخىمۇ قىممەتلىك بىلىنگىنى دىني زىيالىلىق ھەققىدىكى ماقالىڭىز بولدى. بۇ ماقالىنىڭ مېنى قانچىلىك دەرىجىدە زىل-زىلىگە سالغانلىقىنى يوشۇرمايمەن، خۇددى مېنىڭ پايدىلىنىشىم ئۈچۈن يازغاندەكلا خۇش بولدۇم. ساناقسىز كىشلەر قاتارىدا مەنمۇ مۇشۇنداق بىر يازمىغا مۇھتاج ئىدىم. يەنە شۇنداق ئويلاپ قالدىمكى، سىزگە بۇنداق ئىجادىي كۈچ ۋە تەپەككۇر نەدىن كېلىۋاتقاندۇر؟ ئۇيغۇرنىڭ، دىيارىمىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇشنى قايسى ۋاقتىلاردا ئۆگەنگەن بولغىيتتىڭىز؟ ئىچىمدىكى سۆيۈنۈشلىرىمنىڭ بارىنى دەپ بولالمايمەن. بىرلا سۆزۈم: سىزگە تەشەككۇر ۋە ئاپىرىن.

جەنۇپتىكى كېزىشلىرىم مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈزۈل-كېسىل ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ خالىسا، بۇنىڭدىن كېيىن قەرەللىك ئەھۋاللىشىپ تۇرالايمىز.

سىزگە سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، بەخت ۋە تېخىمۇ زور ئىجادىي ھەم تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرى تىلەپ قالىمەن. باغداش، ئۈچۈر، ئىنىڭىز-خ، 2016-1-4

(40) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مۇھتەرەم ئاكا! تېنىڭىز ساق، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتامدۇ؟ ياراتقۇچىمىزدىن شۇنداق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئۆزۈممۇ سالامەت. ھازىرمۇ جەنۇپ دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش بىلەن يۈرىۋاتىمەن.

بۈگۈن تورغا پۈرسەت كەپتىكەن، 2-كىتابىڭىز ھەققىدىكى خەۋرىڭىزنى كۆردۈم. كاتتا ئەمگەك، كارامەت خۇشاللىق خەۋىرى ئىكەن. يېنىڭىزدا بولسام باشقىچە ئۇسۇلدا تەبرىكلەر ئىدىم. شۇ تاپتا باشقا يولۇم يوق، چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ھاياجىنىمدىن تۈزۈلگەن، تالاي جۈملىلەرنى ئۆزىگە سىغدۇرغان بىرلا سۆزۈم بار: سىزنى چىن دىلىمدىن ھەم قېرىنداشلارچە تەبرىكلەيمەن. سىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ

دەيمەن: مۇبارەك بولسۇن!

ئاخىرىدا بېرىدىغان ئىنىلارچە تەكلىپىم: سىز ئۆزىڭىزمۇ قىممەتلىك، ۋاقتىڭىزمۇ قىممەتلىك ئالىممىزسىز. شۇڭا، ئەگەر زۆرۈرلىرىدىن باشقا، بەزى دىققەت ئاغدۇرمىسىمۇ بولىدىغان تۇتىرۇقسىز سوئاللارغا جاۋاب بېرىمەن دەپ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلمىغايسىز. ئۆز تەتقىقاتىڭىزنى ۋە ئۆز يازمىلىرىڭىزنى ئەسلىدىكى پىلانىڭىز بويىچە داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىزگە سالامەتلىك، خۇشاللىق ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىلەر تىلەپ قالىمەن.

(41) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مۆھتەرەم ئاكا!

تېنىڭىز سالامەت، ئۆيدىكىلەر ئامان-ئېسەنمىدۇ؟ ياراتقۇچىمىز شۇنداق بولۇشىنى نېسىپ قىلغاي.

ئۆزۈممۇ سالامەت. سىز بىلىدىغان باشقا دوستلارمۇ سالامەت. ھەرقايسى ناھىيەلەردە " كۆرۈش، ئۆگىنىش " سەپەرلىرى بىلەن تورغا كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، ئەھۋالىڭىزنىمۇ سورىيالمىدىم.

مانا بۈگۈن بىر پۇرسەت چىقىپ، بۇ مۇنبەردىكى كاتتا ماقالىڭىزنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. تۆھپىكارلىرىڭىزنىڭ سىزنى ئەزىزلەپ ۋە بارلىقىنى ئايىماي كۆتكەنلىكىنى، سادداغا كۆڭۈللۈكىنى...تەسۋىرلەپ يازغان قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىغىنىمدا چاناقلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى. يازمىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغىچە يېشىم قۇرىمىدى ۋە ناھايىتى رازىمەنلىك ئىچىدە يازمىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. سىزگە ئەگەر يېقىن ۋە راستچىل ئىنىڭىز سۈپىتىگە دەيمەنكى: قالتىس ماقالە بوپتۇ. مەن بەكمۇ كۆپ نەپ ئالدىم. ئاچقان يەرگە، كېرەكلىك جايغا بارىدىغان بۇ كاتتا يازمىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمەن. ئاللاھدىن سىزگە سالامەتلىك ۋە ئاسايىشلىقلار تىلەيمەن. ئامان بولۇڭ.

(42) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مۆھتەرەم ئاكا! تېنىڭىز سالامەت، ئۆي ئىچى ئاماندۇر؟ ئاللاھ شۇنداق بولۇشنى نېسىپ ئەتسۇن. بۈگۈن توردىن سىزنىڭ بۇ يازمىڭىزنى كۆرۈپ بەكلا سۆيۈندۈم. مەن كۆتكەن، نۇرغۇن كىشىلەر كۈتتۈۋاتقان يازما مۇشۇ ئىدى. ياشلىرىمىزغا مۇشۇنداق يول كۆرسەتكۈچى يازما كېرەك ئىدى. ئۇنى سىز دەل ۋاقتىدا ۋە دەل جايىغا تەككۈزۈپ يېزىپسىز. بۇنى بىزدىكىلەر يازغاندىن، سىزنىڭ يازغىنىڭىز ھەر جەھەتتىن ياخشى. بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ زور بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمەن، تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئەجرىڭىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغسۇن. كىتابىڭىزنى كۆرۈپ تېخىمۇ سۆيۈندۈم. مەن بۇ يەردە تۇرۇپ، سىزنى باشقىچە يوللار بىلەن تەبرىكلەشكە چارىسىز. قىلالايدىغان ئىشىم: مۇشۇ كىتابىڭىز ئۈچۈن سىزنى چىن دىلىمدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەبرىكلەيمەن. يېڭى كىتابىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئاكا! سىزگە سالامەتلىك، خۇشاللىق ۋە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەپ قالىمەن.

(43) قانداق دەيسىز ؟ باشقىسىنىمۇ دىمەي ئامېرىكىدەك ۋاقىت ھەققى ئورنىنى تاپقان ، ۋاقىتنى سىكونتلاپ پىلانلايدىغان بىر يەردە ئۇيغۇر ئۈچۈن ، ياشلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ، ئاتا قىلىنغان نىمىتىنى بىزگە ئاتا قىلىۋاتقان ، بىلىمنى ھىچقانداق ئىقتىسادىي مەپەەتنى كۆزلىمەي بىزلەرگە بۆلدۈرىۋاتقان كىشى ئەينى زاماندا ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆز جىنىنى ، مىلىنى تەقدىم قىلغان ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاتماي ، ئولۇغلىرىمىزغا ئوخشاتماي كىمگە ئوخشىتاي ، پۈتۈن ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولالمىسامۇ ، كىمنىڭ بىز ئۈچۈن جان ئۆكۈيدۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگۈچىلىكىم بار.

**باغداش، 97023، 2016-1-22**

**(44) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىددىق ئاكا ، مەن باغداش مۇنبىرىدىكى 970223 دىگەن تورداش ، ئالىي مەكتەپ تەييارلىق باسقۇچىدا . ئەسلى بۇ خەتنى مۇنبەرگىلا يوللاش ئويۇم بار ئىدى ، لىكىن بەزى تورداشلارنىڭ سىلىگە تىل جەھەتتىن ھوجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئىلخەت يوللاش قارارىغا كەلدىم . بىر كىشىنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇن تۇتقان كىشىنىڭ ئوبرازى دەل ئاشۇ كىشىنىڭ ئوبرازىغا باراۋەر ، قەلبىدىكى ئوبرازغا بىرەر كىشى دەخلى تەرۇز قىلسا خۇددى ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا تەزۇر قىلىنغاندەك بولىدىغانلىقىنى ئەلى مۇئەللىممۇ ئېيتقانىدى .**

**ئويغان دىگەن ئىسمنى يازمىلىرىدا كۆرگىنىمدە ،شۇنداقلا ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى يازمىلىرىدا كۆرگىنىمدە مەن ئويلىغان كىشىنىڭ يازمىلىرىدىكى كىشى بىلەن ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم ، كىسىپ ئېيتسام ئويغاننىڭ بەزى لىكسىيەلىرى (نەچچە مىنوتلۇق) دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تامامەن ناتونۇش ئەمەس، دەپ قارايمەن. ئۇ كىشى ئەلھەمدۇلىللاھ ھەققىدە سۆزلەپ بۇ سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدا ئىككى خىل مەنادا ئىكەنلىكى ، بىرى رەخمەت ئېيتىش ،يەنە بىرى مەدھىيلەش ئىكەنلىكىنى، بۇ سۆزنى ئېيتقان كىشى ھەم رەھمەت ھەم مەدھىيلەشنى بىر يەرگە كەلتۈرىشى كىرەكلىكىنى، شۇ سەۋەبدىن مۇسۇلمان چۈشكىن بولمايدۇ، دەپ ئېيقانلىقى ئىسىمدە. بەلكىم بەزى قىرىنداشلار بۇ كىشى بىلەن تولۇق ئۇچراشالمىغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئىنكاسلارنى قالدۇرغان بولۇشى مومكىن. بۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتكەن يىرىم .**

**ئەمدى ئاساس مەقسەتكە كەلسەم ، مەن ئەركىن سىددىق ئاكام ۋە ئابدۇۋەلى ئايۈپ ئاكامنى ئۆزۈمگە غايىۋانى ئۇستاز تۇتقان ۋە كۆڭلۈمنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن كىشىلىرىم دەپ قارايمەن. نۇرغۇن قەلبداش ،ئاڭداش قىرىنداشلىرىمنىڭ بارلىقىغا ھەم ئىشىنىمەن . بۇگۈن قارىسام سىلى يازغان يازما يوقاپ كىتىپتۇ ، نىمە سەۋەپلىكنى تازا بىلەلمىدىم ، بەلكىم رەنجىپ قالغان بولۇشلىرى مومكىن ، قانداقلا بولمىسۇن ئاكا سىلە بىز ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۈچۈن لازىم ، ھەرگىز پىتنى دەپ چاپاننى ئوتقا سامايدۇ دەپ ئويلايمەن . ئۆزەمچە سىلنى بىزدىن رەنجىپ ، ئىككىنجى بىر نەرسە يازمايمە دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردۈم . لىكىن بۇنداق ئەمەسلىكىگە ھەم ئىشىنىمەن .ئەسلى نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغۇم بار ئىدى ئاكا ، ئۆزلىرى بىلەن پات پات غايىۋانى دىدارلىشاتتىم ، شۇ چاغلاردا شۇنداق جىق گەپلىرىم ھەم بولغان ئىدى ، بەلكىم ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارلىقى بەك يىقىنمۇ ، گەپلىرىممۇ قولاشمايۋاتىدۇ ، تولۇقتا موەللىمىدىن مۇنداق بىر شىرنى ئاڭلىغانىدىم.**

**ئۆلۈپ كەتكەندە ئەسلەشتۈق ئۆلۈغلار چىقتى بىزدىن دەپ ،**<br>
**ھايات چاغدا ئۇلۇغلارنى غاجاشتۇق چىقتى ئىزدىن دەپ .**<br>
**ئامانىسا زاتى پەس سادىر خاڭرۇقنى كىم ئېيتقان ،**<br>
**دىگەن بىز ئۇ تالاقلانسا ، بۇ تۇتقۇن بولسا تىزدىن دەپ .**<br>
**ھالا بۇگۈن ئۇنى مۇنبەر بۇنى گۇمبەزگە مىندۇردۇق ،**<br>
**ھالال ئەجرى بىلەن بىزگە شەرەپ بەرگەن ئىگىزدىن دەپ .**<br>
**غاجاشمايلى ئۇلۇغلارنى ھايات چاغدا دىمەس بولسۇن،**<br>
**يۈرەككە يەتتى تىغ زەخمەت ئۆزۈم سوققان بىگىزدىن دەپ .**

ئۇستازدىن يەنى بىر قېتىم ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن ، ئىنشائاللاھ ياخشى ئوقۇپ ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇيۇم بار.

(45) ئەركىن سىدىق ئاكىمىز پەننىي ئالىم بولسىمۇ لېكىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كىلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن نۇرغۇن ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتى بار ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىپ ،جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناقلىقى ،'ئىتتىپاقچى ئامىمنىڭ ھەق -ناھەقنى ئايرىپ توغرا بىر يولدا مېڭىپ لاياقەتلىك مۇسۇلمان ، ياخشى پۇقرا جۇملىدىن ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇپ قىسقا ھاياتىدا ئاز-تولا نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىدىغان ئىنسان بولىشىغا تۆھپە قوشىۋاتىدۇ .كىشىلىمىزمۇ بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىۋاتىدۇ ،'ئاتىلار ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭدەك ھەممىدە يېتىشكەن پەزىلەتلىك ،مەسئۇلىيەتچان ، ئېتىقادلىق ،'ئىنسانىيەتكە يارامىلىق ئىلىم ئەھلى قىلىپ چىقىشقا بەل باغلاۋاتىدۇ . ئەركىن ئاكىمىزدەك ئاكتىپ ئېنىرگىيە تارقىتىدىغانلارنىڭ ئۆگۈتلىرىگە قۇلاق سالىدىغان ، قەدىرلەيدىغان كىشىلىرىمىز 99.99% تىن كەم چىقمايدۇ . مىسرانىم، بابۇر99، 2016-1-25

(46) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي بۇ تېمىلارنى يېزىپ يوللىشى مەسئۇلىيەتچان بىر زىيالىينىڭ ئىشىدۇر. بۇ ئاكىمىز ماختاش دېگەنلەردىن ئۆتتۈپ كەتكەن، بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىلا ماختىلىپ تىللاردا داستان بولغان، شۇڭا ئۇنى ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۈلگە ئېلىش كېرەك، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. روھىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. مىللىتىمىنىڭ ياش بوغۇنلىرى بۇ ئىنسانلاردىن ئىلھام ئالىسكەن دەپ قىلىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارنى، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى بولار، بۇنچىلىك بولار. مىللىتىمىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ بولسىمۇ تەپەككۇرنى ئاچاي دەپ دىنىي تېمىلاردىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاكا بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەستى دېگۈچىلەرگىمۇ قىلىۋاتقان مۇھىم ئىشلىرى بىلەن دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتتا ئوقۇپ تۇرۇپ ئوڭلاپ ماقالە يازالمايدىغانلارغا ماقالە يېزىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ئۆز تىلىنى جايلاپ ئىشلىتەلمەيدىغانلارغا ئانا تىلىنىڭ ئەقلىيەتكە بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، قىلىدىغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي دەپ جاپا چېكىۋاتىدۇ. بىلىدىغانلار بىلىدۇ، بىلمەيدىغانلار يەنىلا غەپلەتتە ياشاۋېرىدۇ. ئاكىمىز بىزنىڭ تور ئەپكارىمىزدىكى بايلىقىمىز، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاش، يارامىلىق ئادەم بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارغا بىر رەھبەر. بۇنداق بىر يېتەكچى زىيالىينىڭ رولىنى بىزدىكى ئاتالمىش سىياسەتچىلەرمۇ، ھاياجان ئەدەبىياتچىلارمۇ، جان باقارغا ئايلىنىپ كەتكەن موللىلارمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. توغرا يېشىدا ياشاپ كېتىڭ، ئەركىن ئاكا. باغداش، تۇركەر، 2016-1-31

(47) ئۆز ئېلىنىڭ ئۇتىدا كۈيەپ سۈيىدا ئېقىپ كېچە كۈندۈز ئىلمى ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى كەشپىياتلار ھەققىدە ئىزدەنسە يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنى كەلگۈسىگە ئۈمىت بىلەن قارايدىغان ھەم كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ بىلەن بولغان رىشتىسى مۇستەھكەم بىر جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش يولىدا ئۇدا تىرىشىپ كەلگەن ناسالىق ئۇيغۇر ئىنجېنىر ۋە ئاتاغلىق مۇجاھىت ئۇستاز ئەركىن سىدىقنىڭ كىشلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلار توپلىمى تەدبىر شىركىتى تەرىپىدى نەشىر قىلىنغانىدى ،بەشتوغراق ئەپەندىمنىڭ سوغىسى سۈپىتىدە زوق ئېلىپ

ئوقۇۋاتىمەن

.ئەركىن سىدىقنى مۇجاھىت دەپ تەرىپلىشىمدىكى سەۋەپ قۇرئان ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى بولغان ھەدىس مەنبەلىرىمىزدە مۇجاھىت دىگەن ئۇقۇمغا كەلگەن داىئىرىلىك ئېنىقلانما بېرىلگەن بولۇپ ھەققەت يولىدا جېنىنى مال مۈلكىنى ۋە ئەقلي ئېنېرگىيەسىنى تىكىپ قويۇپ كۆرەش قىلىش دەپ تەرىپلەنگەن .

ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئېھتىماللىقى بولغان بىر ئەسىرىمدە قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرسەتمىلىرى بويىچە جىھاتنى ئىزاھلاشقا تىرىشتىم . فېيىسبۇك، تەرجىمە.

(48) ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا رەخمەت سىزگە،سىزنىڭ مىللىتىڭىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ ئەجىرلىرىڭىزدىن ئۈزۈۋق ئىلىپ،سانسىزلىغان يارامىلىق ئوغۇل-قىزلىرىمىز چىقىشىا شەكسىز ئىشىنىمان ۋە تىلەيمەن.ئۇلۇغ ئاللاھ سىزگە رەخمەت قىلغاي. باغداش، كالباھار 11-قەۋەت، 2016-2-12

(49) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا مۇبارەك بولسۇن، تىخىمۇ زور ئۇتۇقلار سىزگە يار بولسۇن.ئالدى بىلەن ئالىملىقى بىلەن ئەمەس بەلكى ئادىمىلىك پەزىلىتى بىلەن كىشى قىممىتى يۈكسەكتۇر،مانا شۇنداق يۈكسەكلىكتە تۇرىۋاتقان خەلقىنىڭ قەلىپ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئالىم ئاكىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىدۇر،بۇنداق كىشىلىرىمىز بىزدە كۆپ ئەمەس،كۆپىيىشىگە ئىشىنىمەن. ئىلىمنىڭ ئىككى ساھەسى بويىچە بىزگە زور ئىلمى ئەمەلى قىممىتى بولغان ئۇزۇۇقلار بىلەن چاڭقىغان قەلىپلىرىمىزنى روھى ئاشقازانلىرىمىزنى ئوزۇۇقلاندۇرۇپ ،پايدىلىق ئىنىرگىيەلەر بىلەن تەمىنلەپ بىزنى ئويغىتىۋاتقان ھەركەتكە كەلتۈرىۋاتقان ،'ئالىم ئاكىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە كۆپتىن -كۆپ تەشەككۈرلەر ئېيتىمىز.قەدەملىرىڭىزدىن گۈللەر ئۈنگىسى.ئۇلۇغ ئاللادىن سىز ۋە ئائىلىڭىزگە ئامانلىق خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

(50) ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا رەخمەت سىزگە،ھارمىغايسىز.سىزنىڭ ئەۋەتىۋاتقان يازمىلىرىڭىز،'ئۆزلەشتۈرىشكە ئۈگىنىشكە تىگىشلىك بولغان ئەڭ موھىم بولىۋاتقان مەزمۇنلاردۇر.مەيلى قانچىلىك ۋاقىت كىتىشتىن قەتئى نەزەر ئۆلكىسىز مانا مۇشۇنداق يىتەكلەش خارەكتىرىدىكى موھىم ئىلمىلەر،مىللىتىمىزگە سىجىل ھالدا بىرىلىپ تۇرىلسا،خەلقىمىز ھامان ھەققى ھەق يولىنى تېپىپ ئالالايدۇ.چۈنكى بۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم تېپىپ ئالاللىغان يەردە ھازىرمۇ ئالالايدۇ.مەسىلە مىللىتىمىز ھازىر بۇرمىلانمىغان ھەقىقى ئىلىمگە مۇھتاج ،شۇڭا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بۇ مەسىلىنى خىلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ۋە مەسئۇلىيىتىنى يوقۇرى دەرىجىدە ئادا قىلىپ كىلىۋاتقان مەسئۇلىيەتچان ئالىمىمىزدۇر.بەلكىم بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتكەنلەر كۆپ بولىشى مۇمكىن لىكىن خەلىق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى .ئادا قىلىۋاتقانلار قانچىلىك؟. پەيلاسوپ مۇھەممەت ئەپغانى مۇنداق دىگەن‹‹...بىزنىڭ پەيغەمبەر ئاخىرقى پەيغەمبەر ئەمدى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ،چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىدى.ئەمما خەلقنى توغرا يولغا يىتەكلەپ مىڭىش ئۈچۈن چوقۇم پەيلاسوپ مۇتەپەككۇر ئالىملار بولمىسا قەتئى بولمايدۇ...››. ‹‹ئويغان›› ۋە ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا ئۇلۇغ ئاللا رەخمەت قىلسۇن.

باغداش، كالباھار 2016-2-19

(51) سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بىلىمخۇمار ئاكىغا بىرىلگەن بۇ باھالار ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى باھالىرىنىڭ قىسمەن بىر قىسمى خالاس. بىز مانا مۇشۇ ئۇستازغا ئوخشاش توختىماي ئىزدىنىدىغان، ناچار ۋە ياخشى بولغان باھالارغا قارىتا سالماقلىق بىلەن پىكىر بىرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمنى توختىماي تولۇقلاپ، ئۆزى ئۈچرىغان ۋە باشقىلار ئۇچۇرغان مەسىلەر ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىدىغان ھارماس - تالماس كىشىلەرگە مۇھتاج.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جاپاكەش ئۇستازلىرىمىز بىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ تىمىللىرىنى ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن، ئۇستازنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى يىپىڭلىق ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى خاتىرلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىزمۇ يوققۇ دەيمەن، مۇھىمى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى مەزمۇنلار ھەربىر ئوقۇرمەنىدە نۇرغۇن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋە ئۆزلىكى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەمچىلىكنى تولۇقلاپ، ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ يەردە مەن بىلىمخۇمار ئۇستازنى ماختىغىنىم ئەمەس، پەقەت ئۇستازنىڭ بىزلەر ئۆلگە قىلىپ ئۆگىنىشكە تىگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ بارلىقنى ھەممىمىزنىڭ ھىس قىلىپ يىتىشى كېرەكلىكىنى، توختىماي تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىمىزنى ۋە كىلەچىكىمىزنى يارىتىشىمىز كېرەكلىكىنى ھىس قىلغىنىم بۇيىچە چىقاردىم.بىزلەردە بىر تۈرلۈك خاتا پىسخىك مەۋجۇت يەنى ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تەمەننا قۇيۇشقا ئامراق، ئەمما بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويىشىمىز بىزنى قايسى يەرگە باشلايدىغانلىقنى ئويلاپ باققانلىرىمىز قانچىلىك.ئەمەلىيەتتە بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش ئەسلىدىنلا خاتا، ئەگەر سىز ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمىسىڭىز ھامان بىر كۈنى رېاللىق تەرىپىدىن مەغلۇب بولىسىز، شۇڭا ھەربىر كىشى چوقۇم تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋە كىلەچىكنى يارىتىش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق، پەقەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، لاي غەزەل ئادەملەر بار، خالاس.شۇڭا، بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توختىماستىن ئىزدىنىدىغان ، تىرىشچان، قەيسەر ئىرادە ۋە روھنى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشگە ئەرزىدۇ. باغداش، ئالخىر616، 2016-2-20

(52) ئۇستاز، ئالىم «بىلىمخۇمار» ئەپەندىنىڭ ، مۇئەييەن ، ئىلىم-پەن ،يۇقۇرى تېخنىلوگىيە، ئېلېكترون-تېننىكىلىرى ۋە ئۇچۇر لىرنى چەكلىمگە ئۇچرىمىغان دائىرە ۋە شارائىتتا ئۆز ئۇسلۇبى بىلەن خەلقىمىزنى تەمىنلىگىنىدەك خالىس ئەمگەكلىرى ،ساخاۋەتلىرى خەلقىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە قوشقان تۆھپىسى. ئالىم خەلقىنىڭ ئالى ھۆرمىتىدە ياشايدۇ. ئۇستاز ،'ئالىم ،"بىلىمخۇمار"ئەپەندىنىڭ ئالى جاناپ روھى بىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. چېتىن، مىسرانىم، 2016-3-3.

(53) بىلىخۇمار ئەپەندىنىڭ تىمىللىرى يوللانمىغاندىن تارتىپ باغداش بىلەن ئىزدىنىشتىن باشقا مۇنبەر دىگەنگە تازا بەك كىرگۈممۇ كەممەيدىغان بولۇپ قالدى ، لىكىن مەن مىسرانىمنىغا تىزىملاتقىلى بەك ئۇزۇن بولدى بولدى بۇ مۇنبەر دەسلىپىدە شۇنداق ياخشى ئىدى مەن ئەينى ۋاقىتتا مەڭگۈ تاش دەپ بىر ئاكىمىزنىڭ تىمىللىرى دىھقىتىمنى تارتىپ شۇنىڭدىن باشلاپ كىرىشكە باشلىغان بىراق نىمە بولدىكىن بەك ئىسىل تىملارنى ئىنكاسلارنى يوللايدىغان بىلىملىك ئاكىللىرىمىز ھەدىللىرىمىز بىر-بىردىن مۇنبەردىن يوق بولۇپ كەتتى ھازىر ھەممە ئىشنىڭ تەس بولۇپ كەتكىننى بىزمۇ بىلىمىز بىراق ئۇنچىۋالا

ئەمەس باغداش،'ئىزدىنىش بوزقىرغا يوللانغان بەزىبىر تىملارنىڭ يېرىمىمۇ يوللانمايدۇ ، لىكىن يەنە بىر نىملەدىن ئۆمۈد كۈتۈپ يەنە كىرىپ قالىمەن. مىسرانىم، كۈلپات، 2016-5-1

(54) ئەركىن سىدىق ئاكىمىز تور مۇنازىرلىرىدە ئاق كۆڭۈللۈكى، ئېسىللىقى، دادىللىقى بىلەن كۆڭۈللەردە ياخشى ئوبراز تىكلىگەن. ئۇ كىشى ماقالىسىغا ئالاقىدار ھەرقانداق سەۋىيدىكى ئادەمنىڭ ھەرقانداق پىكرىگە سەل قارىماي، كەتكۈزسە كەتكۈزدۈم دەيدىغان، توغرا بولسا ئالىمغا خاس ئۆز قارىشىنى ساقلاپ قالىدىغان، ئۇقۇشماسلىق بولغان بولسا ۋاختىدا ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كىينكى مۇناسىۋەتلىك يازمىلىرىدا ئالدىن چىققان چاتاقلارغا ھۆددەس دىقەت بىلەن قەلەم تەۋرىتىدىغان ئېسىل كىشى ئىدى.

گۈلەنىنىڭ بۇ ئاكىمىزنى شىپى كەلتۈرۈپ ھىسداشلىققا ئىرىشمەكچى بولغىنىمۇ مەدەتسىراشتىن باشقا ئىش ئەمەس.

ئەركىن ئاكىمىز گۈلەنىنىڭ ئۇششۇقلىقىغا قاراپ كۆڭلىنى ياساپ ئۇنى پەپىلگەن تەقدىردىمۇ گۈلەن ئۆزى سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلارغا خاتىمە بىرىپ قەلىمىنى پاك تۇتماي ھېسسىي نەرسىلەرنىڭ قۇلى بولۇپ ماڭىۋىرىدىكەن گۈلەن تەنقىتتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

گۈلەن بىلەن چىرايلىق مۇنازىرە تەكلىپى بەرگەن قىرىنداشلار ئويلاپ باقتىمكىن، گۈلەن تىخى يازمىسىنىڭ خاتالىقلىرىغا يىقىن يولىماي تۇرۇپ ئۆزىنى تۆھمەتكە قالدىمغا چىقىرىپ يېتىۋالغان يىرىدىن قوپۇپ باقمىدى. ئەگەر ئۇ ئەركىن ئاكىمىزنىڭ پەزىلىتىدىن ئازراق ئۆگۈنۈپ ئاندىن گەپ ساتمايدىكەن، خۇپسەنلىك قىلىدىكەن مۇشۇنداق لايىقدا مۇئامىلىگە قىلىشتىن قاچالمايدۇ.

ئەسلى مەنبەسى: http://eqide.net

(55) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي بۇ تېملارنى يېزىپ يوللىشى مەسئۇلىيەتچان بىر زىيالىينىڭ ئىشىدۇر. بۇ ئاكىمىز ماختاش دېگەنلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن، بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىلا ماختىلىپ تىللاردا داستان بولغان، شۇڭا ئۇنى ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆلگە ئېلىش كېرەك، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. روھىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. مىللىتىمنىڭ ياش بوغۇنلىرى بۇ ئىنسانلاردىن ئىلھام ئالىسكەن دەپ قىلىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارنى، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى بولار، بۇنچىلىك بولار. مىللىتىمنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ بولسىمۇ تەپەككۇرىنى ئاچاي دەپ دىنىي تېمىلاردىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاكا بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەستى دېگۈچىلەرگىمۇ قىلىۋاتقان مۇھىم ئىشلىرى بىلەن دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتتا ئوقۇپ تۇرۇپ ئوڭلاپ ماقالە يازالمايدىغانلارغا ماقالە يېزىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ئۆز تىلىنى جايلاپ ئىشلىتەلمەيدىغانلارغا ئانا تىلىنىڭ ئەقلىيەتكە بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، قىلىدىغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي دەپ جاپا چېكىۋاتىدۇ. بىلىدىغانلار بىلىدۇ، بىلمەيدىغانلار يەنىلا غەپلەتتە ياشاۋېرىدۇ. ئاكىمىز بىزنىڭ تور ئەپكارىمىزدىكى بايلىقىمىز، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاش، يارامىلىق ئادەم بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارغا بىر رەھبەر. بۇنداق بىر يېتەكچى زىيالىينىڭ رولىنى بىزدىكى ئاتالمىش سىياسەتچىلەرمۇ، ھاياجان ئەدەبىياتچىلارمۇ، جان باقارغا ئايلىنىپ كەتكەن مولللارمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. توغرا يېشىدا ياشاپ كېتىڭ، ئەركىن ئاكا.

باغداش، تۈركەر.

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كرېمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ